ب. گ. غاپوروۋ

# تاجىكلار تارىخى

(1)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# تاجىكلار تارىخى

‹1›

ئاپتورى: ب. گ. غاپۇروپ (سوۋېت ئىتتىپاقى)
تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت
مەسئۇل تەھرىرى: ئىسلامجان شىرىپ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# تاجىكلار تارىخى «1»

ئاپتورى: ب. گ. غاپوروپ (سوۋېت ئىتتىپاقى)
تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت
مەسئۇل تەھرىرى: ئىسلامجان شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇۋەلى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مم 1/32. باسما تاۋىقى: 9.125
1988 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—2450

ISBN7—5373—0088—7/K·6
باھاسى: 0.90 يۈەن

NIEDERS. STAATS-U. UNIV.-BIBLIOTHEK GÖTTINGEN

## تەرجىمە تەھرىرىدىن:

قولىمىزدىكى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى غاپپوروپ (1977 — 1908) سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات يۇرتىنىڭ مۇدىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، ب د ت مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا قاراشلىق خەلقئارا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

كىتابتا، ئوتتۇرا ئاسىيا XIII — XIV ئەسىرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلۇپ كەتكۈچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يۈز بەرگەن زور ھەم ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىدىن بىر قەدەر توغرا بايان قىلىنغان. كىتاب پەقەت تاجىك تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى يورۇتۇشتا زامانىمىزدىكى تارىخنامىلەرنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغانلىقى بىلەن غاپپوروپنى شۇنچە چوڭ مەنسەپلەردىمۇ بەكرەك شۆھرەتكە، تاجىك خەلقىنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر قىلغان. ئوتتۇرا ئاسىيانى ۋە بۇ يەردىكى ئاجايىپ ئۇلۇغ تارىخىي مۆجىزاتلارنى ياراتقۇچى خەلقلەرنىڭ

بىرى بولغان تاجىكلارنى بىلمەكچى بولغان كىشى-
نۇشۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلسا، خېلى قايىل قىلارلىق
تارىخىي بىلىمگە ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي سىرلىرى
يوشۇرۇنۇپ ياتقان بۇ مۇقەددەس ماكان ھەققىدە چوڭ-
قۇر تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ.
كىتابنى بىز رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان خەنزۇچە
نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇق.
رۇسچە - خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنى-
مىزدە، خەنزۇچە نەشىردە خېلى كۆپ جايلار قىس-
قارتىلغان ۋە كىتابنىڭ نامى «تاجىكلار تارىخى» دىن
«ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلىرى تارىخى»غا ئۆزگەرتىلگەن،
بولۇپمۇ رەسىملەر، خەرىتىلەر قىسقارتىلغان. تاجىكچى-
دىن رۇسچىغا، رۇسچىدىن خەنزۇچىغا تەكرار ئاغدۇرۇش
جەريانىدا بەزى يەر - جاي ۋە ئادەم ناملىر-
رى ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇيغۇرچە نەشرىدە بىز كىتاب-
نىڭ نامىنى ئەينەنلەشتۈردۇق، ناملارنى ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە توغرىلاشقا تىرىشتۇق. كىتابخانلار ئوقۇش جەر-
يانىدا ھېس قىلغان قىممەتلىك پىكىرلىرى بولسا ئايىـ-
ماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇندەرىجە

بىرىنچى قىسىم تاجىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى شارائىتىدىكى ۋە ئىپتىدائىي كوممۇنىنىڭ يىمىرىلىش دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى ..............................

I باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى .............................. 1

كونا تاش قوراللار دەۋرى (قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى)، ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگىچە بولغان تۈزۈم، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى .............................. 3

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق .............................. 10

تۇچ قوراللار دەۋرى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق ... 16

II باب ئوتتۇرا ئاسىيا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش مەزگىلىدىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى) ... 32

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى، ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى .............................. 32

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ

ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، مەدەنىيىتى ۋە تۇر-
مۇش ئۇسۇلى ........................................ 51
ئىككىنچى قىسىم تاجىكلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈم
مۇناسىۋىتى راۋاجلانغان دەۋرىدىكى ئەجدادلى-
رى ...........................................................
III باب سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللەنگەن دەۋر-
دىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى (مىلادىدىن
بۇرۇنقى 4 — 7 ـ ئەسىرلەر) ..................... 62
مىلادىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان
ئەڭ دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر... 62
ئاھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرى ........... 70
مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 — 4 ـ ئەسىرلەردە
سوغدى، خارەزىم ۋە باكتىرىيەنىڭ ئىج-
تىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، مەدەنىيىتى
ۋە دىنى ......................................................... 77
IV باب ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ گرېك-
ماكىدون ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈرىشى،
سىپتامىن قوزغىلىڭى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ
ئەسىر) ......................................................... 88
ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ ئاھمانىلار ئىم-
پېرىيىسىنى مۇنقەرز قىلىشى ........................ 88
خەلق ئاممىسىنىڭ گرېك ـ ماكىدون ئىستىلا-
چىلىرىغا قارشى كۈرىشى ............................ 92

مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلدىن 327 - يىلـ
غىچە بولغان سپىتامىن قوزغىلىڭى ........... 96
ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىـ
رىلىشى ۋە ماكېدون ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئاقىـ
ۋىتى ........................................ 106
V باب فارفىيە، گرېك - باكتېرىيە ۋە خارەـ
زىم دۆلەتلىرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 —
2 - ئەسىرلەر)..................................... 110
سەلۋېك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ................................. 110
فارفىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ............... 111
گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە ئۇنىڭ فارفىيە خاندانلىقى بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ........................................ 122
مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 - ئەسىرلەردىكى
گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي
تۈزۈمى ھەم مەدەنىيىتى ........................ 128
خارەزىم دۆلىتى ................................ 137
VI باب بۈيۈك كۇشان خاندانلىقى (مىلادىدىن
بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادى 3 - ئەسىرـ
گىچە) ........................................... 142
تۇخار قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........... 142
بۈيۈك كۇشان خاندانلىقىنىڭ سىياسىي
تارىخى ......................................... 147
بۈيۈك كۇشان خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي،

ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ............................ 151
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى... 155
كۇشان دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ........................ 162
ئوتتۇرا ئاسىيا قۇللۇق تۈزۈمى دەۋرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ............................ 167
ئۈچىنچى قىسىم تاجىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئوداللىق مۇناسىۋەت پەيدا بولۇش دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى ............................
VII باب تاجىكلارنىڭ ئېفتالىتلار دۆلىتى ۋە ساسانىلار دۆلىتىدىكى ئەجدادلىرى (4 — 6 - ئەسىرلەر) ............................ 178
كۇشان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ............................ 178
مازداك ھەرىكىتى ............................ 185
5 — 6 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى ............................ 189
ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە مەدەنىيىتى ............ 195
VIII باب تۈرك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى، سوغدىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى (6 — 7 - ئەسىرلەر) ... 203
غەربىي تۈرك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ شەرقىي

ئىران مىللەتلىرىگە يېقىنلىشىشى ........ 203
6 — 7 - ئەسىرلەردىكى تۇخارىستان ۋە خارە-
زىم ........ 208
سوغدىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ........ 213
ئابرويى ھەرىكىتى ........ 226
IX باب ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەرەب
ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋە مۇغەننا
قوزغىلىڭى (7 — 9 - ئەسىرلەر) ........
ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى ... 228
ئەرەبلەرنىڭ ماۋرا ئۈننەھرى رايونىنى ئىستىلا
قىلىشى ........ 231
خەلىفىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلالى-
شىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ........ 246
خەلىفىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا
ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالى ........ 248
خەلىفىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن
خەلق قوزغىلاڭلىرى ........ 252
ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئومەييە سۇلالى-
سى بىلەن ئابباسىلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەشتىكى رولى ........ 259
سومبات ماگ قوزغىلىڭى ۋە مۇغانىنا ھەرى-
كىتى ........ 269

بىرىنچى قىسىم

# تاجىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى شارائىتىدىكى ۋە ئىپتىدائىي كوممۇنىنىڭ يېمىرىلىش دەۋرىدىكى ئەجدادلىرى

## I باب ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقلىمى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ياشىشىغا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. شىمالدا غەربىي سىبىرىيە يايلاقلىرى ۋە ئورال تاغلىرىنىڭ ئېتەكىدىكى رايونلاردىن جەنۇبتا ھازىرقى ئىران قوملۇقىغىچە، غەربتە تاشقى ۋولگا ھەم تاشقى ئورال يايلاقلىرىدىن شەرقتە ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇقلىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىن ئىنسانلار ئولتۇراقلاشقان ئەڭ قەدىمكى رايونلارنىڭ بىرىدۇر.

ئارخېئولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىپتىدائىي ئاھالىسى ياشىغان كەنتلەردىن ماددىي مەدەنىيەتكە ئائىت

ىر مۇنچە خارابىلارنى ئاپتى ۋە بۇ ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارنى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك نېگىزلىك ئىلمىي قائىدىلەرگە سېلىشتۇرۇپ، بۇ يەردىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى سۈرەتلەپ بەردى.

ستالىن ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى ئۈستىدە مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ئىدى: «ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىدى. بۇ، شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن ئىدى. تاش قوراللار ۋە كېيىن پەيدا بولغان ئوقيالار كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن يەككە ھالدا كۈرەش قىلىشىغا مۇتلەق ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. ئورمانلىقلاردىن مېۋە يىغىش، سۇلاردىن بېلىق تۇتۇش ۋە تۇرار جايلارنى بىنا قىلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئومۇملىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ئىدى، ئۇنداق قىلمىسا ئاچلىقتىن ئۆلەتتى، ياۋايى ھايۋانلار ياكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىناتتى. بىللىلىشىپ ئەمگەك قىلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارمۇ ئومۇمنىڭ مۈلكى ھېسابلىناتتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك دېگەن چۈشەنچىمۇ يوق ئىدى، بىراق، ئەينى ۋاقىتتا ياۋايى ھايۋانلاردىن مۇداپىئەلىنىشتە ئىشلىتىلىدىغان بەزى ئىشلەپچىقىرىش قو-

ۋاللىرى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولاتتى،
چاغلاردا ئېكسپلاتاتسىيە، سىنىپلارمۇ يوق ئىدى.①
ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلىرى
دا ئادەملەر ئاساسەن تاش قوراللاردىن پايدىلانغان
كېيىنكى كۈنلەردە مېتال قوراللارنى ياساشقا باشلى
غان. دەسلەپتە مىس، تۇچ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈ
ئىشلەتكەن. شۇڭا، ئىلىم - پەندە ئادەتتە قورال - يا
راق ياساشقا ئىشلەتكەن ئاساسلىق ماتېرىياللارغا ئاسا
سەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى بىرىنچى، تاش قوراللار
دەۋرى، ئىككىنچى، تۇچ قوراللار دەۋرى، ئۈچىنچى، تۆمۈر
قوراللار دەۋرى دەپ ئايرىلىدۇ.

## كونا تاش قوراللار دەۋرى (قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرى)، ئۇرۇقداشلىق دەۋرى- گىچە بولغان تۈزۈم، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ بارلىققا كېلىشى

يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئىنسانلار ئوتتۇرا
ئاسىيادا ياشاۋاتقاندا، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتى
هازىرقىغا ئوخشىمايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ هاۋا كىلى
ماتىدىكى كۆچمە مۇز دەۋرىدە، جۇملىدىن تاغلاردىن
كۆچكەن مۇزلارنىڭ يېتىپ كېلىش ۋە يوقىلىش (مە

① «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى (بولشېۋىكلار) تارىخىغا دائىر قىسقىچە ئوقۇشلۇق»، خەلق نەشرىياتى، 1953- يىل خەنزۇچە نەشرى 160- بەت تەرجىمە قىلىندى.

لەن، هازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دائىرىسىدىكى فېدىچېنكا مۇزلۇقى① ئەينى چاغلاردا 150 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، هازىرقىدىن بىر ھەسسە چوڭ ئىدى) دەۋرىدە خېلى زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاۋا كىلىماتى ھازىرقىغا قارىغاندا نەمخۇش، بەزى ۋاقىتلاردا تۇزلەڭ رايونلار ھازىرقىدىن ئىللىقراق ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلارنىڭ ھازىرقى بار تۈرلىرىدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتلاردا يەنە ھازىر نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بىر قىسىم تۈرلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇغا ۋە موفلون ئارقارى، تۇزلەڭلىكلەردە ۋاڭقىپ يۈرىدىغان ھايۋاناتلار، ياۋا كاللار، پەرغانە ئويمانلىقىغا يەرلىكلەشكەن ماموت② قاتارلىق ھايۋانلارمۇ بار ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا (تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمى) دىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى تاش قوراللار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ. ئوتتۇرا ئاسىيا كونا تاش قوراللار

① پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىغا، شەرقىي مېرىدىئان 72 گرادۇسىنىڭ شەرقىي، شىمالىي كەڭلىك 39 گرادۇسقا جايلاشقان.

② ماموت، يوغلۇق پىل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، خارتوملۇقلار ئائىلىسىگە تەۋە. چوڭ - كىچىكلىكى ھازىرقى زامان پىلىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تېرىسى قوڭغۇر رەڭدە بولىدۇ. يۇڭلۇق بولۇپ يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدىكى سوغۇق رايونلاردا ياشىغان. — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالـ
لىرىدىن كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرى بىزدىن نۇرغۇن دە
رىجىدە كۆپ، تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي جەنۇب قىسـ
مى، ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سورخاندىرىسكى ۋ
سەمەرقەند ئوبلاستى، تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ لې
نىنئابات ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردىن شۇ دەۋر
دىكى ئىنسانلار ياشىغان كەنتلەرنىڭ خارابىلىرى تې
پىلدى.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنـ
سانلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈزلەڭ ۋە تاغلىق رايونلىـ
رىدا ئولتۇراقلاشقان ئىدى. مەسىلەن، مىلادى 1954-
يىلى پروفېسسور ئا. پ. ئوكلادنىكوپ لېنىنئاباتنىڭ
شەرقى، سىر دەرياسىنىڭ شىمالى، قارا قۇم چۆلىنىڭ
تاكىراخ تۇپرىقىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ
ئوتتۇرا مەزگىللىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى ياكى
ئالدىنقى مەزگىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ تاش
قوراللارنى تاپتى. بۇ يەرلەردىن يەنە كونا تاش قو-
راللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى مەدەنىيەت گۈللەنـ
گەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان تېخىمۇ مۇكەمـ
مەل قوراللار تېپىلدى.

تاغلىق رايونلاردا كىشىلەر ئۆڭكۈرلەردە ئولتۇراقـ
لاشقان ئىدى. 1938- يىلى ئا. پ. ئوكلادنىكوپ بايـ
سۇن تاغ (گىسار تاغ تىزمىلىرىنىڭ بىر تارمىقى)
قا يېقىن تۇرگەن دەرياسىنىڭ تېشىكتاش ئۆڭكۈرىـ
دىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ خارابىلىرىنى، بىر

ئۆڭكۈرلۈك ئاھالىنىڭ سۆڭەكلىرىنى تاپتى. بۇ بولسا نېئاندېرتال① تىپىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سەككىز ياشتىن ئون ياشقىچە بولغان ئۇششاق بالىلارنىڭ باش سۆڭىكى ۋە ئۇستىخانلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردىن سۈنئىي چىقىلغان 2500 نەچچە پارچە تاش ھەم 300 پارچىدىن ئارتۇق قاتتىق ھاك تېشى، زۇمرەت تاش، كۋارتس ۋە سىلانىتى تېشىدىن ياسالغان قوراللار، ھايۋانلارنىڭ پۈتۈن ۋە پارچە سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇ ھايۋانلار ياۋا ئۆچكە ۋە قۇشلارنى ئاساس قىلىدۇ.

تېشىكتاش ئۆڭكۈرى دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتر ئېگىزلىككە جايلاشقان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي ئادەملەر بۇ جايدا ئۇزاق مۇددەت تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

كىيىكلەرنى توپلىشىپ ئوۋلاش بۇ جايدىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىن بۇرۇنقى «ئادەملەر توپى»نىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. تېشىكتاش ئۆڭـ

① نېئاندېرتال — ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن تارىخ ساھەسىگە كىرگۈزۈلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ئادەملەرنىڭ تېپىلمىسىنى ئايرىشتا XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ قوللىنىلدى. مىلادى 1856- يىلى گېرمانىيىنىڭ نېئاندېرتال دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر ئۆڭكۈردىن قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلىرى تېپىلغاندا، ئۇ نېئاندېرتال ئادىمى دەپ ئاتالغان ئىدى. ھازىر نېئاندېرتال ئادىمى دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەڭ مەنادا قەدىمكى ئىنسانلار دەۋرىدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تاشقا ئايلانغان جەسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ — تەرجىمە تەھرىردىن.

كۈرى ئىچىدە ئوچاق ۋە تاش قورال ياسايدىغان جايـ
لار بار.

تېشىلىك تاش ئۆڭكۈردىن تېپىلغان تاش قورالـ
لار ئىككى ئاساسىي تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار: ئۇچى ئۆتـ
كۈر تاشتىن ياسالغان پىچاق ۋە سوقىچاق قىرقىش ـ
يونـاش قـورالـلـىرى بولـۇپ، ئاساسەن كېسـىش،
سانجىشقا ئىشلىتىلىدىغان قوراللار ئىدى (ئۇلارغا ياغاچـ
تىن ساپ بېكىتىپ، ئاتار نەيزە قىلىپ ئىشلەتكىلىمۇ بوـ
لاتتى). بۇ قوراللار بىلەن هايۋانلارنى ئۆلتۈرۈشكە، سوـ
يۇشقا، گۆش توغراشقا بولاتتى. قىرىش ـ يوناش قوـ
راللىرى بىلەن كەسكىلىمۇ بولاتـتى، ئەمـما، ئۇلار يېـ
مەكلىك توپلاش، يېمەكلىك تەييارلاش، هايۋانلارنىڭ
تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە كېسىشكە، سۆگەكتىن
ۋە ياغاچتىن سايمان ياساشقىمۇ ئىشلىتىلگەن ئىدى.
قەدىمكى تاش قوراللار دەۋرىدىكى كۆچمەن ئوۋچىلارـ
نىڭ تۇرمۇش ئالاهىدىلىكىگە ماسلاشقان بۇ ئىككى خىل
قـورالنىـڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانشۇناسلىق
ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر
خىل قورالنى ئەرلەر، يەنە بىر خىل قورالنى ئاياللار
ئىشلەتكەن. بۇ هال ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش
تەقسىماتى پرىنسىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن
هۆكۈمنى ئىسپاتلايدۇ.

د. ن. لېۋ ئامان قوتان ئۆڭكۈرى (سەمەرقەندتىن
40 كىلومېتر يىراقلىقتا) ۋە ئەمىر تۆمۈر ئۆڭكۈرى
(بايسۇن تاغ) قاتارلىق جايلارنى قازغان چاغدىمۇ كىـ

شىنى قىزىقتۇرىدىغان ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن. ئۇ، ئامان قوتان ئۆڭكۈرلىرىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت قوراللار ۋە هايۋان سۆڭەكلىرى (بۇغا، موفلۇن، ئارقار، ئېيىق، كېيىك) قاتارلىقلارنى تاپقان. 1954-يىلى ئۆرە تۆپە شەھەر رايونى ۋە ئىسفارا رايونىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلار تېپىلغان.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ئاستا بولسىمۇ يەنىلا ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان. قورال ياساش تېخنىكىسى قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللەشكەن. قوراللارنىڭ شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولغان. كىشىلەر ئوت ساقلاشنى، ئارقىدىنلا يەنە ئوت ئېلىشنى بىلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. ئىنسانلار دەسلەپتە بەك چوڭ توپ بولۇپ تەشكىللەنمەي كۆچمەنچىلىك قىلغان. بۇنداق ئادەملەر توپى ئورۇقداشلىق تۈزۈمىگىچە بولغان يېمەكلىك توپلاش ۋە توپلىشىپ ئوۋ ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئىپتىدائىي كوممۇنىسى هېسابلىنىدۇ. كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ هايۋانلارنى ئوۋلاش پائالىيەتلىرى چاپسانلىق بىلەن كۈچىيىپ بارغان.

تۈركمەنستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى (كونا تاش قوراللار ۋە

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى مەزگىل)دە ئىپتىدائىي ئادەملەر ياشىغان بىر مۇنچە كەنتلەرنىڭ خارابىلىرى ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن بەزىبىر قوراللار تېپىلدى. 1939- يىلى م. ۋائىۋودىسكى تاپقان سەمەرقەندىنىڭ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە ئائىت خارابىلىرى ئارقىلىق تارىختىن بۇرۇنقى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسلىقى چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، بۇنىڭ ئىچىدە ياۋا ئاتنىڭمۇ بارلىقى ئېنىقلاندى. قورغانتۆپە شەھەر ئەتراپىدىن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە ئائىت قوراللار، تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلاردىن ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ ئىپتىدائىي كەنت خارابىلىرى تېپىلدى.

كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى قورال ياساش تېخنىكىسى كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلغان دەۋر بولۇپ، ئوقيا ۋە ئوقيا ئوقىنى ئىجاد قىلىش شۇ چاغدىكى ئەڭ زور بىر ئىختىرا. زارا ئۇتسىيە (سورخاندەرىيىسى ئوبلاستى) گە جايلاشقان بەزى يارقىن غار رەسىملىرى سەنئەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئىجتىمائىي تۈزۈمدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ ئانا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى پەيدا بولغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئىنسانلارنىڭ ناھايەت مۇ-

قەدىمقى چاغلاردىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مەلۇماتلار يەنە ئىرقچىلار ئوتتۇرىغا چىقارغان «بەزى ئىرقلارنىڭ نەسلى تۆۋەن ئېسىل، بەزى ئىرقلارنىڭ نەسلى ئەزەلدىن ناچار» دېگەندەك سەپسەتىلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ.

## يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى (سۈركەپ تاش قوراللار ياساش دەۋرى)نىڭ ئومۇمىي داۋاملاشقان ۋاقتى ھازىرغىچە ئون مىڭ يىلدىن 15 مىڭ يىل قىلىپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئوخشاشمىغان جايلاردا بۇ ۋاقىت ئارىلىقى دېگەندەك بىردەك ئەمەس.

ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ دەۋردە خېلى كۆپ ئاھالىلەر ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ياشىغان.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوراللار خېلىلا مۇكەممەل بولغان. قوراللارنى ياساش ئۇسۇلى ياخشىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئىلگىرى بىلمەيدىغان سۈركەپ ياساش، تۆشۈك تېشىش ۋە ھەرىدەش قاتارلىق يېڭى ئۇسۇللارمۇ بارلىققا كەلگەن.

ساپال ياساش، بەرنى چاناپ تېرىشتەك ئىپتىدائىي تې-
رىقچىلىق ۋە ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق قاتارلىق يېڭى ئىق-
تىسادىي تارماقلار بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك
ماتېرىياللار ئېنگېلسنىڭ: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۇلۇكچى-
لىك ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن كىتابىدىكى
پىكىرلىرىنى ھەقىقىي ئىسپاتلىدى. يەنى، ئامۇ دەرياسى
ۋە سىر دەرياسى (يۇنان تارىخچىلىرى بۇ دەريالارنى
يەرلىك تۈركلەر تىلىدا ئوغۇز ۋە يەكسات دەرياسى دەپ
ئاتىغان) جىلغىلىرى يىراق قەدىمكى زامانلاردىن باش-
لاپ ھايۋانلار بېقىپ كۆندۈرۈلگەن جايلارنىڭ بىرى
بولۇپ، بۇ جايلاردا ھايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ئارقى-
سىدا چارۋىچىلىق ئىشلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىدا ئۆز رايونلىرى-
نىڭ تەبىئىي مۇھىتى بىلەن ماسلاشقان يېلىقچىلار، ئوۋ-
چىلار، چارۋىچىلار ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلارنىڭ ئول-
تۇراق جايلىرى شەكىللەنگەن. دېھقانچىلىق ئادەم كۆپ-
چى بىلەن سۇغىرىش ھاجەتسىز بولغان جايلاردا تەرەق-
قىي قىلىپ سۇغىرىلمايدىغان خاراكتېرگە ياكى ھازىر
ئېيتىلىدىغان غەيرىي سۇغىرىش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان.
پروفېسسور ئا.پ. ئوكلادنىكوپ تۈركمەنىستاننىڭ
غەربىي جەنۇب قىسمىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرى-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت ئادەملەر ئولتۇراق-
لاشقان بەزى ئۆڭكۈرلەرنى تاپتى. بۇ ئۆڭكۈرلەردىن
يىراق قەدىمكى زامانىدىكى ساپال قاچىلار (قارا ساپال
قاچىلارنىڭ بەزىلىرىدە چىرايلىق نەقىشلەر بار)نى تاپ-

تى. كۆبا تىنگىر دېڭىز دېلتىسىدىن يېڭى تاش قوراللار
دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دېڭىز قۇلۇلە قېپىـ
دىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسايدىغان «زەرگەرلىك دۇكىـ
نى» تېپىلدى. بۇلار شۇۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ
مەخسۇسلاشقانلىقى، شۇنداقلا قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئالـ
ماشتۇرۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئاشۇ
ۋاقىتتا دەريا ئېقىنى بولغان ئۆز بايا ساھىلىدا، شۇنداقلا
بۇلاق ۋە كۆللەر ئەتراپىدا ئىپتىدائىي جامائەنىڭ خاـ
رابىلىرى جايلاشقان. بۇ ئىپتىدائىي جامائەلەر ئوۋچىـ
لىق، بېلىقچىلىق (سۇ قۇشلىرىنى ئوۋلاشمۇ شۇنىڭ
ئىچىدە) بىلەن شۇغۇللانغان. قېزىـش جەريـانىدا زور
مىقداردىكى بېلىق سۆڭىكى يىغىۋېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە
كاستى بېلىقنىڭ سۆڭىكى بار.

خارەزىم رايونى جانباسقارا ئېگىزلىكىنىڭ ئەتراپىـ
دىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار مىلادىدىن 3 — 4
مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى. ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ يەردە
ئولتۇراقلاشقان ئوۋچىلار ۋە بېلىقچىلارنىڭ مەھەللىلىـ
رىدىن كۆپلىگەن بېلىق سۆڭىكى (ئاساسلىقى ئىت بېـ
لىقى، چوڭ باشلىق بېلىق) ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ
سۆڭەك ئۇستىخانلىرى (ئاساسلىقى قاۋان، بۇغا، جور،
تاشپاقا ۋە تۇرلۇك سۇ قۇشلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى) تېـ
پىلىپ، بۇخىلدىكى مەھەللىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسـ
پاتلاپ بەردى.

كىلتىمىنار مەدەنىيىتى① نىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا

---

① كىلتىمىنار مەدەنىيىتى ئاشۇ يەردىن قېزىپ چىقىرىلغان يادىكارلىقـ
لارغا ئاساسەن مەھەللە نامى بىلەن ئاتالغان. — تەھرىردىن.

تۇجۇپىلەپ ياسالغان ئىنچىكە تاش قۇراللار (قىرىش ـ
يونۇش سايمىنى، چاقماق تېشىدىن ياسالغان قىرىش
پىچىقى، يىڭنە ۋە يا ئوقىنىڭ بېشى قاتارلىقلار) شۇنـ
داقلا يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ تېخىنىكا تەرەققىـ
ياتىنى نامايان قىلىدىغان كۆپلىگەن سۆڭەكلەردىن ياسا
سالغان سايمانلاردىن ئىبارەت. بۇ يەردىن يەنە كۆپلىـ
گەن ساپال قاچىلار تېپىلدى، لېكىن، ئۇلارنى ياساشتا
ساپال چاق ئىشلەتمەي، قېلىپ بىلەن قۇيۇش ياكى
گېئومېتىرىك شەكىل سىزىپ زىننەتلەش ئۇسۇلىنى قولـ
لانغان. قازان ـ قومۇچلارنىڭ بەزىلىرىگە چىرايلىق رەڭـ
لىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ يەردىن مارجان ۋە
ئۈزۈك شەكىلدىكى زىننەت بۇيۇملىرىنىمۇ كۆرگىلى
بولىدۇ. بۇ زىننەت بۇيۇملىرى سىرتتىن كەلتۈـ
رۈلگەن دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ قېپى، رەڭلىك تاش پارـ
چىلىرى ۋە قۇشلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان. بۇ يەرـ
دىن يەنە قەدىمكى زامان ئۇرالغۇ جاي خارابىلىرى
تېپىلدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بۇ
سوقىچاق ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە ياغاچ تۈۋرۈك ئىشلىتىلـ
گەن. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قومۇش بىلەن يېپىلغان. ئولـ
تۇراق جاينىڭ ئەتراپىدا قاتار ـ قاتار ئوچاقلار بارە
پۈتكۈل ئۇرۇقداشلىق جامائەسى مۇشۇنداق ئۆيلەردە
ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ ئۆيلەرگە ئۇششاق باللارنى قوـ
شۇپ ھېسابىغاندا 100 دىن 120 گىچە
ئادەم سىغىدۇ. ئولتۇراق جاينىڭ ئوتـ
تۇرىسىدا ئوتنى ئۆچمەيدىغان يومىلاق ئوچاق بولۇپ،

بۇ ئوچاق ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پۈتكۈل شەرقلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىزدۇر.

بۇ دەۋردە، كاپىت تېخىنىڭ ئېتىكىدىكى جايلارغا، قۇملۇقنىڭ بويلىرىغا يەنە باشقىچە بىر خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەھەللىلەر جايلاشقان. مەسىلەن، چاقما داش بېيىك بولسا مۇشۇنىداق مەھەللىنىڭ ئورنىدۇر. ئۇ چاغلاردا بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ھازىرقىدىن نەمخۇش ئىدى. ئەتىياز ۋاقىتلىرىدا كۆپلىگەن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيى بۇ يەرگە يامراپ كېتىپ، سۇ تۇپراققا چوڭقۇر سىڭگەنلىكتىن بۇ يەردە قاھىرىچە دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان. بۇ يەرلەردە ماكانلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن دېھقانلار يەرنى چاناپ تېرىقچىلىق قىلغان ھەمدە چاقماق تېشىدا ياسالغان ئورغاقتا زىرائەتلەرنى ئورۇغان، ئەڭ ئاددىي يارغۇنچاقتا يارما تارتقان، ئۆيلىرىدە ئىت باققان، ئۇلار بەلكىم قويمۇ باققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان ئۆيلەردە ئولتۇرغان. قىزىل نەقىش چۈشۈرۈلگەن بۇيۇملارنى ياسىغان.

بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا (سىر ۋە ئامۇ دەرياسى) ئوتتۇرىسىدىكى جايلارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇغا ۋە ياۋا كىيىكلەرنى ئوۋلىغان ۋە چارۋىلارنى كۆپەيتكەن (قوي ۋە ئۆچكە)، تاجىكىستاننىڭ مەركىزىي رايونلىرى ۋە جەنۇبىي را-

يوللىرى ئىچىدىن (شەھەر تۈز رايونىدىكى چىلچار چەشمە بۇلىقى ئەتراپىدا، مىكاياتئابات رايونى داگا-نا كىيىك ئەتراپى، كىسار ئەتراپى قاتارلىق جايلار) يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ كۆپلىگەن كەنت خارابىلىرى تېپىلدى.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلەر ئەنئەنىۋىلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئىنتايىن كەمچىل. رەڭلىرى يارقىن بولغان زىراۋەت ساپ تېشىغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بىر قىسمى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ. كاسپىي دېڭىز ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىق خارابىسى بىزنى شۇ زامانىدىكى لەرنىڭ ئۆلگەنلەرنى دەپنە قىلىشىدا ئادەت بەزىبىر بەلگىلەر بىلەن تەمىنلىدى. يەنى ئۆلگۈچىگە قىزىل بوياق سېپىلگەن، ھەتتا ئۆلگۈچىلەر كۆپىلىگەن تىزىق مارجانلار بىلەن زىننەتلەنگەن.

ئىلىم - پەن ھازىرغىچە تېخى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىللەت تەركىبىنى، ئالاھىدىلىكىنى مۇكەممەل شەرھلەشكە تولۇق ئاساس يارىتىپ بېرەلمىدى. ئارخېئولو-گىيىلىك تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا قەبىلىلىرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئورال ئەتراپى، سىبىرىيە، شىنجاڭ قارا دېڭىز ساھىلى، شۇنداقلا مىسوپوتامىيە، ئىران ۋە ھىندى ئوكيان بويلىرىدا ياشىغان قەبىلىلەر ئوتتۇر-

سىدا مەدەنىيەت ھەم تارىخىي ئالاقىلار مەۋجۇت بولغان.

## تۆچ قوراللار دەۋرى، ئاتلىق ئۇرۇقداشلىق

ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللىشىپ، تېخنىكا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدى. كىشىلەر ئالدى بىلەن مېتال ئېرىتىش ۋە تەبىئىي مىسنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى، كېيىن مىس رودىسى تاۋلاشنى ئۆگىنىۋالغان.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش (مەسىلەن، ئانا ئو II) ئارقىلىق تېپىلغان نەرسىلەرگە ئاساسەن شۇنى ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا تاش قوراللار دەۋرىدىن مېتال قوراللار دەۋرىگە ئۆتۈش ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا تاش ئىشلىتىشتىن باشقا مىسمۇ ئىشلىتىلگەن، شۇڭا، بۇ دەۋر مىس ۋە تاش قوراللار دەۋرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىس بىلەن قەلەي ياكى قوغۇشۇننى بىرلىكتە ئېرىتىپ ساپ مىستىنمۇ قاتتىق ھەم ئوڭاي ئېرىيدىغان يېڭى مېتال — تۆچ ھاسىل قىلىندى. تۆچ مىلادىدىن 300 يىل بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدە كۆنسايىن ئومۇملاشقان.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىلا ئوخشاشمىغان رايونلاردىكى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە پەرقلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ پەرقلەر مىس ۋە تاش قوراللار دەۋرى بىلەن تۆچ قوراللار دەۋرىدە يەنىمۇ چوڭايدى. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەر-

نىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئوخشاشمىغان رايونلار بويىچە چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تۇچ قوراللار دەۋرىدىكى ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالى (يەتتە سۇ ۋادىسى①، تاشكەنت ئوبلاستى ۋە پەرغانە)دا چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئوۋچىلىق ۋە يەرنى چاناپ تېرىش بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى رايونلاردا يەنە بېلىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلارنىڭ پالتا، پىچاق، قارماق، نەيزە، ئورغاق قاتارلىق ھەر خىل تۇچ قوراللىرى بولغان. ئۇلار بىلەكلىرىگە تۇچ بىلەيزۈك سالغان. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ قازان-قومۇچلىرىنىڭ ئاستى تۈز بولۇپ، كېيىنچە يۇمىلاق قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. قارىغاندا بۇ خىل مەدەنىيەت ئا-

---

① يەتتە سۇ — بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن يەر نامى بولۇپ، بۇ نام ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تىلىدىن ئاتالغان ۋە بۇ يەر ئەزەلدىن شۇ قەۋمىنىڭ ئانا يۇرتى بولۇپ كەلگەن. جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئۇنىڭ شىمالى بالقاش كۆلىگە، شەرقىي جۇڭغار ئالا تاۋ تاغ تىزمىسىغا، جەنۇبى نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا تۇتىشىدۇ. بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان يەتتە دەريانىڭ سۈيى بۇ رايوندىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ يەر شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر - ئوغۇز قەۋملىرىنىڭ دەريانى «سۇ» دەيدىغان ئادىتى بويىچە شۇنداق ئاتالغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ يەر قاراخانىيلارنىڭ شىمالىي ئېلىنىڭ خان تەۋەسىدە بولغان. چاررۇسىيە باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، بۇ نامنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ شىمىلىپ (يەتتە دەريا) دەپ ئاتىدى. ھازىر ئۇنىڭ شىمالىدىكى ياپلاق رايونلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە، جەنۇبىدىكى ئېگىزلىكلەر سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە قارايدۇ. — تەرجىمە تەھرىردىن.

ـدىرونوۋ① ۋە قارا سۆك② دەپ ئاتالغان تۇچ قورال-
لار دەۋرى مەدەنىيىتى (غەربىي سىبىرىيە ۋە قازاقىس-
تانغا تارقالغان)نىڭ رايون خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش
شەكلى بولۇشى مۇمكىن.

پەرغانە ئويمانلىقىنى چۆرىدىگەن تاغلاردا مىس قې-
زىلغان، بۇ يەردە يەنە قوغۇشۇن قېزىلغان بولۇشىمۇ
مۇمكىن. مانا مۇشۇ يەردىن ئەڭ قەدىمكى كان ئېچىش

---

① ئاندرونوۋ دېگەن بۇ يەر ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە كىراسنوي-
يارسكى چېگرا رايونىدىكى ئاچىنسكى دېگەن جايىنىڭ جەنۇبىغا، شەرقىي
مېرىدىئان 90 گرادۇسنىڭ شەرقىي تەرىپى، شىمالىي كەڭلىك 55، 56 گرا-
دۇس ئارىلىقىغا جايلاشقان. 1914 - يىلى بۇ رايوندا رۇسلار ۋە خەنزۇلار
ئەجدادلىرىدىن قۇيتىن پەرقلىنىدىغان تۇچ مەدەنىيىتى بايقالغان. ئوتتۇرا
ئاسىيا ئۆزگىچىلىكى بولغان بۇخىل مەدەنىيەت يېقىن ئەتراپىدىكى يېنىسەي
دەرياسىدىن غەربكە تارقىلىپ جەنۇبىي ئورالغىچە يېتىپ بارغان. مۇشۇ ئار-
خېئولوگىيىلىك كەشپىيات بويىچە رۇس ئالىملىرى بۇ مەدەنىيەتكە «ئاندرونوۋ
مەدەنىيىتى» دەپ نام بەرگەن. —— تەرجىمە تەھرىردىن.

② قارا سۆك مەدەنىيىتى تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرى سىبىرىيىدە يارات-
قان مەدەنىيەتنىڭ بىر تىپى بولۇپ، ئارخېئولوگلار شۇ يەردىكى قارا سۆك
دەرياسىنىڭ نامىدا شۇنداق ئاتىغان. قارا سۆك دەرياسى ھازىرقى سوۋېت
ئىتتىپاقى تەۋەسىدە بولۇپ، سىبىرىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، شەرقىي مېرىدىئا-
نان 77 —— 82 گرادۇس، شىمالىي كەڭلىك 53 —— 55 گرادۇس ئارىلى-
قىغا جايلاشقان. بۇ دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان بىر شەھەر بولۇپ،
بۇ شەھەرمۇ قارا سۆك شەھرى دەپ ئاتىلىدۇ —— تەرجىمە تەھرىردىن.

سايمانلىرى، يەنى تۆشۈكى يوق ئىپتىدائىي تۈز جوتولار بىلەن بۇغا مۈڭگۈزىدىن ياسالغان جوتولار تېپىلدى (تاش ساپ بېكىتىلگەن نۇسخىسى بار). مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئولۇغ قىرغاقنىڭ قايراق قۇم (خوجەند ئەتراپى) رايونلىرىدا ئاھالىلەر زىچ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئون نەچچە ئورۇندىن تۆت تۇراللار دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان كەنت خارابىلىرى تېپىلدى. بۇ خارابىدىكى ئەسلى ئاھالىلەر يەرنى چاناپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ جاينىڭ تۆزىدىن مىس ئېرىتىدىغان پېچىنىڭ ئىزلىرى ۋە پىچاق، بىگىز، ئوقيا قاتارلىق كۆپلىگەن مېتال قوراللار، شۇنداقلا ھەرخىل شەكىلدىكى ساپال قاچىلار تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئاندىرونوۋ مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

مىس دەۋرىدىكى پەرغانە ئويمانلىقىنىڭ چۇستا شەھىرى ئەتراپىدىكى قۇم بېسىپ كەتكەن تۆت تۇراللار دەۋرىگە ئائىت كەنت خارابىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى نەتىجىسىدە (م. ئى. ۋارونتسا رەھبەرلىك قىلغان) شۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، رەڭلىك نەقىشلەنگەن قازان ـ قومۇچ ياسىغانلىقى، رەخت توقۇش ۋە مېتالنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى بىلگەنلىكى، ئەپچىل تاش قوراللارنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى. چۇستا خارابىلىرى چۇستا

بىلەن تۈركمەنىستان تۈچ قوراللار مەدەنىيىتىنىڭ ئالا-
ھىدىلىكىنى نامايان قىلدى.
تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە مەركىزىي رايون-
لىرىدىن ھازىرغا قەدەر تۈچ قوراللار دەۋرىگە مەنسۇپ
خارابىلاردىن ئاز - تولا تېپىلدى. كىشىلەرگە مەلۇمكى،
شۇ چاغدىكى بەدەخشان كۆك ياقۇت قېزىش مەركىزى
بولۇپ، بۇ خىلدىكى ياقۇت غەربتە مىسىرغا، جەنۇبتا
ھىندى ۋادىلىرىغىچە توشۇلغان.
خارەزمدىن (1939 — 1945 - يىللىرى ئارخېئو-
لوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغان) بىرقەدەر بۇرۇنقى
تازاباگىياب دەپ ئاتالغان مەدەنىيەت (تەخمىنەن مىلا-
دىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئوتتۇرىلىرى)
ۋە بىرقەدەر كېيىنكى سويارگان دەپ ئاتالغان مەدەنى-
يەت ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇلار تۈچ قوراللار بىلەن تاش
قوراللار (نەپىس تاش قوراللار) بىرلەشتۈرۈلگەن، چا-
ناپ تېرىقچىلىق قىلىش بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈ-
رۈلگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىر قەدەر كېيىنكى مەزگىل-
گە مەنسۇپ بولغان سويارگان مەدەنىيىتىدىن ساقلىنىپ
قالغان نەرسىلەرگە ئاساسلىنىپ شۇنى مۆلچەرلەش مۇم-
كىنكى، شۇ ۋاقىتلاردا كاپپېت تېغى ئەتراپىدىكى رايون-
لاردىن كەلگەن توپ - توپ كۆچمەنلەر بۇ رايونغا سى-
ڭىپ كىرىپ خارەزىم ئاھالىلىرىنىڭ مىللەت تەركىبىدە
ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ جەنۇبنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن باغلىنىپ (چۈس-
تىنىڭ خارابىلىرىدىكىگە ئوخشاش)، خارەزىمنىڭ ماددىي

مەدەنىيىتىدە خېلىلا زور رول ئوينىشقا باشلىغان. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى، جۈملىدىن ئايال بۇدلارغا چوقۇنۇشقا ئاساسلىنىپ، تازاباگىياپ مەدەنىيىتى مەزگىللىرىدە ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ ئامىللىرى يەنىلا ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە ئىدى، دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. يەنە بىر ئىشمۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ بۇخارا بوستانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى قەبرىنى قازغاندا، بۇنىڭ ئىچىدىكى سايمانلار شەكلىنىڭ جەنۇبىي تۈركمەنىستاندا ئىشلىتىلگەن سايمانلار شەكلىگە يېقىنلىشىدىغانلىقى بايقالدى،

يەنە بىر تەرەپتىن، جەنۇبىي تۈركمەنىستان تۇچ قوراللار دەۋرىنىڭ مېتالچىلىق خام ئەشيا بازىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىككى دەريا ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا تارقالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ئۇ چاغدا پەرغانە ۋە ئوتتۇرا قىزىل قۇمدىن مىس، زىيادىنىكى تاغلىرىدىن قەلەي، پەرغانىدىن قوغۇشۇن قاتارلىقلار قېزىلغانلىقىمۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. بۇ مېتاللار ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگىلا توشۇلۇپ قالماستىن، بەلكى يىراق تۈركمەنىستانغىمۇ توشۇلغان.

جەنۇبىي تۈركمەنىستان تۇچ قوراللار دەۋرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ئەڭ تەپسىلىي بولدى. بۇ يەرنىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش خىزمىتى ئاشخابات ئەتراپىدا جايلاشقان ئانا ئۇدىكى ئىككى قايراقتا ئېلىپ بېرىلغان (ئا. ۋ. كامارۇۋ 1884 – يىلى، پ. پومپېللى تەكشۈرۈش ئەترىتى 1904 – يىلى

ئېلىپ بارغان)، پومپالىلى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ئانائودا كەينى - كەينىدىن تۆت خىل مەدەنىيەت ئالماشقان. ئەڭ بۇرۇنقىسى ئانائو I، ئەڭ كېيىنكىسى ئانائو IV دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كىشىلەر ئۇزاق مۇددەت ئېنىق ئىگىلەپ كېتەلمىدى، پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىقلا جەنۇبىي تۈركمەنىستان مىس ۋە تاش قوراللار دەۋرى بىلەن تۇنج قوراللار دەۋرىنىڭ مۇرەككەپ تارىخى شەرھلەندى.

تۇنج ۋە تاش قوراللار دەۋرىدە (ئانائو I ۋە II مىلادىدىن 3 — 4 مىڭ يىل بۇرۇن مەۋجۇت بولغان) جەنۇبىي تۈركمەنىستاندىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تەرەققىيات، ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. قۇملۇقنىڭ ياقىلىرىدىكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى تاغقا يېقىن رايونلاردىكى يېڭى مەھەللىلەر ئىگىلىگەن. تاغلىق رايونلاردىمۇ مەھەللىلەر شەكىللەنگەن. كۆلچەك سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىش ئاساسىدا دېھقانچىلىق قىلىش ئىشلىرى كۈنسېرى ئىنچىكىلەشكەن (بۇغداي ۋە ئارپا قاتارلىقلار تېرىلغان). كۆپلىگەن ھايۋانلار (كالا، قوي، چوشقا، ئات، ئۆچكە، تۆگە ۋە ئىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چارۋا تۈپى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن) قەدەممۇ قەدەم بېقىپ كۆندۈرۈلگەن. ئوۋچىلىق ئىشلىرىمۇ يېڭى ئىگىلىكلەر بىللە مەۋجۇت بولغان.

كەڭ كۆلەملىك مەھەللىلەر مەيدانغا كەلگەن. كا- ئاھكى ئەتراپىدىكى ياسسى تۆپە بۇنىڭ مىسالىدۇر. خام خىشتىن ئۆي سېلىنغان. بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە بىنا- كارلىق سەنئىتى ئانائو I دەۋرىدىلا يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان. ئۆيلەر تۆت بۇرجەك شەكىلدە بولۇپ، چوگراق ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىر ئېغىز چوڭ ئۆينىڭ ئىچىگە تام بويلاپ ياغاچ تۇۋ- رۇك ئورنىتىلغان. رەڭگى يارقىن تام رەسىملىرى تام يۈزىگە يېپىشتۇرۇلغان. ئۆيلەرنى بىرنەچچە قېتىم رې- مونت قىلىش جەريانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت قېتىم تام رەسىملىرى سىزىلغان. ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قەۋەت تام رەسىمدە كۆپلىگەن ئۈچ بۇرجەك شەكىلدى- كى رەڭلىك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن ھەم گەج ھەيكەل چۈشۈرۈلگەن.

ئەمگەك قوراللىرى ۋە جەڭ قوراللىرى مىس (سا قا- لانغىنى كۆپ ئەمەس) ۋە تاشتىن ياسالغان. تاشتىن شار شەكىللىك توقماق، ئاشلىق ئاقلايدىغان يارغۇنچاق، ئۇششاق - چۈششەك سايمانلار، يا ئوقى، تاش ئاتىدىغان مەنجاناق ۋە زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ياسالغان. بۇ يەردىن يەنە مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىمۇ تېپىلدى. كىچىكرەكلىرى مىستىن ياسالغان جابدۇق ۋە قوراللاردۇر. قولسانائەتتە، تاش قورال ۋە مېتال بۇ- يۇملار ياسالغاندىن باشقا يەنە ماتا توقۇلغان ۋە ساپال قاچىلار ياسالغان. قول بىلەن قاچا - قۇچا ياسالغان. بۇخىل قاچا - قۇچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى

شۇكى، ئۇنىڭغا رەڭلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن. (ئانائۇ II قاچا ـ قۇچىلىرىنىڭ نەقىشلىرى بەش خىل رەڭدە بولۇپ، گېئومېترىيىلىك سىزما رەسىملەردىن باشقا يەنە قۇشلارنىڭ رەسىملىرىمۇ بار.)

تۇچ قوراللار دەۋرى (مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3 ـ مىڭ يىللىقلار ۋە مىلادىيدىن بۇرۇنقى 2 ـ مىڭ يىللىقلار) دىكى ئومۇمىي نام بىلەن ئانائۇ III دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتنىڭ خارابىلىرى تازا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. نۆۋەتتە بۇ خارابىلار ئىچىدىن ئەڭ ئېنىق تەكشۈرۈلگەنلىرى كائاھكى ئەتراپىدىكى چوڭراق مەھەللىلەردىن نامازگاھ تۆپە (ب. ئا. لېتۋىنسكى 1949- يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە قازغان، ب. ئا. كوفتىن 1952- يىلى قازغان) بار. بۇ مەھەللىلەر (ئانائۇI دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن) مەۋجۇت مەزگىلدە پەيدا بولغان مەدەنىيەت قاتلىمى (قەدىمكى زاماندا ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىدىن قېپقالغان ئىزلار، يادىكارلىقلار ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن شەكىللەنگەن توپلانمىلارنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ قېلىنلىقى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي كەسپى بۇرۇنقىلار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى كۆپەيگەن، مىس ۋە تۇچتىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى مەيدانغا كەلگەن. گەرچە يەنىلا ھەرخىل شەكىلدىكى تاشتىن ياسالغان سايمانلار ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك بۇيۇملار ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، مىس، تۇچ بۇيۇملار ئاھالىلەر تۇرمۇشىغا كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرگەن. قا-

رىغاندا، بۇ مەھەللىلەر كۆپلىگەن چوڭ ئولتۇراق ئۆي بۆلەكلىرىدىن تەشكىللەنگەن، ھەربىر ئولتۇراق ئۆيدە بىر چوڭ ئائىلە جامائىتى ئولتۇراقلاشقان بولۇشى مۇمكىن. بىر ئورۇندىكى ئولتۇراق ئۆي بۆلۈكىدىن 27 ئېغىز ئۆي قېزىۋېلىنغان بولۇپ (ئەسلىدىكى ئۆينىڭ ئومۇمىي سانى 50 ئېغىزدىن كەم بولمىسا كېرەك)، بۇ ئۆيلەرنىڭ كارىدورلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان، ئۆيلەر تۆت بۇلۇڭ شەكىلدە ۋە چاسا شەكىلدە ياسالغان بولۇپ، يەنە بەزىلىرىنىڭ شەكلى رەتلىك ئەمەس. ئۆيلەر تۆت بۇرجەكلىك چوڭ خىشتا ياسالغان. خىشلارنى ياپسالاشتۇرىدىغان ئويۇقچىلارمۇ بار. ئۆي ئىچىگە بىرنەچچە خىل ئوچاق ياسالغان، ئىشىك ئۈلگۈچىكىگە تاش بوسۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىشىك مۇشۇ تاش بوسۇغا ئۈستىدە ئېچىلىپ، يېپىلىپ تۇرغان. تام ناھايىتى سىلىق سۇۋالغان. بەزى ئۆيلەرنىڭ تاملىرى قاردەك ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان. ئىگىلىگەن بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ بىر قىسىم ئۆيلەرنىڭ ئەگمە ۋە گۈمبەز① شەكىلدە يېپىلغانلىقىغا

① ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۈستىگە گۈمبەز ۋە دېرىزىلەرگە ئەگمە چىقىرىپ ياسالغان ئىمارەتلەرنىڭ مىللىي مەنسۇپلىقى ئۈستىدە دەۋا قىلغۇچى بەزى تارىخچىلار بۇ خىل ئىمارەتچىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشىدۇ ۋە بۇ خىل ئىمارەتچىلىك ئىجادىيىتىنى ئىسلامىيەتكە ئەگىشىپ ئەرەبىستان ۋە ئىران

ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. بۇلاردىن مىس ۋە تاش قوراللار دەۋرى بىلەن تۇچ قوراللار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىدىكى بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەن. مىس يىڭنە ۋە مىس تامغا ئىشلەپچىقىرىشتىن تارتىپ، پىچاق قاتارلىق ھەرخىل بۇيۇملارنى قۇيىدىغان مىسكەرلىك دۇكانلىرى بارلىققا كەلگەن. تاشتىن ئەمگەك سايمانلىرىنى ۋە جەڭ قوراللىرىنى ياسىغاندىن باشقا يەنە ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى، شۇنداقلا سۈركەش ئارقىلىق چىرايلىق قاچا - قۇچىلارمۇ ياسالغان. كۇلالچى ئۇستىلار ئاللىقاچان ئالاھىدە ھۈنەر -

تەرەپلەردىن كەلگەن دېيىشىدۇ. بۇنداق دەۋانىڭ ئاساسى يوق، تارىخ ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا، كاسپىي دېڭىزى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە، ئىچكى موڭغۇل ۋە تاشقى موڭغۇلىيە، ئورخۇن دەريا بويلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە تىيانشان تاغلىرىنىڭ ئىككى تەرىپى، پامىر، كۇئېنلۇن، تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئوغۇز (ئۇيغۇر)، قىرغىز، قىپچاق، قارلۇق قاتارلىق مىللەتلەر ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق- يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار تۇرمۇش ئېھتىياجى بويىچە يايلاقلارغا كۆچكەندە يۆتكەپ يۈرۈشكە ۋە قار - يامغۇردىن ساقلىنىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن چېدىر ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. ئۇلار ئوتتۇرىسىغا ئېگىز تۈۋرۈك قويۇلغان، ئەتراپى تۆت بۇرجەك، ئالتە بۇرجەك، يەتتە بۇرجەك ئۆيلەرنى ياساپ، ئۈستىنى ئوت - چۆپ ياكى كىگىز بىلەن ئوراپ، ئەتراپىنى ئارغامچىدا تارتىپ قوزۇقلارغا باغلاپ قوياتتى. بۇنداق گۈمبەزلەرنىڭ ئۈستى كۆن-

تېخنىكا ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ساپال پەنجىرە ئىچىدە ھەرخىل شەكىلدىكى ۋە ئوخشاشمىغان ھەجىمدىكى قاچا - قۇچىلارنى، ئەڭ كىچىك ئىگۈردىق ۋە ھاراق رۇمكىسىدىن تارتىپ چوڭ ساپال كوزىغىچە بولغان بۇيۇملارنى ياسىغان؛ نەپىس، كۆركەم، نېپىز ياسالغان قاچا - قۇچىلارنىڭ ئۈستىگە گۈزەل رەڭلىك رەسىم سىزىلغان. توقۇمىچىلىق ھۈنىرىمۇ كەڭ تەرەققىي قىلغان.

نامازگاھ تۆپە ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيولوگىيىسى ھەققىدە قاچا - قومۇچ نەقىشلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بىلىملەرگە ئىگە بولۇش مۇمكىن. قاچا - قومۇچ ئۈستىگە گېئومېترىيىلىك سىزىقچىلاردىن باشقا يەنە يىلان، قۇش ۋە تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئىككى تۈپ دەرەخ ئارىسىدا تۇرغان تاغ تېكىسىنىڭ سۈرىتى ناھايىتى ياخشى بىر

لۇق شەكىلدە كۆرۈنەتتى. ئۇلار شۇ زاماندا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئاچۇن ئۆي ئۈستىدىكى قۇببىلەرنىڭ چوققىسىغا كۈن، يۇلتۇز ۋە يېرىم ئاي شەكلىدىكى بەلگىلەرنى ياساپ قوياتتى ياكى بۆرە، يولۋاسلارنىڭ بېشىنى ئېسىپ قوياتتى. ئادەملەر ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مۇسىبەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يەرلىككە قويۇپ، قەبرە ئۈستىگە ئۆلگۈچىنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىگە ئوخشىتىپ گۈمبەز ياساپ قوياتتى. بۇنداق ئىش ۋە ئادەتلەر ھېلىمۇ شىنجاڭ، ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىلەردە ساقلانماقتا. ئۇيغۇر، قىرغىز، قازاق خەلقى ئولتۇراقلىشىپ، يېرىم چارۋىچىلىق - يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا، مەھەللە ۋە شەھەرلەرنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن

رېئالىزملىق سۈرەت، يەنە ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغان ھەم تېخىمۇ رېئالىزملىق تۈس ئالغان ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سېغىز لايدىن ياسالغان كىچىك ھەيكەللىرى تېپىلدى. بەزى رەسىملەردە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قالدۇقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىپادىلەنگەن. ئولتۇراق ئۆيلەرگە چاپلانغان سېغىز لاي مودېل ۋە كىچىك ئات هارۋىسى مودېلىنىڭ سېغىز لاي چاقىنى نەزىر - چىراق بۇيۇملىرى تۈرىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۆي تېمىنىڭ ئەتراپى ۋە ئاستىدىن ئادەملەر دەپنە قىلىنغان جاي تېپىلغان.

---

بولسىمۇ، ئەمما قەبرىستانلىقلار، مازارلار ھەم دىنىي ئورۇنلاردا قەدىمكى ئىمارەتچىلىك شەكلى ئۆزگەرمىدى. قاراخانىلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرق ۋە غەربىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋردە، چوڭ مەدرىس، جامە - مەسچىت، چوڭ مازار، ئوردا - سارايلارنىڭ دەرۋازىلىرى ئۈستىگە ھەيۋەتلىك گۈمبەز، قۇببىسىلەرنى ياساش ھەم ئىككى تەرىپىگە مۇنار قوپۇرۇش تەرەققىي قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ بىناكارلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۈگۈنكى بەزى قۇرۇلۇشلاردا ياسالغان گۈمبەز، قۇببە، مۇنار، ئۈچ بۇرجەك ۋە يېرىم دائىرە شەكىللىرىكى ئىشىك، دەرۋازا، ئويما تۈۋرۈك، ھەر خىل نەقىشلەرنىڭ ئاشۇ قەدىمكى ئەللەتلەرنىڭ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئەللىي ھەۋەسلىرىگە مۇۋاپىق تەدرىجى شەكىللىنىپ چىققانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولۇپلا قالماستىن، ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى هاراق - سىنچىلەرنىڭ ئاستىنا ۋە بەزى ئىمارەتلەرنىڭ بالا باشلىرىنىڭ ئاستىغا ھەرە چىشى شەكلىدە چىقىرىلىۋاتقان نەقىشلەرنىڭمۇ ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن تاغلىقلارنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز - پەس قىرلارغا سىمۇل قىلىنغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ —— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

تۇچ قوراللار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىـ
دا مانا بۇ نامازگاھ تۆپە خارابىسى بارلىققا كەلگەن
ھەمدە كاپىت تىپىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان باشقا خاـ
رابىلاردىمۇ مۇشۇ خىل مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن.
تۈركمەنىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى مىسىـ
ران تۈزلەڭلىكىدە تۇچ قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى
باسقۇچلىرىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان. ئۇ
ئانائۇ تىپىدىكى مەدەنىيەتكە ئوخشاشمايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقى
ئارخېئولوگلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىسى ئوتتۇرا ئاسىـ
يا (بولۇپمۇ جەنۇبىي قىسمى) قەبىلىلىرىنىڭ مىس ۋە
تاش قوراللار دەۋرى بىلەن تۇچ قوراللار دەۋرىدىكى
ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قانداق
يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك شەرھـ
لەپ بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى كۆپ تەرەپـ
لەردىن ئىراق قەدىمكى زاماندىكى مىسىر، مىسوپوتاـ
مىيە، شۇنداقلا قەدىمكى شەرقنىڭ باشقا مەركەزلىرى بىلەن
تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى،
ناھايىتى ئىراق قەدىمكى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنـ
يانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆسۈش (جۇملىدىن
دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ مۇستەھكەملىـ
نىشى) ئاساسىدا، يەر جامائە ـ قەبىلىلەر مۈلۈكچىلىكى
قىلىنغان دائىرىدە چارۋىچىلىققا بولغان ئائىلىۋى ئىگـ
دارچىلىق تۈزۈمى ۋە يەرلەرنى ئائىلىلەر ئىشلىتىش

مەيدانغا كېلىپ، ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمى ئاتىلىق ھوقۇق تۈزۈمگە ئۆتۈشكە باشلىغان. لېكىن، مۇشۇ باسقۇچتا كىشى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمىگەن. بىر نەچچە ئۇرۇقداشلىقنى بىرلەشتۈرگەن قەبىلىلەر ئىچىدە، شۇنداقلا بۇرۇنراق قۇرۇلغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە، دېموكراتىيە تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. قەبىلىلەر ئوۋ ئوۋلاش ۋە بېلىق تۇتۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان زېمىنلارنى ئورتاق ئىشلەتكەن. پەقەت تۈچ قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا مال - مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشتىكى باراۋەرسىزلىك پەيدا بولغان. بۇنداق باراۋەرسىزلىك ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى پەيدا قىلغان.

ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆز قەبىلە تىلى بولغان. «ئۇ چاغدىكى تىل مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. ئاساسىي سۆز ئاتالغۇلار ناھايىتى كەم ئىدى، لېكىن ئۇ گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە ئىدى. بۇنداق قۇرۇلما ناھايىتى ئىپتىدائىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش ھېسابلىناتتى.»①

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇشۇ مەزگىللەردە پەيدا بولغان. سوۋېت ئىتتىپا-

---

① ئى. ۋ. ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» 1954 - يىل، دۆلەت نەشرىياتى نەشرى، رۇسچە 26 - بەت.

قىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ئالاقىسى يىـ
راق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.
ھۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ مىللەت
تەركىبىگە قارىتا توغرا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. لېكىن،
كۆپلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار غەربىي ئىسكىف
قەبىلىلىرىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، گېسارنىڭ
قەدىمكى قەبرىستانلىقلىرىدىكى خارابىلاردىن تېپىلغان ئۈچ
قوراللار دەۋرىگە ئائىت باش سۆڭەكلەر (1947—1948-
يىللىرى قېزىۋېلىنغان)نىڭ تۈرى بويىچە قارىغاندا،
پامىر ۋە يەتتە سۇدىكى ئىسكىفلەرنىڭ باش سۆڭىكى
بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ كېيىنكى مەزگىللەر-
دىكى جەنۇبىي قىسىم كىچىك قايراق مەدەنىيەت قاتلى-
مىدىكى، يەنى مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇنقى ئانا ئۇ IV
دەپ ئاتىلىدىغان مەدەنىيەت قاتلىمىدىن (بۇنى ئىك-
كىنچى بابتا تەپسىلىي بايان قىلىمىز) شەرقىي ياۋروپا
ئىسكىفلىرىدىن قالغان يادىكارلىقلارغا ئىنتايىن ئوخشايدىغان
بۇيۇملار (تۆچتىن ياسالغان ئۈچ قىرلىق، ئىرىش قاناتـ
لىق يا ئوقى) تېپىلدى. بۇلارنىڭ تېپىلىشىمۇ يۇقىرىقى
پەرەزنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىق. مىلادىدىن 1000 يىل
بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ تالىبارزۇ (سەمەرقەند ئەترا-
پى) قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى مە-
دەنىيەت قاتلىمىدىن ئىسكىف جىنسلىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە
ساپالدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى تېپىلدى. ئاخىرىدا

قەنقىقاتچىلار ئىسكىفلەر تىلى بىلەن تاجىك تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكى ۋە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈشى تەرەپ لىرىدە ئورتاق ئامىللار بارلىقىنى بايقىدى. بۇلارمىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلاردىن تارتىپ 1 - مىڭ يىللىقلار دەۋرلىرىگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاش- قان قەبىلىلەردۇر. ئىسكىفلەرنىڭ قەبىلىلىرىنى تاجىك ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا ھازىرقى زامان مىللەتلى- رىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى دەپ پەرەز قىلىشقا بو- لىدۇ.

تاش قوراللار دەۋرىگە ئوخشاش، بىز تۈچ قورال- لار دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەبىلىلەر مەدەنى- يىتى بىلەن سىبىرىيىنىڭ غەربىي قىسمى، ۋولگىسا دەريا ۋادىسى ۋە ئىران قەدىمكى زامان ئاھالىلەر مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگىچە ئىزدىنەلەيمىز.

## II باب ئوتتۇرا ئاسىيا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش مەزگىلىدىكى شەرقىي ئىران قەبىلىرى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى)

### ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران قەبىلىرىنىڭ جايلىشىشى، ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تىلشۇناسلىققا ئائىت

ماتېرىياللار ۋە قەدىمكى يېزىقلارغا ئائىت ماتېرىياللار (بىر قەدەر كېيىنكى مەزگىللەرگە مەنسۇپ بولغان) بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلار بىلەن 1 - مىڭ يىللىقلار كىرەلىشىۋاتقان چاغلاردىكى ھەم 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ھايات مەنزىرىسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ دەسلەپىدە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار تۆمۈر رودىسىدىن تۆمۈر تاۋلاشنى بىلگەن. ئېنگېلس تۆمۈرنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «تۆمۈر ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، تارىختا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان تۈرلۈك ماتېرىياللار ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان بىر تۈرلۈك ماتېرىيال بولدى. ئەڭ ئاخىرقى دېگىنىمىز تۇچىنىڭ پەيدا بولۇشىغىچە بولغان جەرياننى كۆرسىتىدۇ. تۆمۈر تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە دېھقانچىلىق تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بىپايان ئورمان رايونلىرىنى ئېچىشقا ئىمكانىيەت بەردى؛ قول سانائەتچى ئىشچىلارغا پۇختا ۋە ئۆتكۈر بولغان تاش ياكى ئەينى چاغدا بىلىنگەن، باشقا مېتاللار ئورنىنى ئالالمايدىغان قورالنى بەردى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پەيدىنپەي رىشاللىققا ئايلاندى؛ ئەڭ دەسلەپكى تۆمۈر «ھەرقاچان

ئۆچتىن يۇمشاقراق ئىدى»①.

تۆچ تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئىنسانلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاش جەريانىنى ئىگىلىۋېلىشىغا پايدىلىق بولدى. تۆمۈر تاۋلاش ساپ رودىنى بىۋاسىتە ئوچاقتا سېلىپ ئېرىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىغان. ئوچاقنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1300 — 1400 گرادۇستا يەتكەن. مەسىلەن، م. س. ئالدىن يىۋۋانچە دەريا جىلغىسىدىن مۇشۇنداق ئوچاقنى تاپتى.

ئىپتىدائىي ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزى بىلمەيدىغان تاش پارچىلىرى، يەنى رودىنى قاتتىق، ئېپىز ماتېرىياللارغا ئايلاندۇرۇش سىرلىق ھەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى. بۇ مىتال تاۋلىغۇچىلار، يەنى تۆمۈرچى ئۇستىلارغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ، ئۇلاردىن ئەيمىنىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇشۇنداق ئەھۋال كۆپلىگەن مىللەتلەر ئارىسىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە مەۋجۇت بولغان. مەسىلەن، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ بەزى رايونلىرىدا تۆمۈرچى ئۇستىلار ئەڭ ھۆرمەتلىك ئادەملەر دەپ قارالغان، ئۇلارنىڭ دۇكانلىرى مۇقەددەس جاي دەپ ھۆرمەتلەنگەن. كىشىلەر تۆمۈرچى ئۇستىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرگەن. ھەر قېتىم ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن كۆپچىلىك تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدا

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 4 - توم، 1972 - يىل، خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 157 - بەت.
— تەرجىمە تەھرىردىن.

ئەزىر - چىراق ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەن
بەزىبىر ئېتىقادلاردا تۆمۈرچى ئۇستىلار ئالۋاستىلارنىڭ
ۋەكىلى دەپ قارىلىپ، تۆمۈر ئىشلىتىشنى راۋا كۆرمە
گەن. بۇ، ئىنسانلارنىڭ مېتالدىن ۋەھىمە چېكىشىنىڭ
ئىنكاسىدۇر. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۆمۈر
نىڭ ئىنسانلار تۇرمۇشى ئىچىگە كىرىشتىكى سۇرئىتى
ۋە دەرىجىسى ھەرقايسى رايونلاردا بىردەك بولمىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ
دەسلىپىدە خارەزمىنىڭ سۇيارگان مەدەنىيىتىنىڭ ئور
نىنى ئېگىلىدىن مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى تۆمۈر قو
راللار دەۋرىدىكى ئامىرابات مەدەنىيىتى (مىلادىدىن
بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرى
مىدا) ئىگىلىگەن. بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ساپال بۇيۇم
لىرىنىڭ تېگى تەكشى، قارا بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ گىر
ۋەكلىرى مۇرەككەپ نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ
خىل ساپال بۇيۇملار ئالدىنقى كاۋكازنىڭ شىمالىدىكى
ئىسكىفلەرنىڭ قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىكى ساپال
بۇيۇملارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۆيلەر سېغىز توپا
لېيىدا قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ،
ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر
كېلىدۇ. بۇ ئۆيلەر ئىككى رەت پاراللېل كارىدورلۇق
ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان. مۇشۇ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمى
لارغا ئاساسەن بۇ يەردە ئەر - خوتۇنلۇق ئائىلىلەر شە
كىللىنىپ بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئائىلىلەر
يەنىلا بىر ئۇرۇق ئىچىدىكى باشقا ئائىلىلەر بىلەن بىللە

ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ ئايرىم ئۆچىنـ
قى بولغان، دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا يەنىلا سۇ ئىنـ
شائاتلىرى ئارقىلىق سۇغىرىش روشەن ھالدا يولغا
قويۇلمىغان. دەريا ئېقىنى تاشقىن بولۇپ تۇرىدىغان
رايونلاردا قاھىرەچە دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان.
ئانادولۇدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا،
مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ
ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ بولغان جەنۇبىي قىسىم كىـ
چىك ئېدىرلار مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىـ
دىن تۆمۈر قوراللار، مەسلەن، ئورغاق، پىچاق قاتارلىقـ
لار تېپىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلار ئاخىـ
رىدىن 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ دەسلەپكىچە مىسـ
ران تۈزلەڭلىكىدە نۇرغۇنلىغان دېھقانچىلىق مەھەللىلىرى
مەۋجۇت بولۇپ، بۇ دېھقانلار يەنە چارۋىچىلىق بىلەنـ
مۇ شۇغۇللانغان. تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئاساسىي شەكـ
لى: تاملىرى خام خىشتىن قوپۇرۇلغان، ئۆگزىسى تەكـ
شى ئانچە چوڭ بولمىغان ئۆيلەردىن ئىبارەت.
بۇ مەھەللىلەرنىڭ تەكشىلىكتىكى جايلىشىشى تۆۋەندىـ
كىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە: سېپىل قورغانلىرى تارقاق،
قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى مەلۇم جايلارغا مەركەزـ
لەشكەن. تۆمۈر ئېرىتىش، تۆمۈردىن قورال - ياراق
ياساش باشلانغان ۋە قول سانائەت بىلەن يېزا ئىگىـ
لىك ئايرىلىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر — ئىپتىدائىي جاـ
مائە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن جەمـ

جەمئىيەتكە نىسبەتەن يۈزلەنگەن ئۆتكۈنچى دەۋر بولغان. بۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى تەرەققىيات تەكشى بولمىغان. بەزى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تېزراق، بەزى رايونلارنىڭ ئاستىراق بولغان.

ئېنگېلس بۇ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى «ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى» دەپ ئاتىدى. بۇ چاغدا، ئۇرۇقداشلىق جامائەسى يىمىرىلىشكە ۋە يېزا جامائەسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «يەككە ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بىرلىكى بولۇشقا باشلىدى».

يېزا جامائەسى ئۇرۇقداشلىق جامائەسىگە ئوخشىمايتتى. ئۇ، ئۇرۇقداشلىق باغلىنىشىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئىگىلىك ۋە زېمىنغا بولغان مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلاتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىدا يېزا جامائەسى ئۇزۇن ئەسىرلەرگىچە ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان ۋە زور رول ئوينىغان. ئېنگېلس «دىيورىگىغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى. «شەرقنىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمى ۋە ئۇياق - بۇياققا باسمىچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمرانلىقى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ كونا كوممۇنا جامائەسىنى ھېچنېمە قىلالمىدى». ①

① ئېنگېلس: «دىيورىگىغا قارشى» مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 303 — 304 - بەتلەر.

جامەئەنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەككە ئائىلىلەر ئارىسىدىكى مال - مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىك بارغانسېرى كېڭەيگەن، ئائىلە باشلىقىغا قۇل بولۇش تۈزۈمى كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلغان. بايلار ۋە نامراتلار ئارىسىدىكى پەرق مەيدانغا كەلگەن، ھەربىي باشلىقلارنىڭ رولى چوڭىيىپ دائىملىق ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە ئايلانغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئاقساقاللار كېڭىشى ۋە قەبىلىلەر يىغىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان. مۇشۇنداق شەرتلەر ئاستىدا قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مۇقەررەر بىر ھاسىلە بولغان.

سەركەردىلەر ۋە يولباشچىلارنىڭ رولى تالان - تاراج خاراكتېرلىك ھەربىي يۈرۈش تۈپەيلىدىن كۈندىن كۈنگە كۈچەيگەن، بۆلەكچىلىكنى مەقسەت قىلغان ئۇرۇش «دائىملىق كەسىپكە ئايلىنىپ قالغان»① ئالىي سەركەردىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى ۋارىسلىق قىلغۇچى ئاقسۆڭەكلەرگە ئايلانغان. «تەبىئىي بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي دېموكراتىيە تۈزۈمى»، «لەنەتتى ئاقسۆڭەكلەر تۈزۈمىگە ئۆزگەرگەن»②.

دەشت - قۇملۇقلاردىكى يايلاقلار ۋە بوستانلىقلاردىكى ئوتلاقلاردا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلاردا ئوخشاشمىغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتلىرىغا

---

①، ② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى». «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى 160 - ۋە 165 - بەتلەر —— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

مۇناسىپ ھالدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە بوستانلىق بىلەن دەريا ئېقىنلىرى ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقان دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىگىلىك شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا كۆچمەنچىلىك بىلەن ماكانلىشىش ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي باغلىنىش بولغان.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرى ئىرق ۋە تىل جەھەتلەردىن ئىسكىفلەر دەپ مۆلچەرلەندى. روشەنكى، ئىسكىفلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى ئۆز ئارا گىرەلىشىشى، سىڭىشىشى (ئېھتىمال يەنە ئالدىنقى ئاسىيا ئاھالىسىدىنمۇ بۇلارنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنلەر بولۇشى مۇمكىن). شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. بىر مۇنچە تارىخچىلار: شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ يىللىقلار بىلەن 1 - مىڭ يىللىقلار گىرەلىشىۋاتقاندا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ.

بىز بىلىدىغان ئەڭ قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز يايلاقلىرىنى ئىگىلەپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن چارۋىچى ساكلاردۇر①.

---

① ساكلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلاردىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئىرانلاردا ياشىغان. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھونلارغا يېقىن بولۇپ، كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا چوقۇنغان. ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدا سۆزلەشكەن. تولۇق تۈركىي تۈس ئالغان. بۇ خەلقنىڭ تىلى ۋە ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنى ھەققىدىكى تەتقى-

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى يازما ماتېرىياللاردا ساكلار ھەققىدە بەزى ماتېرىياللار ساقلانغان. مەسىلەن، سىپول يېنىدىكى ناقىش رۇستەم ① دېگەن قەدىمكى شەھەر خارابىسىدا ساقلانغان شاھىنشا

---

قان نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان. بەزىلەر «ئالىپ ئەر تۇڭانىڭ قوماندانلىقىدا ئۇيغۇر، ساكلار ۋە شۇ ئەرقىدىكى قەبىلىلەر بار ئىدى» دەيدۇ، راست دېگەندەك ھازىر قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بار. كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئۇلارنىڭ نامىدىكى «ئوغۇز ساك»، «توققۇز ساك»، كونىشەھەر ناھىيىسىگە تۇتاش بولغان ئاقتۇدا «قۇنساك — كونساك» دېگەن كاتتا يۇرتلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى ئاتۇشتا «بەگ ساك - بەيساق»، «ئىگىز ساك - ئىكساق» دېگەن يۇرتلار بار. خوتەن ۋە قەشقەر مازاربېشى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرچە دىئالېكتلاردا. ساكلارنىڭ تىلىدىن مىراس قالغان سۆزلەر بار. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ ساكلار ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە ساكلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى خوغراپىيىلىك ئورۇنلىشىشى نەزەردە تۇتۇلغانچقا. ئۇلارنىڭ ئاۋۋال جوڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن ھازىرقى ئافغانىستانغىچە، ئاندىن تارىم ئويمانلىقىدىن ھىندىستانغىچە كېڭەيگەنلىكى، 10 - ئەسىردە سېرىقى ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى دونخۇاڭدىن تاكى خوتەنگىچە بولغان جايلاردا ياشىغانلىقى قەيىت قىلىنغان — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

① ناقىش رۇستەم — قەدىمكى پېرسىيە — ئىران ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 — 6 - ئەسىرلەردە قۇرۇلغان. بۇ شەھەردە دارا I ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى سەلتەنەت سۈرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين قوشۇنى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ خارابىلىققا ئايلانغان. ئۇنىڭ خارابىسى ھازىرقى ئىراننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىدا.

شاھ دارا I ① ھەقىقىدىكى مىخ يېزىق ئابىدىسىدە ساكلارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان: (1) خايما- رى ساكلىرى — مۇقەددەس ئۆسۈملۈك «خايما» غا ئىگە بولغۇچى ساكلار (بۇلار پەرغانە، پامىر ئەتراپلىرىدا ياشىغان). (2) تىگراخايدا ساكلار («ئېگىز قالپاق كىيىدىغان ساكلار»)، بۇلار ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان چۆللىرىدە، ئاساسلىقى يەتتە سۇدا ياشىغان. (3) تەيتا- رادارىيە ساكلار (دەريا دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇچى ساكلار) بولۇپ، بۇلارنىڭ ئورنى ھەققىدە پىكىر بىر- دەك ئەمەس. گىرتسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ساكلارغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر بار. سترابون «ئىس- كىفلەر (ساكلار) نىڭ كۆپچىلىكى ھەتتا ھەممىسى كۆچ- مەن چارۋىچىلاردۇر» ① دەپ يازغان بولسا، ھېرودوت «ساكلار ئىسكىفلەر قەبىلىلىرى بولۇپ، ئېگىز قالپاق، ۋە ئېغى بار ئىشتان ② كىيەتتى، ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئوقيا، قىلىچ ۋە ئالاھىدە يا-

① دارا I — ئىراننىڭ تاجاۋۇزچى شاھەنشاھى كەيخىسراۋنىڭ ۋارىس- لىرىدىن بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 552 — 486 - يىللاردا پىر- سىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھەنشاھى بولغان. بۇ جەرياندا بۇۋىلىرىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان تۈركىي خەلقلەر (گرېك، روما تارىخچىلىرىنىڭ تىلى بويىچە ماساگىت- لار ۋە ساكلار) گە ھۇجۇم قىلىپلا قالماستىن، ھىندىستان ۋە مىسىر تە- رەپلەرگە ھۇجۇم قىلغان — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

② ستىرابوننىڭ «گېئوگرافىيە» دېگەن ئەسىرىدىن.

② دۇنيادا ئىنسانلار ئېغى بار ئىشتان كىيىشنى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردىن ئۆگەنگەن. — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

سالغان ئاپپالتىلارنى ئىشلەتتى» ① دەپ يازغان.
كىشلەر ئاسلىقى بەزى بۇيۇملارنى تېپىش ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي رايونلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىش ئارقىلىقلا ئاندىن ساكلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنى چۈشەندى. ساكلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 — 5 — ئەسىرلەر) يەرلىكنىڭ ئۈستىگە تاش باسۇرۇپ قويىدىغان قەبرىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتىكى جەسەت يانلىرىدىن ئاستى شار شەكىللىك قاچا - قۇچا، تۇچ پىچاق ۋە تۆمۈر پارچىلىرى تېپىلدى. شۇ چاغ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردا ساكلارنىڭ مىس ۋە تۇچ ئىشلىتىپ ياسىغان پىچاق، ئورغاق، پالتا، ئۇشكە، بىگىز، خەنجەر، يائوقى، نەيزە قاتارلىق ھەرخىل سايمانلىرى ۋە جەڭ قوراللىرى بولغان، يەنە مىس ۋە تۇچتا ياسالغان قاچا - قۇچا ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى (قاچا، قازان، نەزىر - چىراقتا ئىشلىتىدىغان داستىخان، ئات جابدۇقلىرى ۋە ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى)مۇ بولغان. تېرە، تاش، ياغاچ، سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان. يۇڭ توقۇلمىلار، كىگىز، شىرداق ۋە ساپال قاچىلارنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ راۋاجلانغان. مىس ۋە تۇچ بۇيۇملار ئىچىدىكى كۆپلىگەن زىننەت بۇيۇملار ئەينى ۋاقىتتىكى قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدى

① ھىرىدوتنىڭ «تارىخ» دېگەن ئەسىرىدىن.

كىندىنمۇ يۇكسەك تېخنىكىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.
ساكلارنىڭ ئاساسلىق كەسپى چارۋىچىلىق ئىدى. بۇ ھەقتە بىز ساقلىنىپ قالغان ھايۋان سۆڭەكلىرى، يازما تارىخ ۋە تەسۋىرىي سەنئەت ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز. ساكلار قوي، سىيىر كالا، ئات، تۆگە، ئېشەك ۋە قوتاز قاتارلىقلارنى كۆپەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بەزى ساكلار گۇرۇھى دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ياشىغان.
ئا.ن. بىر نىشتام تەتقىق قىلغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن 1 ـ ئەسىرگە قەدەر پامىرنىڭ شەرقىدە ياشىغان ساكلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ. پامىر ساكلىرىنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، ساكلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئىدېئولوگىيىسى جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇن يادىكارلىقلار تېپىلدى. كاتتا خەنجەر، قالقان (دەستىسى ياغاچ بولۇپ، تېرە بىلەن قاپلانغان)، تېشى تېرە بىلەن قاپلانغان ياغاچ ئوقدان (ئىچىدە 35 دانە يائوقى ۋە تۇچ، تۆمۈر، سۆڭەك ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئوق ئۇچى بار) قاتارلىقلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە جەڭ قوراللىرىدۇر. تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىچىدىن خۇمىرا، چۆچەك، ئۇشكە، ئاتەشدان قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ،

بۇلارنىڭ ئىچىدە تاش مارجان، تۆمۈر بىلەيىزۈك، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تۇچتا ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە كىچىك تۇچ ھەيكەلمۇ بار. پامىر ساكلىرى چارۋىچىلىق، قوشۇمچە ئوۋچىلىق، شۇنداقلا بېلىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇلار ئۆزلىرىگە قوشنا ۋە يىراق بولغان ئۆلكىلەر (رايونلار) بىلەنمۇ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇناسىۋەتتە بولغان. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ساك قەبىلىلىرى پەرغانىدىمۇ ئولتۇراقلاشقان. بولۇپمۇ ئۇلار پەرغانە ئەتراپىدىكى تاغ جىلغىلىرىغا جايلاشقان. مەسىلەن، ساكلار دەۋرىدە ئالاي جىلغىسىغا كۆچمەن چارۋىچىلار زىچ جايلاشقان.

ساك سەنئىتى يۇقىرى بىلىم ۋە شەيئىلەرنى توغرا ئىپادىلەش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ سەنئەت — ھايۋانلار ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى ئېلىشىشنى ئۆز تەسۋىرىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان. (بۇ «ياۋايى ھايۋانلار ژانىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

ساكلارنىڭ دەپنە قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتلاردا ساكلاردا باي - كەمبەغەللىكنىڭ چوڭقۇر پەرقى پەيدا بولغانلىقىنى، قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ ئامىللىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. قەدىمكى يۇنان

يازغۇچىسى كىتابىنىڭ باتۇر ئايال خاقان زەرىنا توغرىسىدىكى ھېكايىسىدا زەرىنانىڭ قورغان ياسىغانلىقى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ جەڭگە قاتناشقانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇ ساك ئاياللىرىنى تەسۋىرلىگەندە «بۇقەبىلىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى باتۇر ئىكەن، ئۇلار ئەرلىرى بىلەن بىرلىكتە جەڭگە كىرىپ ئۇرۇشتىكى خەۋپ خەتەرلەردە بىللە بولىدىكەن» دەپ يازغان.

ساكلار يەرگە، كۆنگە، ئايغا چوقۇنغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە يەر ئانا ئىدى. ئۇلار قىلىچنى سىمۋول قىلغان ئۇرۇش ئىلاھىغىمۇ چوقۇنغان. ئۇلار قىلىچنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، قىلىچقا قان ياكى سۈتنى سېپەتتى. بۇ — ئۇرۇش ئىلاھى ئۈچۈن قىلىنغان نەزىرە ئىدى.

ساكلار ئولتۇراقلاشقان خارابىلاردىن تېپىلغان چاساتۇچ شىرە ۋە ئىسرىقدان ساكلارنىڭ دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمكى يۇنان ۋە روما يازغۇچىلىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ۋە ئورال ئەتراپىدا ياشايدىغان ماسساگېتلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىسكىت - ساكلار ئاھالىسىنىڭ بىر قىسمى دېگەن. سىنوفېن ماسساگېتلارنى بىۋاستە ساكلار دەپ ئاتىغان.

ماسساگېتلار قەبىلىلىرىدىكى ئاساسىي خەلق كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى جۈملىدىن ئات كۆپەيتىشنى بۇرۇنلا بىلگەن. ئۇرۇش قىلغاندا ماسساگېتلار مىس ساۋۇت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ئاتلىرىنىڭ كۆكرەك قىسمىنى قوغدىغان. ھە-

ردوت ماسا گېتلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە تۇر-مۇش ئۇسۇلىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق كۆرسەتكەن: ئۇلار-نىڭ ئەسۋابلىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى مىس ۋە ئالتۇندىن ياسالغان، ئۇلارنىڭ بار-لىق ماددىي بۇيۇملىرى، مەسىلەن، نەيزە، يا، ئايپالتا، دوبۇلغا، بەل تاسما قاتارلىق نەرسىلىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن. مۇشۇ نەرسىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ساۋۇتنى مىستا، ئاتنىڭ نوختىسىنى ۋە يۈگىنىنى ئال-تۇندا ياسىغان. ئۇلار قاگقا (ھارۋا) ئۈستىدە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاتقا مىنىپ ۋە پىيادە يۈرۈپ جەڭ قىلغان.

ستىرابون ماساگېتلار ئىچىدىن تەرەققىياتنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەلۇم قەبىلى-لەرنى ئايرىپ چىقىپ: «ئاراللاردا ئولتۇراقلاشقان ماس-ساگېتلار يىلتىز ۋە ياۋا مېۋىلەرنى يەپ ھايات كە-چۈرگەن، چۈنكى ئۇلار زىرائەت تېرىمىغان» دېگەن. ھېرودوت ماساگېتلاردا كوللېكتىپ نىكاھلىنىشنىڭ ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ: «ئۇلار (ماساگېتلار)نىڭ ئادىتى مۇنداق: ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە بىردىن خوتۇن بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك باشقىلارنىڭ خوتۇنىدىن بەھ-رىمەن بولالايتتى» دېگەن. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھېرودوت يەنە: «يۇنانلىقلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق قىلىش ئىسكىفلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق قىلىدىغانلار ئىسكىفلەر ئەمەس، بەلكى ماساگېتلاردۇر» دەپ قوشۇپ قويغان. ماساگېتلاردا ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى مۇستەھكەم ساقلانغان بولۇپ، ئاياللار ئالاھىدە شان -

شەرەپ ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. ھېرودوت ماس-
ساگېتلارنىڭ مەلۇم قەبىلىسى توغرىسىدا: «ئۇ يەر-
دىكى ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئوخشاش ئورۇنغا ئىگە
بولغان» دەپ يازغان. ئۇ يەنە ماسساگېتلار مەلىكىسى
تومارىس پېرسىيىنىڭ شاھەنشاھى كەيكاۋۇسنى جەڭدە
يەڭگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە قىلغان. لېكىن ماسسا
گېتلاردىمۇ ساكلارغا ئوخشاشلا ئائىلىدىن ھوقۇق تۈزۈمى-
نىڭ قالدۇقلىرى قويۇق بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ
ۋاقىتلاردا يەنە مال - مۈلۈكلەرنى بۆلۈشۈش جەريانى
بارلىققا كەلگەن.

قەدىمكى يۇنان، روما يازغۇچىلىرى يەنە ساكلار
ۋە ماسساگېتلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مەنسۇپ
بولغان نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ ئىس-
مىنى تەخمىنەن ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئىچىدە داگى،
پارنى، فارفىيە ①، ئاسسى، ئاپاساك، ساكاراتۇك(ساكارا
ئول)، ئىسسى دانى، پامىر تائۇرنى(پامىردىكى تائۇرنى)،

---

① بۇ يەردە ساكلارنىڭ فارفىيەدە پاشىغۇچى قەبىلىسى شۇ يەرنىڭ
نامى بىلەن ئاتالغان. فارفىيە ھازىرقى ئىراننىڭ شەرقىي شىمالى
بىلەن تۈركمەنىستاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەر-
نىڭ نامى خەنزۇچە تارىخلاردا «ئەنشى»، ئىران - ياۋروپا تارىخلى-
رىدا فارفىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخلىرىدا ئارشاك ناملىرى بىلەن
ئاتىلىدۇ. ئارشاك ئېھتىمال 3- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فارفىيەگە
باستۇرۇپ كىرگەن ساك - تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى بولۇشى
مۈمكىن. 3- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فارفىيەگە باستۇرۇپ كىرگەن
بۇ ساكلار فارفىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋالغان ئىسكەندەر زۇلقەر-
نەيننىڭ ۋارىسلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قوماندان ئارشاكنىڭ نامىدا
فارفىيەدە مۇستەقىل دۆلەت قۇرغان. خاندانلىق نامى «ئارشاك»، دۆ-

گىركان تاپورى (گىركانىيىدىكى تاپورنى) قاتارلىق قەبىلىلەر بار.

ساك ۋە ماسساگېت قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى قەدىمىي دېھقانچىلىققا ۋە ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا ئۆتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنداق ئۆتكۈنچى دەۋر ئالدى بىلەن پەرغانە ئويمانلىقى، تاشكەنت بوستانلىقى ۋە خارەزىم قاتارلىق رايونلاردا، شۇنداقلا جەنۇبىي قازاقىستان دائىرىسىدە پەيدا بولغان ①. ساكلار ۋە ماسساگېتلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى بوستان

لەت نامى «فارفىيە» بولغان. بۇ دۆلەت تازا گۈللەنگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي، ئېتىقادى كۆك تەڭرىسى، پايتەختى كتېسفون ئىدى. ئۇلار شۇ زاماندا مەدەنىيەت ۋە سودىگەرلىكتە ئىلغار بولۇپ، شەرقتە جۇڭگو، غەربتە روما بىلەن سودا قىلغان. مۇستەقىللىق تارىخى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 249 - يىلىدىن باشلانغان. بۇ دۆلەت 500 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، بىدە، ئۈزۈم، ئانار، ياڭاق قاتارلىقلار شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا كىرگەن. بۇددىزم تازا ئەۋج ئالغاندا كۇنلەردە ئارشاكىلار ئېتىقادىنى بۇدداغا ئۆز گەرتكەن ۋە بۇددا ئۆلىمالىرىنى ئەۋەتىپ خەنزۇ رايونلىرىدا تارقاتقان. — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

① ئاپتور سوۋېت ئالىملىرىنىڭ دائىرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق دەيدۇ. ھازىرقى شىنجاڭ تەۋەلىكىدىكى، بولۇپمۇ تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەشقەر، خوتەنگە تۇتاش جايلىرىدىكى ساك ۋە ماسساگېتلار تېخىمۇ بۇرۇن ئولتۇراقلاشقان ۋە دېھقانچىلىق ھەم باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

لىقتىكى دېھقانچىلىق ئاھالىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ ھال ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان. كلاسسىك يازغۇچى پومپىي توراگسىنىڭ خاتىرىلىرى ساكلارنىڭ باكتېرىيە مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولىنى ۋاستىلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ: «باكتېرىيە ئىسكىفلەرنى ئاساس قىلىدۇ» دەپ يازغان①. شۈبھىسىزكى، ماساگېتلار خارەزىم قەبىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ رول ئوينىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆۋەندىكىچە جايلاشقان: مۇقىم ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەر ئاساسلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان. باكتېرىيىلىكلەر ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا، يەنى ھازىرقى شىمالىي ئافغانىستانغا، پامىر ۋە ئامۇ دەريا ساھىلىدىكى تاجىكىستان تاغلىق رايونلىرىغا جايلاشقان. سوغدىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسى ۋە قاشقا دەريا ۋادىلىرىغا جايلاشقان. خارەزىملىقلار ئامۇ دەريا ئېغىزى ۋە ئارال دېڭىزى رايونلىرىغا جايلاشقان. ئۇلارنى بوستانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن بىر

① باكتېرىيە — ئوتتۇرا ئاسىيادا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىردە قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردە ئۇلۇغ ياۋچىلار تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

قاتاردا قويغاندا، ئۇلار ئىرق جەھەتتە بوستانلىقلار-دىكى ئاھالىلەر بىلەن يىلتىزى بىر بولغان ساك -ماسساگېتلار بولۇپ، داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇكى، ئىران مىل-لەتلىرى ۋە قەبىلىلىرى بۈرژۇئا تارىخشۇناسلىرىنىڭ هېچقانداق ئاساسسىز هۆكۈم قىلغىنىدەك، «ساپ ئىرق»، «قېنى ساپ بولغان ئارىيانلار»، چەتتىن كې-لىپ غەلىبە قىلغۇچىلار ئەمەس. «ساپ ئىرق» نەزەرى-يىسى — ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئەكسىيەتچى سەپسەتە ۋە ئەپسانىدۇر. شەرقىي ئىران ئاھالىلىرى باشقا جاي-لاردىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەلگەن ئالىلقاندىق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرى-دىن باشلاپ مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئىرقلارنىڭ تەركىبلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ ئۆز جايىدا بارلىققا كەلگەن كىشىلەردۇر. شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى كېيىن-كى كۈنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەركىبىگە سىڭگەن، يالغۇز تاجىكلارنىڭ تەركىبىگە ئەمەس، بەلكى تۈرك تىلىدا سۆزلەيدىغان (ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) مىللەتلەر-نىڭمۇ تەركىبىگە سىڭگەن. شۇنداق هۆكۈم قىلىشقا بو-لىدۇكى، قەدىمدىن تارتىپ شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى بىلەن كۆچمەن تۈرك قەبىلىلىرى قوشنا بولۇپ كەلگەن.

تاجىكلار تۈرلۈك مىللەتلەر تەركىبىدىن (تۈركلەر-

نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەكىللىنىش جەريانىدا، شەر-قىي ئىران مىللەتلىرى تەركىبى ۋە ئىران تىلىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوبۇل قىلغان ۋە ساقلاپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ قەدىمكى مىللەتلەرنى تاجىك-لارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى، تاجىكلارنىڭ ئۆزىنى بولسا ئىران مىللىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى يىراق قەدىمىي زاماندىن باش-لاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىرانلىقلار (تاجىك-لارنىڭ ئەجدادلىرى) غەربىي ئىرانلىقلار (پارسلارنىڭ ئەجدادلىرى) ئايرىلىپ تۇراتتى. دەرۋەقە، غەربىي ئىرانلىقلار ۋە شەرقىي ئىرانلىقلار ئايرىلىپ تۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلار ئارىسىدا مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىمۇ يۈز بەرگەن. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تاجىكلار بىلەن غەربىي ئىرانلىقلار ئىرق ۋە تىل جەھەتتە ئۆزئارا تۇغقانچىلىق مۇناسى-ۋەت ئورناتقان. ئەمما، بۇنداق تارىخىي ھالەت بۇر-ژۇئا شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ ئوت-تۇرا ئاسىيالىق تاجىكلار بىلەن غەربىي ئىرانلىق پا-رسلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىنى ئاساسلاپ بەرمەيدۇ.

تاجىك مىللىتىنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى، مۇستەقىل مەدەنىيىتى بار، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئە-نىسى بار. ئۆزىنىڭ تارىخى بار.

## ئوتتۇرا ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى

بۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تا-

رىخىغا ئائىت ساقلىنىپ قالغان مۇقەددەم يازما يادى-كارلىق ئىرانلىقلارنىڭ دىنىي دەستۇرى «ئاۋىستا»① دېگەن كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ 14 - بابى ھېسابلانغان «مېھىر مىياشىت» ناملىق مۇناجاتتا قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا روشەن سۈرەتلەنگەن. مۇناجاتنىڭ مەنىسى مۇنداق: «ئۇ يەردە نۇرغۇن ئېگىز تاغلار بار، تاغلاردا نۇرغۇن ئوتلاقلار، سۇلۇقلار بار. ئۇ يەرلەردە چارۋىلارنى باقىدىغان مول يەم - خەشەكلەر بار. ئۇ يەردە نۇرغۇن چوڭقۇر كۆللەر بار، كەڭ ھەم خىل-ۋەت سۇلۇقلار بار. ئۇ يەرلەردە كەڭ ھەم كېمە قات-نايدىغان نۇرغۇن دەريالار بار. بۇ ئۆركەش دەريالار ئىسكاتا، پائۇرۇ، خارىۋا، مائۇرۇ، گاي (سوغدا)، خې-ۋارىزلارغا قاراپ ئاقىدۇ.»

ئىسكاتا دېگەن سۆز ئىسكىتلەرنىڭ (ئاسۇرىيىلىك-لەر «ئىشكوزاي» دەپ ئاتىغان) نامى بىلەن مۇناس-ۋەتلىكتۇر. پائۇرو — پارا - پامسات (كابول دەريا ۋادىسى) دۇر، مائۇرۇ — مەرغىيانا (مەرۋى) دۇر، خارىۋا — ئارىيانا (گېرىرود دەريا ئوبلاستى) دۇر،

① «ئاۋىستا» ئىران خەلقىنىڭ ئېتىقادىي دىنىي زارا ئاستېرا دەستۇرى بولۇپ، دەسلەپتە 21 جىلد ئىدى. ئۇنىڭدا شەرقىي ئىران خەلقى ئارىسىدىكى ئەپسانىلار ۋە دىنىي چۈشەنچىلەر خاتىرىلەنگەن. «ئاۋىستا» نىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى «ياشتى» مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ ئەسەردۇر. ئۇنىڭغا كېيىنچە نۇرغۇن مەزمۇنلار قوشۇلغانلىقى بىلەن زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

«ئاۋېستا» دا يەنە سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «كەلكۈن بولغان تەقدىردىمۇ دەريالارنىڭ سۇلىرى تاشقىن بولماي ئۆستەڭلەرگە ئېقىپ كېتەتتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. «ئاۋېستا» دا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش باسقۇچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە مىللەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا ئاھالىلەر ئىجتىمائىي گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. «ئاۋېستا»دا ھە دېسىلا كاتتىلار، جەڭچىلەر، راتايىشتا يەنى جەڭ ھارۋىسى ھەيدىگۈچىلەر ۋە دېھقانلار تىلغا ئېلىنغان. بىر يەردە يەنە باشقا ئۈچ گۇرۇھتىن تۆۋەن تۇرىدىغان قول ھۈنەرۋەنلەر گۇرۇھى — 4 - گۇرۇھ تىلغا ئېلىنغان. «ئاۋېستا» دا كۆپلىگەن چارۋا ئىگىلىرىنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىغا قاراپ، بۇ چارۋىچىلارنىڭ قۇللارنى ئىشلەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. بۇ چاغدىكى قۇللۇق تۈزۈمى ئاساسلىقى ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈم خاراكتېرىگە ئىگە قۇللۇق تۈزۈم بولغان بولۇشى مۇمكىن.

«ئاۋېستا»دا يەنىلا ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەمۇرىي بۆلەكلەر (رايونلار) ۋە تەۋەلىك پاسىللىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرمۇ ساقلانغان. يېزا كوممۇنىسى (ۋىس) جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ۋە يېزا - قىشلاقلار ئەتراپىدىكى يەر-

لەر كوممۇنىغا مەنسۇپ بولغان. بىرنەچچە ئۇرۇقلار «زانتۇ» — يەنى قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشقان. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى (راھيۇ) ئۇلارنىڭ ئەڭ زور بىرلەشمە تەشكىلاتى ھېسابلانغان. «ئاۋىستا» دىن: بۆلگىلەردىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ «قاۋى» (خان) لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنە ئەڭ ئالىي كاھىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. «مۇنەۋۋەر كىشىلەر» دىن تەشكىللەنگەن كېڭەشمىنى خانلار بىلەن بىرلىكتە قويۇشقا بولىدۇ. بىز بۇ تارىخىي ماتېرىياللاردىن سوغدىيانا ۋە باكتېرىيە خانلىرىنىڭمۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئەنە شۇنداق بۆلگە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سەردارلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. شۇڭا، بىز بۇ يەردە راۋاجلانغان ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا قۇللارغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى مۇناسىۋىتى پەيدا بولغان.

تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى — ئۇلار ئىجاد قىلغان ئېپوس ۋە ئەپسانىلاردۇر. مەسىلەن، يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇققا قارشى مەڭگۈلۈك كۈرىشى توغرىسىدىكى ھېكايە، ساخاۋەت ئىلاھىنىڭ قاباھەت ئىلاھىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكايە، ئوتىنىڭ ئەجدىھا قارون (تاجىك خەلق رىۋايەتلىرىدە ئەجدىھا، فىردەۋسىنىڭ ئەسىرىدە زاھھاك دەپ ئاتالغان) غا قارشى كۈرەش قىلىشى توغرىسىدىكى ھېكايە قاتارلىقلار. مۇشۇنداق كۈرەشلەر جەر-

ياندا، ئادەم يورۇقلۇق ۋە ساخاۋەت ئىلاھى بەرەپتە تۆرۈپ جەڭ قىلغان. تۆمۈرچى كوۋا (شوبھىسىزكى، ئۇنىڭ ئوبرازى تۆمۈر تاۋلاش ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن زىچ باغلانغان) ئەجدىھا ئۈستىدىن غالىب كەلگەن. خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتقا بولغان بىلىشىدە خىيالىي ئېلېمېنتلار بولغاچقا، ساكلار ۋە سوغدىلارنىڭ قەھرىمانى رۇستەم① سوغدىلارنىڭ قەھرىمانى بەرزۇ، باكتىيرىيىلىكلەرنىڭ قەھرىمانى سىفەندىيار، سوغدىلار ۋە خارەزىملىكلەرنىڭ ياش قەھرىمانى سىياھوش قاتارلىق قەھرىمانلار توغرىسىدا بىر قاتار رىۋايەتلەر پەيدا بولغان. سىياھوشنىڭ ئوبرازى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆلۈپ - تىرىلىش ھادىسىسى بىلەن ئۆز ئارا يۇغۇرۇلغان. مانا مۇشۇ ئەپسانىلار ۋە باشقا ھېكايىلار ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن گىرەلەشكەن ھەمدە ئۆزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. نەتىجىدە ئومۇملاشقان مەشھۇر ئىران ئېپوسى مەيدانغا كەلگەن، ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر ئېپوسى «شاھنامە» نىڭ ئاساسىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ھازىرقى زامان تاجىك چۆچەكلىرى ھەم رىۋايەتلىرىدە مەۋجۇتتۇر.

ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئىران مىللەتلىرىنىڭ

---

① رۇستەم ئىران قەۋملىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەرگە قارشى ئۇرۇشىدا ئاتالغان پارس قەھرىمانى ئىدى. ساكلار بولسا تۈرك ئەجدادلىرىدۇر. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ نېمىشقا مۇنداق يازغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشكە بولىدۇ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ.

—— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

دىنىي ئېدىيىلىرى ئاساسلىقى زارا ئاستىرا دىنىنىڭ
ئەقىدىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. زارا ئاستىرا
دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمى باس-
قۇچىدىلا پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇ مەڭگۈ ئۆچمەس
ئوتقا چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. زارا ئاستىرا
دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى قوبۇل
قىلغان، ئەڭ ئاخىردا دۇنيادا ئۆزئارا كۆرەش قىلىپ
تۇرىدىغان ئىككى خىل ئاساسىي ئامىل بار دەپ مۇ-
ئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ بولسىمۇ ئالەمنىڭ «ياراتقۇچىسى»
ئاھورمازدا ۋەكىللىكىدىكى ساخاۋەت ۋە يورۇقلۇق
كۈچلىرى بىلەن يالماۋۇز ئانگىرامايىنۇ (ئارىمانام) ۋە-
كىللىكىدىكى قاباھەت ۋە زۇلمەت كۈچلىرى ئوتتۇرىسى-
دىكى كۆرەشتىن ئىبارەت. «ئاۋىستا» دىكى بارلىق ئى-
لاھلار ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغىنى قۇياش ۋە
يورۇقلۇق ئىلاھى مىترا بولۇپ، ئۇ غەلبە مېۋىسىنى
جەڭگە قاتناشقان كىشىلەرگە ئۆتكۈنۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ
ئەڭ قۇدرەتلىك قوغدىغۇچىسى بولغان؛ ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرىدىغان ئامۇ دەريا ئايال
ئىلاھى ئاردۋىسۇرا ئاناختامۇ بار. بۇ يەردە ئانى-
لىق ھوقۇق دەۋرىدىلا مۇشۇ ئايال ئىلاھقا چوقۇنۇش
مەيدانغا كەلگەن.

زارا ئاستىرا ئەقىدىلىرىدە، مۇرىتلىرىغا دېھقان-
چىلىقنى مۇقەددەس ۋەزىپە قىلغان ۋە مۇرىتلارنىڭ
دېھقانچىلىق جەمئىيەتتىكى ئەمگەك نەتىجىلىرىنى ئۇلارنىڭ
دىنغا ساداقەتمەن بولۇشتىكى تۆھپىسى دەپ قارىغان.

«ۋىندى دادا»نىڭ 3 ـ بابىدا: خۇدا ياقتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى يەرلەر مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«ئۇ يەرلەردە دىنغا ساداقەتمەنلەر ئۆي ـ ئىمارەت سالىدۇ. ئۇلارغا ئوت ھەم سۈت، «خوتۇن، بالا ـ چاقا ۋە مال ـ ۋاران ئاتا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆي ھايۋانلىرى... ئىتلىرى، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى، كۆندىنلىك تۇرمۇشتىكى نۇسرەتلىرى بولىدۇ ۋە ئۆيلىرىدە تىنچ ـ ئامان ياشايدۇ. بۇ ساداقەتمەنلەر ئۇ يەرلەردە ئابىي ـ ئوزۇق، يەم ـ خەشەك بولىدىغان زەل ـ زىرائەت، ئوت ـ خەس ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئۆستۈرىدۇ. ئۇلار قاغجىراپ كەتكەن توغراقلارغا سۇ باشلايدۇ ياكى تۇپراقتىكى زىيادە سۇلارنى چىقىرىۋېتىدۇ ... قۇربىتى يەتكۈچە چوڭ ـ كىچىك چارۋىلارنى كۆپەيتىدۇ... چوڭ ـ كىچىك چارۋىلار ئاشۇ يەرلەرگە تېخىمۇ كۆپ ئوغۇت يەتكۈزۈپ بېرىدۇ...» (2 — 6 پاراگرافلاردىن).

بۇ يەردە ئولتۇراقلىششقا ئۆتۈش، يەنى ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈش، ئەڭ مۇھىمى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىغا ئۆتۈش بىۋاسىتە تەشەببۇس قىلىنغان.

ئىككىنچىدىن، شۇ بابتا يەنە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«كىمكى تېرىقچىلىق قىلسا، پۇت ـ قوللىرىنى ئىشقا سالسا، ئۇ يەرگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ، بۇ خۇددى سۆيگۈ مۇھەببەتكە تېرىشكەن ئەرنىڭ پەرزەنت

تىنى ۋە بارلىق بەختىنى يومشاق كارىۋات ئۈستىدە ھۇس زۇرلىنىپ ياتقان ئامراق خوتۇنىغا بەرگەنگە ئوخشاي-دۇ... يەر (ئۇنىڭغا) مۇنداق دەيدۇ: سەن، ئەي ئىنسان، پۇت - قوللىرىڭنى ئىشقا سېلىپ مېنى تېرىدىڭ... مەن راستىن ھېرىپ - چارچاشنى ئۇنتۇپ ئىشلەپچىقىرىمەن، بارلىق يېمەكلىك ۋە مول ھوسۇلنى بېرىمەن... كىمكى دانلىق زىرائەت تېرىسا، شۇ ھەقىقەتنى تېرىغان بولىدۇ...»
(25 — 26 — ۋە 31 - پاراگرافلار).
دېھقانچىلىق — ساخاۋەتچىلەرنىڭ قاباھەتچىلەرگە، نۇرى ئىنسانىڭ جاھالەتنى زۇلمەتكە قارشى ئۇنۇملۇك كۈرەش ئېلىپ بېرىشىدىكى زۆرۈر شەرتتۇر.
«ئادەملەر باشاقلارنى (خامان ئېلىش ئۈچۈن) جۇغلىغاندا، جىن - شەيتانلار ئالاقزادە بولىدۇ. ئادەملەر (ئۇن تارتىش ئۈچۈن) يارغۇنچاقنى تەييارلىغاندا، جىن - شەيتانلار پەرىشان بولىدۇ. ئادەملەر (خېمىر يۇغۇرۇش ئۈچۈن) ئۇن تەييارلىغاندا، جىن - شەيتانلار (قورقۇنچ ئىلكىدە) ھۆركىرەيدۇ...» («ۋەندى دادا» 3 - باب 32 - پاراگراف).
يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى «ئاۋېستا»غا نۇرغۇن قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلىرى قوبۇل قىلىنغان. «ئاۋېستا»دىكى بىر پارچە قىزىقارلىق ئارىيە يۇنىڭغا مىسالدۇر، بۇ ئارىيىدە نەسرىي شەكىل بىلەن رىتىملىق تىل ۋە تىپىك قەدىمىي شېئىرلار ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن:
«ۋىۋانگۋانت ئالەمگە تۆرەلگەنلەر ئىچىدىكى

ئۈنچى ئۇلۇغ كىشى ئىدى. بەخت قۇشى ئۇنىڭ بېشىـ
غا قوندى. ئامەتلەر ئۇنىڭغا قاراپ قانات قاقتى، ئۇ
ئىما ئىسمىلىك بىر ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆردى.
ئىما قۇدرەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ نۇرغۇن چارۋىلىرى بار
ئىدى. دۇنياغا تۆرەلگەنلەرنىڭ ئەڭ داناسى شۇ بو-
لۇپ، گويا ئىنسانلار دۇنياسىدىكى قۇياشقا ئوخشايتتى.
چۈنكى، ئۇ ئۆز خانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەندە ھايۋا-
نات ۋە ياكى ئادەمزات ئۆلمەيدى، مەڭگۈ ياشىرىپ
تۇردى. سۇ توختىمىدى، ئۆسۈملۈكلەر قۇرۇپ كەتمە-
دى. بۇ خاسىيەتلەر بىلەن كۆللى مەۋجۇدات تۈگىمەس
ئابۇ - ئوزۇققا ئىگە بولىدى. زېرەك ھەم قۇدرەتلىك
ئىمانىڭ خانلىقىدا ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇندا يوق سوغ ۋە تومۇز،
ئۇندا يوق ئۆلۈش، قېرىش،
يالماۋۇز، جىنلار كەبى،
ئۇندا يوق ھەسەت قىلىش.

«كۆپتىن - كۆپ چارۋىلارنىڭ ئىگىسى ۋىۋانگھاۋىـ
ستنىڭ ئوغلى ئىما سەلتەنەت سۈرگەندە، ئاتا - بالا
ۋە ياكى يات - ياقا - كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يىگىتلىك
ۋە ياكى 5 1ياشلىق ئۆسمۈرلۈك ھالىتىدە تۇردىكى، قېـ
رىمىدى... ئىككىنچى ئۇلۇغ كىشى ئاتۇي ئىدى... ئۇنىڭ
بېشىغىمۇ بەخت قۇشى قوندى، ئامەتلەر ئۇنىڭغا قاراپ
قانات قاقتى، ئۇ، ئوغۇل يۈزى كۆردى؛

قورقۇنچلۇق ئىچماقان ئۈچ ئاغزى بار،
ئۈچ بېشىدا ئالتە كۆزى پاللىدار.
تارۇگدىن ھەم كۈچلۈك ئاجىي داھاكاي،
ئۆلتۈردى ئاتۇى ئۇنى، قىلىپ ئەلنى بەختىيار.

بۇ ياۋۇز ھەم خەتەرلىك مەخلۇق قۇدرىتى تاروگدىن ئۈستۈن بولغان ئانگرامايىيونى تۇغۇپ زاھىر دۇنياغا زىيان سالغان سادىق مۇرىتلارنى يوقاتقان ئىدى.»
(«ئاۋىستا»نىڭ «ياسنا» قىسمى توققۇزىنچى باب)

«ئاۋىستا»نىڭ ئەڭ قەدىمكى قىسىملىرىدا دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى دالالەتلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇلاردا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ۋە ئىدىيىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. لېكىن، يۇقىرىدا قەيت قىلىنىمىزدەك، پۈتكۈل «ئاۋىستا»نى ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا بىر قەدەر كېيىنكى مەزگىلدىكى ئەسەردۇر. شۇ چاغدىكى سىنىپىي جەمئىيەت شارائىتىدا زارا ئاستىرانىڭ ئەقىدىلىرى دەستۇر قىلىنغان ۋە دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. بۇ دىن پادىشاھلىق ھوقۇقىغا، ئاقسۆڭەك ۋە كاھىنلارنىڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىغا چوقۇناتتى.

تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىش مىللەتشۇناسلىق جەھەتتە ئەھمىيەتكە ۋە ئاساسقا ئىگە. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى تاجىكلارنىڭ تۇرمۇشىدا، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا يەنە ئاز بولمىغان ئىپتىدائىي كوممۇنا مۇناسىۋىتىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، دەرۋاز ۋە قارا تېكىن قىشلاقلىرىدا، ئورتاق يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيلەرمۇ مەۋجۇت. ئوتتۇ

چوقۇنۇشىنى نامايەن قىلىدىغان بىر مۇنچە خارابىلار-
نىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «ئاتەشخانە» (ئاللا خانە)لار
بار. بۇ ئاتەشخانىلار قىشلاقلاردىكى ئەرلەر يىغىلىپ
كوللېكتىپ ئوزۇقلىنىدىغان يەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئاشۇ-
نىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن تۈرپ - ئادەتلەر بۇ يەر-
لەردە ئانىلىق ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ
قالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ساپال قاچىلار ۋە بىناكارلىق
ھۈنەر - سەنئەتلىرىدە قەدىمكى زامانىنىڭ بىر مۇن-
چە ئۆزگىچىلىكلىرى ساقلىنىپ قالغان. پالۋانلار توغ-
رىسىدىكى رىۋايەتلەردە رۇستەم ھەققىدىكى ھېكايە ئالاھى-
دە ئالقىشقا ئىگە. تاغلىق رايونلاردىكى تاجىكلار ھەر ئىش
قىلغاندا «يا پىرىم، رۇستەمدىن مەدەت» دەپلا باشلايدۇ.
ئۇلار ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەننى «رۇستەمنىڭ ئوق-
ياسى» غا تەقلىد قىلىدۇ. يەنى كامارنى رۇستەم دەپ
ئاتايدۇ.

ئىككىنچى قىسىم

# تاجىكلارنىڭ قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى راۋاجلانغان دەۋردىكى ئەجدادلىرى

## III باب سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللەنگەن دەۋردىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى

)مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 — 4 - ئەسىرلەر)

### مىلادىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان ئەڭ دەسلەپكى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئەڭ يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئېنىقلاندىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى چوڭ دەريا قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بولماستىن، بەلكى تاغ ئېتەكلىرىدىكى بەلباغلار ۋە تاغ تىزمىلىرىدىكى ئويمانلىقلارغا، تاغ جىلغىلىرى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى ياقىسىغا

جايلاشقان. بۇ يەرلەردە سۇغارمايدىغان باگارا ①چە دېھقانچىلىق راۋاجلانغان. ئامۇ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنلىرى ۋە دىلتىلىرىدىكى پەس سايازلاردا بولسا قاھىرەچە ئېتىز② دېھقانچىلىقى راۋاجلانغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا چوڭ - چوڭ دەريالاردىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش ئېلىپ بېرىش دېھقانچىلىق تەرەققىياتىنىڭ تېخىمۇ كېيىنكى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ ئىش ئىدى، كىچىك كۆلەمدىكى يەرنى چاناپ تېرىيدىغان دېھقانچىلىقنىڭ چوڭ كۆلەمدىكى دالا تېرىقچىلىقىغا ئۆتۈشى ئېرىق سۇيىدىن پايدىلىنىپ سۇنئىي سۇغىرىش ئارقىلىق باشلانغان ئىدى، ئەمما ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ كېڭەيتىلىشى پەقەت تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى. بۇخىل بىنام يەرلەرنى مۇنبەت ئېتىزلارغا ئۆزگەرتىدىغان سۇغىرىش ئۇسۇلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلاردا پەيدا بولغان. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى زامان سۇغىرىش سىستېمىسى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات شۇنى كۆرسەتتىكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا سۇغىرىش تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. مەسىلەن، 2500 يىل بۇرۇنقى چىرمىنئاب ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى

---

① شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا سۇغىرىلمايدىغان يەرلەر باگارا دەپ ئاتالغان.

② مىسىرنىڭ قاھىرەدىكى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا ئوخشىغاچ شۇنداق ئاتالغان. — تەرجىمە ئەھرىرىدىن:

200 كىلومېتىرغا يەتكەن. قەدىمكى زاماندىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن بۇ ئۆستەڭ قەدىمدىن قالغان يەنى قازاۋات دەپ ئاتالغان ئۆستەڭدىنمۇ بىر ھەسسە ئۇزۇن بولغان.

بۇنداق چوڭ سۇغىرىش سىستېمىسىنىڭ ياسىلىشى قەدىمكى زاماندا زور كۆلەمدىكى ئادەم كۈچىنى ئىشقا سالغاندا، ھەتتا مەلۇم دەرىجىدىكى زوراۋانلىق، زۇلۇم ئارقىلىق قۇللار ئەمگىكىدىن كەڭ پايدىلانغاندىلا ئورۇنلىناتتى. بولمىسا، ئۇنى ياساش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنداق چوڭ ھەم مۇرەككەپ سۇغىرىش سىستېمىسىنى قوغداپ قېلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەۋجۇت بولغان بۇ زور سۇ ئىنشائاتى مۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كلاسسىك ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى زامان دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىسپاتىدۇر. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ بۇ پاكىتنى ئىسپاتلايدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار (ب. ئا. لىتۋىنىسكى، ئا. ئا. ماروشېنكو قاتارلىقلار)نىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، مىسران تۈزلەڭلىكىدىكى بىرمۇنچە مەھەللىلەرنىڭ خارابىلىرىنى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ۋە 1 - مىڭ يىللىقلار ئارىلىقى بىلەن مىلادىنىڭ 1 - مىڭ يىللىقلىرىنىڭ دەسلەپكى بىرنەچچە ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قەيت قىلىنغان) دەسلەپكى مەزگىللەردىكى سىنىپىي جەمئىيەت پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان تارىخىي دەۋرگە

ئائىت ئىزلار دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىز بىلىدىغان دەسلەپكى دۆلەتلەرگە (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى) نىسبەتەن ئېيتقاندا، باكتېرىيە («ئاۋىستا»دا باھدى دەپ ئاتالغان) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ قايىراقلىرى، ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمى، جەنۇبىي ۋە شەرقىي قىسمى، شۇنداقلا ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ سورخان دەريا ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى كېتىسىي ۋە دىئادارلارنىڭ خاتىرىلىگىنىدەك، باكتېرىيە (كېيىنكى بەلخ گرېكلار ئۇنى باكتېرىيەنىڭ پايتەختى دەپ ئاتاشقان) ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر مىلادىدىن خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىلا پەيدا بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ يەنە بىرى خارەزىمدۇر («ئاۋىستا»دا قانقا ياكى خۋارزم ۋە ياكى خۋارىزا دەپ ئاتالغان). ئۇ ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە قازاقىستاننىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى چېگرا جايلارنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن رايونىغا جايلاشقان.

تەخمىنەن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زەرەپشان دەرياسى بىلەن قاشقا دەريا ئېقىمىدىكى جايلاردا سوغدى («ئاۋىستا»دا سوغدا دەپ ئاتالغان) دۆلىتى شەكىللەنگەن. كىلاسسىك يازغۇچىلار يەنە تۆۋەندىكى ئوتتۇرا

ئاسىيا رايونلىرى ۋە دۆلەتلىرىنى بېسىپ ئالغان: گىر-
كانىيە (پارسچە مىخ يېزىقتا ۋارقانە دەپ يېزىلغان)
كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، گورگان دەريا
ۋادىسىغا (گورگان ئۆلكىسىگە) جايلاشقان؛ پارفىيە (پار-
ئاۋا) كاففت تېغى (تۈركمەنىستاندا)نىڭ جەنۇبىي ۋە
شىمالىدىكى يانتۇ جايلارغا جايلاشقان؛ مەرغىيانا
(«ئاۋىستا»دا مائۇرۇ دەپ ئاتالغان) مۇرغاپ دەريا
بوستانلىقىغا جايلاشقان؛ ئارىئان (خارىۋا) گىدىر دەريا-
سى ئېدىرلىقىغا جايلاشقان؛ ئاراخازىيە بولسا ھورمان
دەريا ساھىلى (ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ قەندىھار ①
ئۆلكىسى)گە جايلاشقان؛ دىرانفىنا بولسا خېلمېنت
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا، خامۇن كۆلى رايونى
(كېيىنچە ساكلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاش-
قانلىقتىن، بۇ رايون ساكىستان ياكى شىبىستان دەپ
ئاتالغان)غا جايلاشقان.

باكتېرىيە، سوغدى ۋە خارەزىم ھازىرقى ئوتتۇرا
ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى قۇرغان ئەڭ قەدىم-

① قەندىھار دېگەن بۇ يەر، — تارىخچى جاڭ شىنلاڭ «ياۋچىلار تۇرۇپ مىڭلىغان ئىدى» دەپ تىلغا ئالغان ئۇلۇغ ياۋچىلار قۇرغان كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ئورنى ئافغانىستاندا ئىدى. ئەدىب ۋە بۇددىزىملىق ماھارەتلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان خاقان قەنىشقا مانا مۇشۇ شەھەردە كۇشان ئىمپېرىيىسىنى باشقۇرغان. قەنىشقا شۇ چاغدا «فارس چىن» ياكى خەنزۇچە تارىخلاردا «چىن تان» دەپ ئاتالغان خوتەنگە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بولۇپ، تىلى تۈركىي ئىدى. بۇددىزىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بولغان ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدىن قالغان يادىكارلىقلار ھازىرقى خوتەندە «قەندىھار مەدەنىيىتى» دېگەن نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

گى دۆلەتلەردۇر. كلاسسىك يازغۇچىلار خاتىرىلىگەن
مەلۇماتلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئارخې-
ئولوگىيىلىك تەتقىقاتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنى-
ڭدىن باشقا، ئەڭ قەدىمكى دىنىي تەلىماتلارنىڭ بىرسى
بولغان زارا ئاستىرا دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ باكتىر-
رىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىس-
پاتلايدۇ.

باكتىرىيە، سوغدى ۋە خارەزىملەرنىڭ باشقا قەدىم-
كى زامان دۆلەتلىرى، قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا
قانائەتلىنەرلىك مەلۇمات يوق. كۆپلىگەن كلاسسىك
يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرى ۋە ئاسىرىيە خاتىرىلىرىدى-
كى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ بەكمۇ ئېنىقسىز
بولۇشىغا قارىماي، شۇنىسى شۈبھىسىزكى، باكتىرىيە
بىلەن ئاسىرىيە ئوتتۇرىسىدا خېلى راۋاجلانغان مەدە-
نىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقە خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت بول-
غان. بۇنداق ئالاقە يىراق قەدىمكى زامانىدىلا باشلان-
غان. بەزى ئالاقىلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىلا
باشلانغان. ئاسىرىيە پادىشاھى سالمانا سارنىڭ موھۇ-
رىغا ئويۇلغان تىبەت بۇقىسى، قوتاز ۋە قوش لوكىلىق
تۆگىنىڭ سىمۋولىغا قارايمۇ بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى كۆرىۋېلىش مۇمكىن. ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن
ئاسىرىيە ئوتتۇرىسىدا سودا مۇناسىۋەت مەۋجۇت بول-
غان ئەھۋالدىلا، ئاندىن بۇنداق ھايۋانلارنى ئاسىرىيە-
گە يۆتكەپ كېلىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى. مىسوپوتامى-

يىنە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - مىڭ يىللىقلار قەبرىس-
تانلىرىدىن) ۋە مىسىر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - مىڭ
يىللىقلار)دىن تېپىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قارا قوڭغۇر
تېشىنى باكتېرىيە بىلەن ئالدى ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا مۇنا-
سىۋەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى
قىلىشقا بولىدۇ. باكتېرىيە بىلەن مىدىيە ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت ھەققىدە كىتسىينىڭ بايانىغا ئاساسلىنىپ
شۇنى دەللەش مۇمكىنكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 12 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باكتېرىيىلىكلەر ۋە كۆچمەنچى ساك-
لار مىدىيەلىكلەرنىڭ ئاسسىرىيىلىكلەرگە قارشى كۈرىشىگە
قاتناشقان، نەتىجىدە مىدىيە پادىشاھلىقىنىڭ دۇنياغا
كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئاسسىرىيە خاتىرىلىرىدە
ئاسسىرىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئەلچىلىرى پادىشاھقا يازغان
نۇرغۇن مەكتۇپلارنىڭ پارچىلىرى بار. بىر پارچە مەك-
تۇپتا ئەلچى مۇنداق دەپ يازغان: «ئى پادىشاھى ئالەم،
باشپاناھىم، قارا قوڭغۇر تاش ھەققىدە سىز ‹ئۇلار قارا
قوڭغۇر تاشنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسۇن› دەپ تەلەپ
قويغان ئىدىڭىز، سىز باشپاناھىمغا ئەمدى مەلۇم بولسۇن-
كى، مەن تاغقا بېرىپ قارا قوڭغۇر تاشنى ئىزدەپ تاپ-
تىم، ئەمما، قارا قوڭغۇر تاشنى ئالاي دەپ تۇرۇشۇم-
غا بۇ دۆلەت قوزغىلىپ ماڭا قارشى چىقتى. ئەگەر
ئىجازەت بەرسىڭىز، كاتتا قوشۇن ئەۋەتىپ قارا قوڭغۇر
تاشنى تارتىۋېلىشنى ئۆتۈنىمەن: بىراق، مەن ئۇلار بىلەن
بىرگە تاماق يېمەيمەن، ئۇلار بىلەن بىرگە سۇ ئىچ-
مەيمەن، بىرگە يولمۇ ماڭمايمەن، مەن سىزنىڭ ئالدى-

راش ئەلچىگىزگە يولۇقسام ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، ھەمـ
ھە باشپاناھىم بولغان ئالىيلىرىغا سالام يوللىمايمەن. يۇ...
ىشلىق بىلەن مىنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز ...».
بۇ مەكتۇپكە ئاساسەن ئاشۇ چاغدا بەدەخشاندا
كىرەكلىك مەدەنلەر قېزىلغان دەپ يەكۈن چىقىرىشقا
بولىدۇ. بۇ مەكتۇپتە يۇقىرىقى يەكۈنىدىن باشقا يەنە
تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىـ
يانىڭ تاغلىق رايونلىرىدىكى بايلىققا چاڭ سېلىۋاتقانلىقىغا
ئاكتىپ ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك قارشى تۇرغانلىقىغا مۇناـ
سىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەر ساقلاپ قېلىنغان.
مېتال قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى، دېھقانچىلىقنىڭ
تەرەققىي قىلىشى، شۇنداقلا چوڭ تىپتىكى ئۆستەڭلەرنى
ياساش ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قۇللارنىڭ ئەمـ
گەككە سېلىنىشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا سىنىپلارغا
ئايرىلغان جەمئىيەتنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە شەكىلـ
لەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
لېكىن، قارىمۇ قارشى سىنىپلار پەيدا بولغان
بۇ چاغدا، دۆلەتمۇ بىر سىنىپ (ھۆكۈمران سىنىپ)نىڭ
يەنە بىر سىنىپ (ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ)
نى ئېزىدىغان ئورگىنى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.
ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ باشقا يەرلەرگە ئوخشاش ئۇرۇقداشـ
لىق تۈزۈمى ۋە ھەربىي دېموكراتىيە ئورگىنى خەلق

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇـ
شى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» 4 - توم خەلق
نەشرىياتى، 1972 - يىلى؟ نەشرى، 161 - بەت.

ئىرادىسىنىڭ قورالى بولغان ئورگاندىن «ئۆز خەلقىغە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر مۇستەقىل هۆكۈمران ۋە ئەزگۈچى ئورگانغا ئايلىنىپ قالغان.»

## ئاھامانىلار سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خەلق قوزغىلاڭلىرى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا پىرسىيە پادىشاھى كەيكاۋۇس بەرپا قىلغان ئاھامانىلار دۆلىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. كەيكاۋۇس بىرقاتار تالان - تاراج ئۇرۇشلىرىنى قوزغاش نەتىجىسىدە كەڭ زېمىنلارنى ئىگىلىۋالدى. ئالدى ئاسىيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن باكتىرىيە، سوغدى ۋە خارەزملەر ئەنە شۇ قاتاردا كەيكاۋۇس ئىشغالىيىتىگە ئۆتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى چەتتىن كەلگەن باسقۇنچى هاكىمىيەت ئىستىلاچىلىقىغا باتۇرلارچە قارشى تۇردى. كەيكاۋۇس ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقلىرىنى پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلىيالمىدى. هىرودوتنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئېيتقاندا، كەيكاۋۇس شىمالغا قاراپ قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى، شۇنچە كۆپ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى ماساگېتلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە كەيكاۋۇسنىڭ قوشۇنلىرى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىدى. كەيكاۋۇسنىڭ ئۆزىمۇ ئۆلتۈرۈلدى.

كەيكاۋۇسنىڭ ۋارىسلىرى چەتكە قارىتىلغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئىستىلا قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كۆپلەپ قوشۇن ئىشلەتتى.

ئاھمانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ھەربىي تەشكىلاتلارنى ئالاھىدە رولغا ئىگە قىلدى، ئۆزىگە قاراشلىق رايونلاردىكى ئاھالىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن پارس قوشۇنلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن پىرسىيە قوشۇنلىرىدىكى ئادەم سانى 50 مىڭغا يەتتى. قوشۇندىكىلەر ئۆلكىلەردىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن قوبۇل قىلىندى، شۇڭا ئاھمانىلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىدا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدىن كۆپلىگەن جەڭچىلەر بار ئىدى. بۇ جەڭچىلەر ئىچىدە باكتىرىيىلىكلەر، خارەزىملىقلار، سوغدىلار ۋە ساكلار بار ئىدى. لېكىن، قوشۇن شۇ جايدىكى ئاھالىلەردىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى يەنىلا پارسلار ئىدى. پادىشاھنىڭ خاس ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان قوشۇنى بولۇپ، ئۇ «يېڭىلمەس نەۋكەرلەر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئومۇمىي سانى ئون مىڭ بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك پارسلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى.

پۈتكۈل ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسى نۇرغۇنلىغان باج رايونلىرى — ساتراپىيەلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇ يەرلەرنى كۆپلىگەن ساتراپلار («دۆلەت پاسىۋانلىرى») باشقۇراتتى. ھىرودوتنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، دارا I زامانى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 521 — 486 - يىللار)

دا بۇنداق ساتراپلاردىن 20 سى بار ئىدى. ساتراپلار پادىشاھقا بىۋاسىتە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ۋەزىپىنى دائىم دېگۈدەك پارسلار ئۈستىگە ئالاتتى. ساتراپلارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆزىگە تەئەللۇق رايونلاردا باج يىغىش ۋە قوشۇننىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلگەن قوشۇنى ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ھوقۇقى بار ئىدى. ئەگەر پادىشاھ قوشۇللا، ئەتراپتىكى قوشنىلىرىغا قارىتا ھەربىي ئىشلار ئېلىپ بارالايتتى. ساتراپلارنىڭ ۋەزىپىسى تولاراق مىراس قالاتتى.

دۆلەت ئورگىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى باج يىغىش ئىدى. دارا I نىڭ باج يىغىشنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى بويىچە، ھەربىر ساتراپىيە ھەر يىلى مۇقىم باج پۇلى تاپشۇرۇشى شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا باجگىرلارنىڭ رويخىتى تۈزۈلۈپ چىقىلىپ، مۇقىم مۈلۈكنىڭ باج نورمىسى بەلگىلىنەتتى. ئۇنىدىن باشقا، ھەر بىر شەھەر ياكى رايون باج ئورنىدا ئەمەلى بۇيۇم، يەنى يەرلىك قول سانائەت بۇيۇملىرى ياكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تاپشۇراتتى. بۇنداق ئالۋاڭ ـ ياساقتىن باشقا، يەنە دۆلەت ئىچىدە قاتناش يېجى ۋە ئۆتەڭلەرنى ئىشلىتىش بېجىمۇ بار ئىدى. ئاھالىلەر ئۇچرىغان مۇشۇنداق ئېغىر باج ـ سېلىق ئازابى كىشى ئىشەنگۈسىز دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. كىشىلەر باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش ئۈچۈن نائىلاج يەرلىرىنى جازانىخورلارغا گۆرۈگە قويۇشقا، ھەتتا ئوغۇل ـ

قىزلىرىنى قۇل قىلىپ سېتىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تۆت ساتراپىيىگە ئايرىلغان. كاسپى دېڭىز بويىغا جايلاشقان كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى 11-ساتراپىيەنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان باجنىڭ ئومۇمىي قىممىتى بابىلنىڭ كۈمۈش پۇلى ھېسابىدا 200 تالانت ئىدى. خارەزىم، سوغدى ۋە فارفىيەلەر 16 - ساتراپىيەنىڭ تەركىبىدە بولۇپ، ھەر يىلى 300 تالانت تاپشۇراتتى، باكتېرىيە 12 - ساتراپىيە قىلىپ تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەر يىلى 360 تالانت تاپشۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى كۆلەردە ساكلار 15 - ساتراپىيەگە كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ھەر يىلى 250 تالانت تاپشۇردى. بۇ شۇ چاغدا ئاجايىپ كۆپ پۇل ئىدى.

ئاھانىلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، باج - سېلىق ئېلىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى توغانلارنى ئېتىۋېلىش ئارقىلىق تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇسىز قويۇش ئىدى. ئاھالە توغاننى ئېچىش ئۈچۈن يېڭىدىن باج - سېلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا ھىرودوتۇت مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن كىشىلەرنىڭ بايان قىلغانلىرىدىن بىلدىمكى، ئادەتتىكى باج - سېلىقتىن باشقا، پادىشاھ يەنە توغانلارنى ئېچىۋېتىش ئارقىلىق زور مىقداردىكى پۇل، مال - مۈلۈك يىغىۋالغان».

ئالۋاڭ - ياساقلار ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئىنتايىن قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆرىيەتپەرۋەر قەبىلىلەر ۋە مىللەت-

لەر دائىم پارس پادىشاھىنىڭ زۇلمىغا قارشى قوزغى
غىلاڭ كۆتۈرگەن.

دارا II ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە فارفىيە، مەرغىيانا ۋە ساكلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. دارا I بو قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. پولىو ئەينوس «يوشۇرۇن پىلان» دېگەن كىتابىدا خاتىرىلىگەن رىۋايەتتە، مىلادىن بۇرۇنقى 1513 - يىلدىكى ساكلار قوزغىلىڭىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار سانالغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، دارا I ساكلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى زور قوشۇننى باشلاپ چىقىپ جازا يۈرۈشكە كېتىۋاتقاندا، نېمىسىنىڭ نېمە بولغانلىقى نامەلۇم، ئۇنىڭ قوشۇنىدا ساك نەسلىدىن بولغان شىراق ئىسىملىك ئات باققۇچى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ناھايىتى قاتتىق دەپسەندە قىلىنغان، پۈتۈن بەدىنى يارىلانغان، بۇرنى ۋە قۇلىقى كېسىۋېتىلگەن كىشى بولۇپ، ئۇ: ئۆز ھاللىتىدىكىلەر ماڭا شەپقەتسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا تەشنا بولۇۋاتىمەن، دېدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان چىغىر يول بىلەن پارس قوشۇنىغا يول باشلايدۇ. پارس قوشۇنلىرى ئۇشتۇمتۇت ساكلارنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ قالىدۇ. يەتتە كۈن ھېرىپ - چارچاپ يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق، پارس قوشۇنلىرى كىيا ئۇنىمەس چۆل - جەزىرىگە كىرىپ قالىدۇ - دە، ھالاكەت گىرداۋىغا كېلىدۇ. شۇئان پارسلار ئۆزلىرىنىڭ شىراقنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەن

لىكىنى سىزىۋالدۇ. ئۇلار شىراقىنى «جېنىڭنى ئالىمىز» دەپ تەھدىت سالدۇ. شىراق ئېيتخارلىندۇ – دە،: «مەن غەلىبە قىلدىم، قېرىنداشلىرىمنى بالا – قازادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزۈمنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ھېسابىمغا پارسلارنى ھالاكەتكە دۇچار قىلدىم» دەيدۇ. پارسلار باتۇر ئات باققۇچىنىڭ بېشىنى چېپىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن دارا I نىڭ يىراققا جازا يۈرۈش قىلىشى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ساكلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇ زاماندا ئەڭ زور مىللىي ھەرىكەت مىلادىدىن بۇرۇنقى 522 – يىلى مەرغىياندا يۈز بەرگەن ئاھانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭدۇر. قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبىرى فرادانىڭ نامى مەشھۇردۇر. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ ھەقىقەتەن قان دەرياسىغا غەرق بولغان قوزغىلاڭ بولۇپ، قوزغىلاڭ باستۇرۇلغانىدا 55 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن.

باكتېرىيىدىمۇ ئاھانىلار ئىمپېرىيىسىنىڭ تالان – تاراج تۈزۈمىگە قارشى مۇشۇنداق قوزغىلاڭلار ئارقا – ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن. بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق توپىلاڭغا يەرلىك ساتراپلار رەھبەرلىك قىلغان، ئۇلار ئاھالىلەرنىڭ خەزىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز غەرىزىگە يېتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆرىيەتپەرۋەر مىللەتلەرنىڭ

---

پولىو ئەينوس «يوشۇرۇن پىلان» XII، 12. بەت. «قەدىمكى زامان يازغۇچىلىرى» دەگەننىڭ 35 – بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

مۇستەقىللىق يولىدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى پەقەت خارەزىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. خارەزىمدە باج - خىراجەت تاپشۇرۇش كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن ھەتتا ئۇ ئارىيانا، فارفىيە ۋە سوغدىلارغا نىسبەتەن ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ قالدى. شۇڭا ئۇ پەقەت نامىدىلا ئاھامانىلار ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ئىدى. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ خارەزىم ئاھامانىلار سۇلالىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ چىققان مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندى. شۇ ۋاقىتلارغا كەلگەندە، ساكلار ئاندىن ئاھامانىلار سۇلالىسىغا بويسۇندىغان ئاھالە بولغان ئىدى.

ئاھامانىلار دۆلىتى ناھايىتى روشەن بولغان قۇل ئىگىلەش تۈزۈمىدىكى ھەربىي ئاتسۆگەكلەر دۆلىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئىمتىيازغا ئىگە ھۆكۈمرانلار ئاتىلىسى پارسىلار ۋە بىر قىسىم مىدىيەلىكلەردىن تەشكىللەنگەن ئىدى.

بۇ دۆلەت 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مەۋجۇت بولدى. كەسكەن سىنىپىي كۆرەش، ئىمپېرىيىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى چەكسىز توقۇنۇش، شۇنداقلا ئارقىمۇ ئارقىدىن ئېلىپ بېرىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى بۇ دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇردى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ دۆلەت يېڭىدىن ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، يىمىرىلىش گىردابىغا كېلىپ قالدى. ستالىن ئاھامانىلار دۆلىتىنى تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلىگەن. «... كەيكاۋۇس ئىمپېرىيىسى

ياكى ئالكساندىر ئىمپېرىيىسى تارىختا شەكىللەنگەن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ۋە قەۋملەردىن تەش-كىللەنگەن ئىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنى مىللەت دەپ ئاتىغىلى بولمايدۇ. بۇ مىللەت ئەمەس، بەلكى تاسادىپىي بىرلىشىپ قالغان، ئىچكى باغلىنىشى ناھايىتى ئاز بول-غان گۇرۇھلارنىڭ قوشۇلمىسى، ئۇنىڭ ئايرىلىشى ياكى قوشۇلۇشى مەلۇم تاجاۋۇزچىنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشىغا باغلىق.»①

ئاھالىلار دۆلەتنى مۇشۇنداق قەبىلىلەر ۋە قەۋم-لەرنىڭ مۇستەھكەم بولمىغان ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ ئىت-تىپاق ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى مەيلى ئىقتى-سادىي تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى مەدەنىيەت تۇرمۇشلىرىدا بولسۇن ناھايىتى زور رول ئوينىغان ئىدى.

**مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 — 4 - ئەسىرلەردە سوغدى، خارەزىم ۋە باكتىرىيەنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۈزۈمى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى**

ئاھالىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل-لەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىلەن غەربىي ئىرانلىقلارنىڭ تۈزۈ-مىدە پەرق ناھايىتى زور ئىدى. شۇ چاغدا گەرچە قۇل-

① «ماركسىزم ۋە مىللەت، مۇستەملىكە مەسىلىسى»، 1953 - يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 25 - بەتتىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

لۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاللىقاچان تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇللار ئەمگىكى بىۇ رايوندا ئىگىلىكنىڭ ئاساسىغا ئايلىنالمىغان ئىدى. بۇ يەردە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە ساقلانغان بولۇپ، ئىپتىدائىي كوممۇنىزم يەنىلا ئۈستۈن ئورۇندا ئىدى. ئاھالىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشى، كېيىنكى كۆنلەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا قوش رول ئوينىدى. بىر تەرەپتىن ئۇ، قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئازدۇر - كۆپتۇر تېزلەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ كۈچىنى ۋە ئىگىلىكىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. بۇ سۇلالە ئولپان ئېلىش ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىنىش شەكلى ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولغان دۆلەتلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بايلىقىنى قاقتى - سوقتى قىلدى. ئۇ دۆلەتلەردىكى ئەڭ ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ئاھالىلار پادىشاھىنىڭ ئوردا قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلىرىغا ئەۋەتىلدى.

ئافراسىياپ (قەدىمكى سەمەرقەند) ناملىق قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ خاتىرىلىرى (گەرچە ئادەتتىكى ئالاھىدىلىكنى چۈشەندۈرۈش بىلەن چەكلەنسىمۇ) بىزنى شۇ ۋاقىتتىكى سوغدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى، دېھقانچىلىق سوغدىيلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. ھەتتا بۇ دەۋردىكى دېھقانچىلىق ئادەم

كۆچى بىلەن سۇغىرىش ئاساسىغا بەرپا قىلىنغان ئىدى.
مۇشۇ تەكشۈرۈش باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا
بۇ نۇقتىنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكى يازما تارىخىي ماتېرى-
ياللاردا ئىسپاتلانغان. پالتىمىت (زەرەپشان) دەرياسىنىڭ
سۈيى ئارقىلىق بۇ يەرلەر سۇغىرىلىدى. سىترابون «بۇ
يەرلەر دەريا سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلغان، بۇنىڭدىن
ئاشقان سۇ قاقاس قۇملۇق دۆلەتكە ئېقىپ بېرىپ،
شۇ يەردە قۇمغا سىڭىپ كەتكەن» دەپ يازغان. روشەن-
كى، بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى زەرەپشان دەرياسى بولۇپ،
ئۇ سوغدىلارنىڭ كۆپلىگەن ئۆستەڭلىرىنى سۇ بىلەن
تەمىنلىگەندىن كېيىن قاقاس چۆللەرگە ئېقىپ كەتكەن.
بۇ مەزگىلدە يېزا مەھەللىلىرى (ئۇنىڭ ئاھالىسى دېھقانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىناتتى) كۆپىيىپ، يەنە شەھەر ئاھالىسى مەھەللى-
لىرى مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەرنى
يۇنانلىقلار ماراكەندە (ھازىرقى سەمەرقەند) دەپ ئاتى-
غان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىستىلا قىلغان مەزگىلدە
بۇ شەھەر قەلئە ۋە شەھەر سېپىللىرىدىن ئىبارەت ئىك-
كى قىسىمدىن تەركىب تاپقان ئىدى. سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى 70 ستاتى① كېلەتتى. يەنى 10.5 كىلومېتىردىن
كەم ئەمەس ئىدى. ئا. ئى. تېرېناژكىننىڭ تەكشۈرۈپ بې-
كىتىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەر مىلادىدىن بۇرۇنقى
1000 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى ئافراسىياب

---

① قەدىمكى يۇنانىستاننىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى، بىر ستاتى تەخمىنەن
184.97 مېتىر.

نامدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىنىڭ دائىرىسىنى تو-لۇق ئىگىلىگەن (بۇ شەھەرنىڭ ئايلانمىسى 5 • 3 كىلومې-تر كېلىدۇ). ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ شەھەر ئافراسىياب قەدىمكى شەھەر چېگرىسىنىڭ سىرتىغا قەدەر سوزۇلغان. ئافراسىياب قەدىمكى شەھىرىنى قازغاندا يەر قاتلىمىدىن ئاشۇ دەۋرگە مەنسۇپ بولغان شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ ئىز-لىرى (خام خىش ۋە سېغىز توپا)، شۇنداقلا كۆل ئاز-گىلى تېپىلدى. بۇ يەردىن ساپال چاق ۋە قول بىلەن ياسالغان قاچا - قۇچىلار، شۇنداقلا توقۇلما قېلىپ ئار-قىلىق قۇيۇلغان قوپال، يۇملاق تەگلىك قازانلار تېپىل-دى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا يەنە بەزى قورال - ساي-مانلار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى (كىچىك گۈر-جەك، ياغاچ ساپ بېكىتكىلى بولىدىغان ئەگرى ئورغاق، بىرونزا ئەينەك قاتارلىقلار) بايقالدى، خاننىڭ رەسمى ياكى ئوقيا ئاسقان بۇتنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن تاش مۆھۈرمۇ مۇشۇ مەزگىلگە مەنسۇپ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە كۆلىمى ماراكەندىدەك چوڭ بولمىغان شەھەر تىپىدىكى بىر قىسىم مەھەللىلەرمۇ مەۋ-جۇت بولغان. بۇ مەھەللىلەردىكى بازارلار ھەر قايسى دۆلەت سودىگەرلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. بۇنىڭ ئى-چىدە سوغدى ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ نەپىس بۇيۇملىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇ-رىدۇ. كۆپلىگەن ئۇستىكارلار تۆمۈر قوراللارنى پىششىق-لاپ ئىشلەش، قاچا - قومۇچ ياساش ۋە رەخت توقۇش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان. پۈتكۈل ئىگىلىك

ئاساسەن ناتورال ئىگىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بول-
سىمۇ، لېكىن تاۋار ئالماشتۇرۇشمۇ پەيدا بولغان. سوغ-
دى ئاقسۆڭەكلىرى ئادەتتىكى يېزا كوممۇنىسى دېھقانلى-
رىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بارلىق چوڭ ھوقۇققا ئى-
گە بولۇۋالغان ئىدى. كەۋنىت كۆزىتسي روف ئېيتقان
سوغدىلىق 7000 چەۋەنداز بەلكىم شۇلارنى كۆزدە تۇتقان
بولۇشى مۇمكىن. ئەينى ۋاقىتتا سوغدىلارنىڭ دىنى ئاسا-
سەن زەردەش دىنى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇلار-
دا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان باشقا
چوقۇنۇشلارمۇ مەۋجۇت بولغان.

پروفېسسور س. ب. تولىسكوپىنىڭ قەيت قىلىشىچە،
خارەزىمدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - 4 - ئەسىرلەردىلا
زور ھەم مۇستەھكەم مەھەللىلەر مەۋجۇت بولغان. بۇ مەھەل-
لىلەرنىڭ بىرى بولغان قىزىلقىر — ئۈچ بۇرجەك شەكىل-
دە ياسالغان. ئۇنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بىر تەرەپ ئۇزۇنلۇقى
بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. خارەزىمنى تەكشۈرۈش ئەت-
رىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ
قەدىمكى شەھەرنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قاتار پاراللېل تام
بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا كارىدورغا ئوخشاش يول شە-
كىللەنگەن. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر بى-
لەن قەدىمكى شەھەرنىڭ ئىچكى سېپىلى بىۋاسىتە تۇتاش-
قان. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزىگە يې-
قىن جايدا خانىۋەيران بولغان ئۈچ كورپۇس ھەيۋەتلىك
قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇلار جەنۇب
تەرەپتىكى قەدىمكى شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى

ئۆي - ئىمارەتلەرگە تۇتاشقان. ئۆي خام خىش ۋە پاخسا (سېغىز لاي) بىلەن قوپۇرۇلغان. ئۆينىڭ ئۈستى تەكشى بولۇپ، ئاستىغا خام خىش ياتقۇزۇلغان. ساپالچىلىق—كۇلالچىلىق قول سانائىتىدە ساپال چاق كەڭ - كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. قاچا - قۇچىلارنىڭ يۈزىگە سىرىق ۋە قىزىل رەڭدىكى ئاڭگاپ چىقىرىلغان (ئەينى زامانىدىكى سىر)، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن ئېرىشىلگەن مىتال داشقاللىرىنىڭ تېپىلغانلىقى ئۆز ۋاقتىدا مىتالچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىشىلەر بۇ يەردە بىرونزىدىن ئىسكىفلەر تېپىدىكى ئوقيا بېشى، ئات جابدۇقلىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. ماتاچىلىق ھۈنىرىمۇ بۇرۇنلا باشلانغان.

ئاھالىلەر ئاساسلىقى سۇغىرىدىغان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئالدىنقىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە تېپىلغان يادىكارلىقلار (ئورغاق ۋە تاش) تولۇق ئىسپاتلىدى. كېيىنكىسىنى قېزىشتا تېپىلغان كۆپلىگەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سۆڭەكلىرىگە ئاساسەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

كۆپلىگەن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغان مەھەللىلەر (جانباسقەلئە، قايىقىر قەلئە، قەلئەقىر قاتارلىق) نىڭ پەيدا بولغانلىقى مۇشۇ تەكشۈرۈش مەزگىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىر) گە مەنسۇپ.

مەرغىيانا يېرىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ستراپونىڭ ئېيتىشىچە، مەرغىيانانىڭ يەرلىرىدە
ھ...ناھايىتى ياخشى ئۈزۈم تاللىرى ئۆسكەن، كىشىلەر ھەتتا بۇ يەردە ئىككى ئادەمنىڭ قۇلىچى ئاران يەتكۈدەك تاللارنى ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۈزۈم ساپىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى جەينەكتىنەك ئىككى چىقىدىغانلىقى، يەنى 90 سانتىمېتر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ يەردە ئاھالىلەر دەۋرىدىن بۇرۇنلا چوڭ تىپتىكى شەھەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بەلكىم ئەڭ زور مەھەللە بولسا كېرەك، ئۇ قايىقىر قەلئە دېگەن جايدىكى قەدىمى زاماندا مەرۋى دەپ ئاتالغان قەدىمى شەھەر خارابىسىدا جايلاشقان، ئارخېئولوگىيىلىك كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا مەرۋى بوستانلىقىدا ئاشۇ ۋاقىتلاردىلا چوڭ - چوڭ ئۆستەڭلەر مەۋجۇت بولغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن قايىقىر قەلئەدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىزلار سۇغىرىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ يەردىن زور مىقداردىكى ساپال قاچىلار، كىچىك ھەيكەل ۋە باشقا بۇيۇملارنى تاپقان. بۇ قېزىلمىلار ئىسكىتلەر تىپىدىكى تۆچ يا ئوقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باكتىرىيە ئاھالىلىرى ئاساسلىقى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، كىۋىنت كىۋرىتىسى روف مۇنداق دەپ يازىدۇ: باكتىرىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەرخىل ئىدى. ئۇ يەردىكى ئۈزۈم تاللىرىدا ئۇخشىمىغان ئۈزۈملەرنىڭ ساپاقلىرى چوڭ، دانلىرى تاتلىق ئىدى. مول سۇ

مەنبەلىرى بىلەن ئىسسىق تۇپراقلار سۇغىرىلاتتى؛ ئەلۋەتتە مۇنبەت يەرلەرگە ئاشلىق تېرىلاتتى. يەنە بىر قىسىم يەرلەر چوڭ چارۋىلار بېقىلىدىغان يايلاق قىلىناتتى، لېكىن يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گىيا ئۈنمەس قاقاس تۇزلەڭلىك ئىدى. پىلىنى باكتېرىيىدە تېرىلغان ئاشلىقنىڭ دېنى چوڭ بولۇپ، ئادەتتىكى ئاشلىقنىڭ دېنى بىلەن تەڭ ئىدى.

بەلختىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش، شۇ يەردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپلۇقىنى ئىسپاتلىدى. م. م. دىيادىنكوپ قەدىمىي قەدىمكى شەھىرى (ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىكيان ئاباد رايونى)نى قازغاندا، شىمالىي باكتېرىيە مەدەنىيىتىگە ئائىت ناھايىتى قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى تاپتى. بۇ يەردە تاكى ئىنقىلابقىچە ساقلانغان مەھەللىلەر (ئۇ چاغدا ئۇ قاباد بەگنىڭ تۇرۇشلۇق جايى ئىدى) نىڭ ئاستىلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان قەدىمكى باكتېرىيە دەۋرىگە ئائىت تۇرالغۇ جاي تۇپلىمىنى بايقىدى. خام خىشتىن قوپۇرۇلغان، تۆت چاسا شەكىلدىكى سەككىز ئېغىزلىق كىچىك ئۆي قېزىپ چىقىلدى. ئۆينىڭ سىرتىدىكى تام باشقا تاملاردىن قېلىن، بۇ يەردىن يەنە يىراق قەدىمكى زامانغا ئائىت بولغان سەمەرقەندە، مەرۋى نۇسخىسىدىكى قاچا - قۇچىلار تېپىلدى. يەنە مىلادى-دىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە

بولغان دەۋرگە مەنسۇپ تۇچ ئوقيا ئوقى ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملار (يىڭنە، پىچاق)تېپىلدى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئارقىلىق تېپىلغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن مەھەللىلەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنى قول سانائەت (ساپال قاچا، ماتاچىلىق، تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇم، تۇچتىن ياسالغان بۇيۇم) بىلەن تەڭ يەنە دېھقانچىلىق (سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق) بىلەنمۇ شۇغۇللانغان دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

«ئامۇ دەريا خەزىنىسى» دەپ ئاتالغان يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، باكتېرىيىنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك، نەپىس سەنئەت تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. بۇ «خەزىنە» گە كۆپ مىقداردا (177 دانە) سەنئەت بۇيۇملىرى جۇغلانغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاساسلىقى ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرىدۇر، ئۇلار بىلەن بىرگە يەنە 1300 دانە قەدىمكى پۇلمۇ بار، تېپىلغان بارلىق بۇيۇملار 1877 - يىلى قابادىيان رايونىنىڭ مەلۇم جايىدىكى يەرلىك ئاھالىلەردىن سېتىۋېلىنغان، كېيىنچە بۇ بۇيۇملار ئالىملارنىڭ قولىغا چۈشكەن. بۇ بۇيۇملارنىڭ شەكىللىنىشتىكى ھەقىقىي تارىخىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ قىياس قىلىشىچە بۇ «خەزىنە» نى تەشكىل قىلغان تۈرلۈك بۇيۇملار ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە ئوخشاش بولمىغان جايلاردىن تېپىلغان. شۇڭا كىشىلەر بۇ بۇيۇملارنىڭ ياسالغان ۋاقتىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن، ئۇلار ئاساسەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 -

ئەسىردىن 2 – ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ بۇيۇملاردۇر. «ئامۇ دەريا خەزىنىسى» دىكى كۆپلىگەن بۇيۇملاردا قەدىمكى باكتېرىيىلىكلەرنىڭ سەنئەت ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ھالدا گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىز كۆرگەن ئالتۇندىن ياسالغان ئات ھارۋا، كۈمۈشتىن ياسالغان كىچىك بۇت، ئۈستىگە ئادەم سۈرىتى قاپارتما قىلىپ چۈشۈرۈلگەن نېپىز ئالتۇن تاختا (ئۇ كىيىم – كېچەك ۋە زىبۇ – زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بارلىق تەپسىلاتىنى ئىپادىلەيدۇ)، ئالتۇن بىلەيزۈك (ئۈزۈكىنىڭ تۇتاشقان يېرىگە تېكىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن)، ئالتۇندىن ياسالغان بۇغا ھەيكىلى ۋە باشقا كۆپلىگەن ھۈنەر – سەنئەت بۇيۇملىرى بار.

ئەينى ۋاقىتتىكى تاجىكىستاننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا ئاللىقاچان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەھەللىلىرى مەۋجۇت بولغان، بۇ چوڭ تېپتىكى مەھەللىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇنانلىقلار كىروپول شەھىرى دەپ ئاتىغان (ھازىرقى ئۆرە تۆپە رايونىغا جايلاشقان، ئۇ يەردىن ھازىرغىچە تېخى ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار تېپىلغىنى يوق) شەھەر مۇشۇنداق شەھەر مەھەللىسىنىڭ بىرىدۇر.

ئاھمانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي زۇلۇم ئاستىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەدەنىيەت

يەنمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغان ئىدى، ھەتتا خېلى يۇقىـ
رى سەۋىيىگە يەتكەن ئىدى.

ئاھمانىلار سۇلالىسى مەزگىلىدە پاسارگا (شىرازغا 140 كىلومېتىر كېلىدۇ)، پېرسېپول، شوش (سوز) قاتارـ
لىق جايلاردا كۆپلىگەن ھەشەمەتلىك ئوردىلار ياسالغان. بۇـ
لارنى ئاھمانىلار دۆلىتىگە قاتناشقان باكتېرىيە، سوغدى، خارەزىم، پارس ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاتاقلىق بىناـ
كارلىق ئۇستىلىرى (ئىمپېرىيىنىڭ ھەر قايسى مىللەتـ
لەردىن كۆپلەپ تالان - تاراج قىلىپ كەلگەن مەبلەغ ۋە مال - مۈلۈكنى ئىشلىتىپ) ياسىغان، دارا شوش ئورـ
دا قۇرۇلۇشىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تىكلىگەن ئابىدىدە، پارس خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەنسۇپ بولغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بۇ قۇرۇلۇشنى ياساشقا قاتناشـ
قان، دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شىمالنىڭ ئىقـ
تىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. بولۇپـ
مۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر بىلەن بۈرۈنقى شەرق ھەم ئوتتۇرا شەرقتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا سودا ۋەمەدەـ
نىيەت مۇناسىۋىتى كۈچەيگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن.

مۇشۇنداق ئالاقىلارنى قىلىش نەتىجىسىدە بابىلـ
لىقلار ۋە ئىرانلىقلارنىڭ شىنا تارشا يېزىقى ئاسىيادىـ
كى 40 ھەرپتىن تەركىب تاپقان پارس تارشا يېزىقى شەكىللەندى، بۇ خىل يېزىق ئاھمانىلار خاندانلىقىدىكى تاش تاملاردا ۋە خان ئوردىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك جايلىـ
رىغا ئويۇلغان بېغىشلىمىلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئاھمانىلار دۆلىتى ھۆكۈمىتى-
نىڭ ئالاقە ۋە خەت - چەكلىرىدە ئارامىيا يېزىقى ئىش-
لىتىلىشكە باشلىدى. ئازراق ۋاقىتلار ئۆتكەندە بۇ خىل
يېزىق ئاساسىدا سوغدى يېزىقى بارلىققا كەلدى. كې-
يىنچە سوغدى ھەرپلىرى ئەڭ مۇھىم تەركىب بولۇپ،
ئۇيغۇر، موڭغۇل ۋە مانجۇلارنىڭ بارلىق ھەرپلىرىنىڭ
تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى غەربىي
ئىران مىللەتلىرىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.
شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر ئادەتتە ئاتاپ كېلىۋاتقان ئاھما-
نىلار دەۋرى مەدەنىيىتىنى يالغۇز پارسلارلا ياراتقان بول-
ماستىن، بەلكى كۆپلىگەن مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان،
بۇ باكتىرىيىلىكلەر، سوغدىلار، خارەزىملىقلار ۋە ساكلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## IV باب ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ گرېك - ماكېدون ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈرىشى

### سپىتامېن قوزغىلىڭى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىر)

### ئالېكساندىر ماكېدونىيىسكىنىڭ ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسىنى مۇنقەرز قىلىشى

ماكېدونىيىنىڭ گرېتسىيىدىكى تەسىرى مىلادىدىن بۇ-

روۋنقى 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۈچىيىشكە باشلىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىردىكى ئۈچ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 334 - يىلى گىرانىك دەرياسى① نىڭ بويىدىكى جەڭ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 333 - يىلى ئىسسا شەھىرى② يېنىدىكى جەڭ ۋە مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 - يىلدىكى گاۋگامىلا يېزىسى③ دىكى جەڭ) ماكېدونىيە خانى ئالېكساندىر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دارا III كادومانىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى.

200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسى ئالېكساندىرنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئالېكساندىر ئۇرۇقداش ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولغان قوشۇن قۇردى ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بولغان بارلىق قورال - ياراقلىرى بىلەن ئۆز قوشۇنىنى قوراللاندۇردى. دارا III (يەنى كاردومان مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 — 330 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ماكېدونىيە خانى ئىسكەندەرنىڭ غەلىبىسىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاھمانىلار دۆلىتىگە مەجبۇرىي بېقىندۇرۇلغان مىللەتلەر زۇلۇمكارلار ھاكىمىيىتىنى قوغداشنى خالىمىدى.

---

① گىرانىك دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قەدىمىي ئۇرۇش مەيدانى، ھازىرقى تۈركىيىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان.

② ئىسسا شەھىرى ھازىرقى تۈركىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان.

③ گاۋگامىلا يېزىسى ھازىرقى ئىراقنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

دارا Ⅲ ئۆز ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئۆلكىگە قېچىپ كەتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەر قانداق شەرت ئاستىدا كېلىشىم تۈزۈشكە تەييارلانغانلىقىنى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا - ئۆلگۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باكتىرىيىنىڭ ساتراپلىرى (ۋالىيلىرى) ۋە ئاھمانىلار سۇلالىسى خان جەمەتلىرىدىن بولغان بېسس باشقا پارس سەركەردىلىرى بىلەن بىرلىكتە دارا Ⅲ نى ئۆلتۈردى. بېسس ئۆزىنى خان قىلىپ تىكلىدى ۋە ئۆزىنى ئارتاكسېرس Ⅳ دەپ ئاتىدى. ئۇ ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇئارى ئاستىدا سوغدىلار، باكتىرىيىلىكلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرمەكچى بولدى. شۇ چاغدا، بېسس ھەتتا سوغدى ۋە باكتىرىيىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىدى، ئۇ پەقەت ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈنلا شۇ مىللەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە موھتاج ئىدى.

بېسس ئوتتۇرىغا قويغان ئاھمانىلار دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شوئارى ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسىدىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن قەبىلە ۋە قەۋملەر ئارىسىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يادى ياقمىدى. بۇ شوئار ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ بىرلىشىپ دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى ئەتىيازدا ئالېكساندىر 15 كۈن ئىچىدىلا ئىنتايىن مۈشكۈل بولغان يىراققا جازا يۈرۈش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھىندى-

قۇش تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ باكتېرىيىگە بېسىپ
كىردى. بېسىس جەڭ قىلماستىنلا چېكىنىپ، ئۆز ئور
دىسى جايلاشقان باكترا شەھىرىنى① گرېكلەرگە تاش
لاپ بېرىپ، ئۆزى بىر قوشۇننى باشلاپ ئامۇ دەريا
سىنىڭ شىمالىدىكى سوغدى رايونىغا چېكىنىشكە مەج
بۇر بولدى. ئۇ چېكىنىش ۋاقتىدا، گرېكلەرنىڭ بېسىپ
كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆزى ماڭغان يوللارنى بۇ-
زۇۋەتتى، يول ئۈستىدىكى زاپاس ئاشلىقنى كۆيدۈرۈ-
ۋەتتى. ئالېكساندىر بەش كۈن ئىچىدە ئۆز قوشۇنلى-
رىنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، قاشقا دەريا جىلغى-
سىغا جايلاشقان ناۋ تاغ دېگەن كىچىككىنە بىر يەردە
بېسىسنى تۇتۇۋالدى. يۇنانلىق تارىخشۇناس ئاررىئان
(مىلادى 2 - ئەسىردە ياشىغان) مۇنداق دەيدۇ: «ئا-
لېكساندىر بېسىسنى قامچىلاشقا بۇيرۇدى، ئاندىن كېيىن،
باكتېرىيىگە يالاپ ئاپىرىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى»②.
ئالېكساندىر باكترىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
ماكېدونىيە سەركەردىلىرى ۋە يېڭىدىن ئەل بولغان
پارس بەگلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا بېسى-
نىڭ «قانۇنلۇق» خاننى ئۆلتۈرۈپ شاھىنشاھ تاجىسىنى
كىيىۋالغانلىقىنى ئەيىبلىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلاق - بۇر-

① كېيىنكى كۈنلەردىكى بەلخ شەھىرى بولۇپ، ھازىرقى ئورنى ئافغانىستاندا.

② ئاررىئان: «ئالېكساندىرنىڭ يىراققا قىلغان جازا يۈرۈشىدىن خا-
تىرىلەر» دېگەن كىتابىنى «قەدىمكى يازغۇچىلار» دېگەن كىتابنىڭ
30 - بېتىگە نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

نىنى كېسىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىكباتاناغا① ئاپىرىپ مىدىيەلىكلەر ۋە پارىسلارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە پەرمان بەردى.

ئالېكساندىر بېسىسنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىمپېرىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلارنى جازالاپ، پارس ئاقسۆڭەكلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋېلىشنى ئارزۇلايتتى.

ئالېكساندىر ناۋ تاغنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سوغدى پايتەختى ماراكەندگە② يۈرۈش قىلدى. يۇنان تارىخشۇناسلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ماراكەند ئەينى ۋاقىتتا چوڭ بىر شەھەر ئىدى، شەھەرنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 70 ستاتى (ئون كىلومېتىردىن سەل ئۇزاق) كېلەتتى. تۆت ئەتراپىدا سېپىل، ئىچىدە قورغان بار ئىدى.

## خەلق ئاممىسىنىڭ گرېك ـ ماكېدون ئىستېلاچىلىرىغا قارشى كۆرىشى

ئالېكساندىر ماراكەندنى تارتىۋېلىپ، بۇ يەردە مۇداپىئە قوشۇنى قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، گرېك ـ ماكېدون قوشۇنلىرىنى باشلاپ شەرقىي شىمال تەرەپكە

① ئىكباتانا دېگەن بۇ شەھەر ھازىرقى ھەمەدان بولۇپ، بۇندىن 2800 يىل بۇرۇن شەرقتىكى كۈچلۈك دۆلەت بولغان مىدىيە خانداڭلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ئىدى.

② ماراكەند ـــ ھازىرقى سەمەرقەند، ئۆزبېكىستاندا. ـــ تەرجىمە تەھرىرىدىن

قاراپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن ئۇ قانچە ئىلگىرىلىگەنسېرى، شۇنچە زور قېيىنچىلىققا دۇچار بولدى. سوغدىلارنىڭ ھەممىسى بىر نىيەتتە بولۇپ، گرېك - ماكېدون ئىس- تىلاچىلىرىغا قارشى تۇردى. دارا بىلەن بېسسىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ بېرىۋاتقاندا، سوغدىلار ئاھمانىلار ھاكىمىيىتىنى قوللىمىدى، بېسسىننىڭ ھەرىكىتىنىمۇ ياقلىماي بىتەرەپلىكنى ساقلىدى. لېكىن ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىغا خەۋپ - خەتەر يەتكەن چاغدا بولسا گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلى- رىغا قارشى قوزغىلىپ ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن ئۆز دۆلىتىنى قوغدىدى. بۇ كۈرەش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قە- دىمكى زامان تارىخىدىكى بىر شانلىق سەھىپە بولدى. كۈرەشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ئالېكساندىرنىڭ قوشۇنلىرى ماراكەند بىلەن كىراپولىيە ئوتتۇرىسىدىكى داۋاندىن ئۆتۈۋاتقاندا، گرېك تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن ئۇسىروشانا① تاغلىق رايونىدىكى سوغدى قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

ھۇرېيەتپەرۋەر سوغدىلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىق ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك يىغىۋېلىشقا ئەۋەتىلگەن بىر قانچە گرېك قوشۇنىنى يوقاتتى. ئالېكساندىر ناھايىتى زور كۈچنى سەرپ قىلىپ، تاغ خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى ئاران باستۇرالىدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈش جەر- ياندا ئۇ، يەرلىك ئاھالىدىن جەمئىي 22 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى. جەڭ يۈرۈش قىلىش قىيىن بولغان قاتمۇ

① ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئۆرە تۆپە.

قات تاغ ـ داۋانلاردا ئېلىپ بېرىلدى. سوغدىلار ئەمەگانىيەتنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئاررىئانىنىڭ خاتىرىلىرىدىگە قارىغانىدا، كۆپلىگەن سوغدىلار دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشنى خالىماي، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئالېكساندىر ئۇسىرۇشانادىكى سوغدىلارنى باستۇرغاندىن كېيىن، سىر دەرياسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەينى چاغدا سىر دەرياسى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ياي-لاقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقى دەپ قارىلاتتى. دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ساكلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، سول قىرغىقىغا چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر جايلاشقان ئىدى. ئالېكساندىر سىر دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا توختىدى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەھەرلەردە گىرېك ـ ماكېدون مۇداپىئە قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، سىر دەريا ساھىلىدىكى يەتتە شەھەردىكى ئاھالىلار قوزغىلىپ گرېكلارغا قارشى تۇردى. ساكلار قىرغاققا توپلىنىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، قوزغىلاڭچىلارغا ياردەم بېرىش پۇرسىتىنى كۈتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باكتېرىيە ۋە سوغدىيانادىمۇ قوزغىلاڭ پارتىلىدى. ئالېكساندىر قىيىن ئەھۋال ئاستىدا قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىر دەريا قىرغىقىدىكى بازىسىنى ئالدى بىلەن مۇستەھكەملەشنى قارار قىلدى. ئۇ ئىككى كۈن ئىچىدىلا دەريا بويىدىكى بەش شەھەرنى ئىگىلىۋېلىپ، بۇ شەھەردىكى ئاھالىلارنى

وەھشىيلەرچە باستۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈ-
رۈلدى. ئاياللار بىلەن بالىلار قۇل قىلىپ سېتى-
ۋېلىندى.

سىر دەريا بويىدىكى قوزغىلاڭ مەركىزى بولغان
كىراپولىيەدىكى شەھەر ئاھالىسى گرېكلارنىڭ ھۇجۇ-
مىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشى تۇردى. ئالېكساندىر كى-
راپولىيەگە ئۆزى بىۋاستە ھۇجۇم قىلىشقا قاتنىششقا
مەجبۇر بولدى. ئۇ بىر قوشۇننى باشلاپ، شەھەرنى
كېسىپ ئۆتىدىغان سۇسىز قۇرۇق دەريا ئۇچى بىلەن مېڭىپ
شەھەرگە يوشۇرۇن كىردى، ئاندىن كېيىن شەھەر
دەرۋازىسىنى ئاچتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قوشۇننى شەھەرگە
كىرگۈزدى. شەھەر ئىچىدىكى كوچىلاردا كەسكىن قان-
لىق جەڭ ئېلىپ بېرىلدى. نەتىجىدە يەرلىك ئاھالى-
لەردىن 8000 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە
ئالېكساندىرنىڭ ئۆزى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىر قىسىم
يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلىرى يارىلاندى. بۇنىڭ-
دىن گرېكلارنىڭمۇ ئاز بولمىغان چىقىمغا ئۇچرىغانلى-
قىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنتايىن قاتتىق ھۇجۇمدىن كېيىن 7 — شەھەر-
دىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پوزىتسىيىسىمۇ
دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن
سىر دەريا قىرغىقىدا پارتلىغان گرېك ئىستىلاچىلى-
رىغا قارشى قوزغىلاڭ باستۇرۇلدى. ئاررىئان مۇنداق
دېگەن: بۇ يەتتە شەھەردە قوزغىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ
بىرسىمۇ قالماي ئۆلتۈرۈلگەن ياكى قۇل قىلىپ سېتى-
ۋېتىلگەن.

## مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلىدىن 327 - يىلىغىچە بولغان سىپتامىن قوزغىلىڭى

تاجىكلار ئەجدادلىرى تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى — سوغدىلارنىڭ سەركەردىسى سىپتامىن سوغدى بىلەن باكتىرىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى ئۇ ئادەم سانى خېلى كۆپ بولغان قوشۇنىنى توپلاپ (كۆپلىگەن تىنچ ئاھالىلارمۇ بۇ قوشۇنغا قاتناشقان) ماراكەند شەھىرىنى ئىگىلىدى. بۇ شەھەردە تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلتۈرۈلدى، ھايات قالغان گرېك قوشۇنلىرى قورغاندى مەھكەم ساقلاپ، سىرتنىڭ ياردىمىنى كۈتتى.

ئالېكساندىر سىر دەريا قوزغىلىڭىنى باستۇرغاندىن كېيىن، قورشاۋدا قالغان كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال 3000 پىيادە ئەسكەر ۋە 800 ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۆزى سىر دەريانىڭ ھازىرقى لېنىنئاباد بىلەن بەگئاباد ئوتتۇرىسىدا قورغان سېلىشقا باشلىدى. بۇ قەلئەگە «ئالېكساندىرىيە ئېسخاتا»① (ئالېكساندىرنىڭ ئەڭ چەتتىكى شەھىرى) دەپ نام بېرىلدى. ئالېكساندىر بۇ شەھەر قورغىنىنى شەرقىي شىمال دۆلەت چېگرىسىدىكى مۇستەھكەم پوزىتسىيە

① ئالېكساندىر شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ئىستېلا قىلىنغان جايلاردا ئۆز نامىدا ئوننەچچە شەھەر قۇرغان، بۇ شۇلارنىڭ بىرى.

قىلماقچى بولدى. گرېك جەڭچىلىرى، پىدائىي جەڭـچىلەر، شۇنداقلا ئاشۇ ئۇرۇشلاردا رول ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلار بۇ قورغان ئىچىگە يۆتكەپ كېلىندى. كۆچمەن چارۋىچى ساكلار سىر دەرياسى قىرغىقىدا تۇرۇپ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى گرېكلارنى ئوققا تۇتتى. ئالېكساندىر ماكېدونىسكى چوڭ تاش پارچىلىرىنى ئېتىپ، ساكلارغا زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى. ئاندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتە سال بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ، ساكلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ساكـلارنى يايلاققا چېكىنىشكە مەجبۇرلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىسكىـلەرنى ئۇزۇل-كېسىل بىتچىت قىلىش قەستى گرېك قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىشقا تاسىلا قالدى. قەھرىمان ئىسكىفلەرنىڭ ئۇزلۇكسىز زەربە بېرىشى ئارقىسىدا دەھشەتلىك ئىسسىق، سۇسىزلىق، چەكسىز قۇملۇقلار تاجاۋۇزچىلارغا چىدىغۇسىز قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. شۇ چاغدا ئېھتىمال ئالېكساندىر كېسەل بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئارريئان: ناۋادا ئالېكسانـدىر كېسەل بولمىغان، گرېكلەر ئىسكىفلەرگە داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەرگەن بولسا، گرېكلەر يەنە ئۆلگىرىـلىسە چوقۇم پۈتـۈن قوشۇن مۇنقەرز بولاتتى، دەپ توغرا ئېيتقان.

ئالېكساندىر ئەڭ چەتتىكى ئالېكساندىرىيە شەھەـرىنىڭ مۇھىم قورغىنىدا مۇداپىئە قوشۇنىنى تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئاساسىي قوشۇنىنى باشلاپ ماراكەندگە بېرىپ سىپتامىن قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى.

ئالېكساندىرنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى ماراكەندگە يېقىنلاشقاندا، سىپىتامىن قورغانغا قىلغان قورشاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چېكىنگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى. گرېك قوشۇنلىرى سوغدىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە باشلىدى. سىپىتامىن پايدىلىق پۇرسەتنى تاللىۋېلىپ، قوشۇننى قايتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاررىئانىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، گرېكلار «دەريا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالغا (زەرەپشان دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ — غاپۇروپنىڭ ئىزاھاتى) قاچقان. ئىسكىفلەر بىلەن سىپىتامىننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى شۇ يەردە قورشىۋېلىپ ئوقيا ئارقىلىق قىرىۋەتكەن»①

سىپىتامىن يەرلىك ئاھالىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ماراكەندتە تۇرۇشلۇق ماكىدونىيە قوشۇننى قايتىدىن قورشىۋالدى. ئالېكساندىر باشلاپ ماڭغان ئاساسىي قوشۇن ماراكەندكە كەلگەندە، سىپىتامىن ئۇلار بىلەن ئېلىشماي ئۆزىنىڭ قوشۇننى يايلاققا قايتۇرۇپ كەتتى. ئالېكساندىر ئىسكىف كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا چوڭقۇر تەجرىبە ـ ساۋاققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ بۇ قېتىم قايتىدىن يايلاققا كىرىپ سىپىتامىنغا قوغلاپ زەربە بەرمەستىن، بەلكى زەرەپشان دەريا ئويمانلىقىدىكى تىنچ ئاھالىنى رەھىمسىز جازالاپ يۇقىدىن چىقتى.

گرېك قوشۇنلىرى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان

---

① «قەدىمكى زامان ئاپتورلىرى» دېگەن كىتابنىڭ رۇسچە نەشرى 52 - بېتىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. تەرجىمە تەھرىرىدىن.

بولسىمۇ، لېكىن ئالېكساندىر مىلادىدىن بۇرۇنقى 328 ـ يىلى باكتېرىيىنىڭ زىمۇيە دېگەن يېرىدىكى ئەتىيازلىق جەڭگە جىددىي تەييارلىق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىسكىفلەر ۋە خارەزىملىقلارنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز قوشۇنلىرىغا يېڭى كۈچ تولۇقلاشقا كىرىشتى.

قەھرىمان سوغدى خەلقى غايەت زور زىيان تارتقان بولسىمۇ، تەسلىم بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. سىپتامىن دۈشمەنلەرنى بىر كۈنمۇ تىنچ قويمىدى. ئۇ «شامالدەك تېز يۆتكىلىپ ھەرىكەت قىلىدىغان» سوغدى ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يۇرۇپ تاجاۋۇزچىلارغا شەپقەتسىز زەربە بەردى. ئاررىئانىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا: «كۆپلىگەن سوغدىلار مۇداپىئەلىنىدىغان جايغا قېچىپ كەتتى. ئۇ (ئالېكساندىر ـــ غاپپوروپنىڭ ئىزاھاتى) ئەۋەتكەن ۋالىيغا بويسۇنۇشنى خالىمىدى »①. تالان - تاراج ئۇچەيلىدىن ۋەيران بولغان سوغدىلار دۆلىتىدە تاجاۋۇزچىلارغا قارشى يېڭىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئالېكساندىر قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن 20 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى بەش يولغا بۆلۈپ، سوغدىلارنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنى چارلاپ، ئۇچرىغان ھەر قانداق ئادەمنى ئۆلتۈردى. گرېك تارىخچىسى دىئادارنىڭ خاتىرىلىشىچە: «ئالېكساندىر قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سوغدىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ 120

① «قەدىمكى زامان ئاپتورلىرى» دېگەن كىتابنىڭ رۇسچە 53 ـ بېتىدە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. تەرجىمە تەھرىرىدىن

مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈرگەن» ①. مۇشۇنىداق ۋەھشىيلىك بىلەن قوغلاپ جازالاش نەتىجىسىدە بۇ دۆلەت قاتتىق خانىۋەيران قىلىندى. ئالېكساندىر ھەتتا بىر سەركەردىنى «سوغدىيانىدىكى شەھەرلەرگە يېڭىدىن ئاھالە يۆتكەش» ئۈچۈن ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ يەردە كۆرستىلگىنى خارابىلىقتا ئايلانغان سوغدىيانە شەھەرلىرى ئاساسىدا «ئالېكساندىرنىڭ ئەڭ چەتتىكى شەھىرى» شەكلىدىكى گرېك مەھەللىرى — مۇستەملىكىلەرنى قۇرۇپ، بۇ يەرلەرنى گرېك - ماكىدون قوشۇنلىرى ۋە ھەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ پوزىتسىيىسى قىلىغان بولىسا كېرەك.

ئۇ چاغلاردا تاجاۋۇزچىلار سوغدىيانىنى قانلىق دەرياغا ئايلاندۇرغاندەك، ئالېكساندىرنىڭ باكتېرىيىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن سەركەردىسىمۇ بۇ دۆلەتنىڭ تۇپىلاڭچىلارنى بويسۇندۇرۇشى ۋە جازالىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كۆردى. لېكىن سپىتامىن 600 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ئالېكساندىرنىڭ ئارقا سېپى بولغان باكتېرىيىگە كىردى. ئۇ شۇ يەردە ئاجايىپ غەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن گرېك قوشۇنلىرىغا قارشى داۋاملىق جەڭ قىلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 328 - يىلى كۈزدە، سپىتامىن 3000 ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، يەنە بىر قېتىم سوغدىيانە پايتەخ-

① «قەدىمكى زامان ئاپتورلىرى» دېگەن كىتابنىڭ رۇسچە 64 — بېتىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

ىگە باردى. ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغان بىر مەيدان قاتتىق جەڭدىن كېيىن، سىپىتامىن يايلاقلا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بەزى سەركەردىلىرى، ئاسىيلىق قىلىپ سىپىتامىنغا تۇيۇقسىز زەربە بەردى. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ «ئالېكساندىرگە سوۋغا قىلدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى» (ئاررىئانىنىڭ سۆزى ئاساس قىلىنغان).

سىپىتامىننىڭ ئۆلۈمى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي غەلىبە قىلغانلىقى ياكى سوغدىلارنىڭ پۈتۈنلەي ئىستىلا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئىستىلاچىلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوغدىيانانىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا خەتەرلىك ئىدى. دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەت ئاھمانىلار سۇلالىسىنى ئوڭايلا تارمار قىلالىغان ماكېدونىيە خانى ئالېكساندىر تېز پۈكمەس سوغدىيانادا مىلادىدىن بۇرۇنقى 328 – يىلى بىلەن 327 – يىللارنىڭ ئارىلىقىدا بىر قىشنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئەمما، مىلادىدىن بۇرۇنقى 328 – يىلى كۈزدىن باشلاپ، ئالېكساندىر يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆزىنىڭ سوغدىيانە قوزغىلاڭچى ئاھالىلەرگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىشتىكى تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلىغان ئىدى. شۇڭا ئاقسۆڭەكلەرگە ۋەزارا ئاستىرا كاھىنلىرىغا قارىتىلغان سىياسىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. مىلادىدىن بۇ-

رۇنقى 327 - يىلى ئەتىيازدا، سوغدى ئاقسۆڭەكلىرى-
دىن ئوكسىنارت، سىزىمىتىرە خارىيەن قاتارلىقلار رەھ-
بەرلىك قىلىپ قوغداۋاتقان سوغدىلارنىڭ تاغلىق رايون-
لاردىكى بىر قانچە قورغىنىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئالېك-
ساندىر ئۇلارنى كەچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ
بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ مۆكا-
پات پۇلى ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئۆزىگە
ياردەم قىلغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە
ھەدىيە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى سوغدىلارنىڭ ئالېك-
ساندىرغا قارشى كۈرەشكە قاتناشمىغان ئاقسۆڭەكلەر-
نىڭ ۋەكىللىرىگىمۇ ھەدىيە قىلدى. يۇقىرىدا بايان
قىلىنغان تەدبىرلەرنىڭ ئالېكساندىر بىلەن يەرلىك
ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق قىلىپ
ئۈنۈملۈك ھالدا ئۆزگەرتكەنلىكىگە ئاررىئان نەقىل
كەلتۈرگەن ئالېكساندىرنىڭ ئوردا تارىخچىسى كاللىس-
فېنىڭ ئەيىبنامىسىغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش
مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سەن ياۋايىلار
دۆلىتىدە تۇرساڭ، ياۋايىلارچە تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئادەت-
لىنىشىڭ كېرەك. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئالېكساندىر سېنىڭ-
دىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن گىرېتسىيىنى ئۇنتۇما، سەن
گىرېتسىيىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ قىممەتلىك يىراقتا يۈرۈش
سەپىرى بىلەن شۇغۇللاندىڭ. ئاسىيانى گىرېتسىيىگە
قوشۇۋېلىشنى مەقسەت قىلدىڭ».

ئالېكساندىر بىلەن سوغدىلارنىڭ يۇقىرى تەبىقە-
سى ئوتتۇرىسىدا قودا - باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتى-

لىدى. ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن ئوكسىئارتنىڭ قىزى روق
سانىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش بىلەن بۇ قىزنىڭ مىللى
تىدىن بولغان كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتتى. سوغدىيان
ئاقسۆڭەكلىرى ئالېكساندىرنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئەمەس
بەلكى خەلق بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن
كېيىن، ئالېكساندىرنىڭ يالاقچىسىغا ئايلاندى. ئۇ
دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىنى دۈشمەنگە ساتتى. مەسىلەن
سىزىمىتىر ئالېكساندىرگە سانى خېلى كۆپ بولغان قو
شۇن ۋە 2000 تۆگە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئالېكساندىر
نىڭ ساكلار قەبىلىسىنى ئىستىلا قىلىشىغا ياردەم
لەشتى.

سوغدى ئاقسۆڭەكلىرىدىن بولغان ئوكسىئارتىنىڭ
ھەرىكىتىنى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ
مەنپەئىتىگە خائىنلىق قىلغانلىقىنىڭ تىپى قىلىشقا
بولىدۇ. ئۇ ئالېكساندىر بىلەن قۇدىلاشقاندىن كېيىن،
ۋەتىنىنى ئالېكساندىرنىڭ قۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىش
ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. مىلادىدىن بۇرۇن
قى 325 - يىلى ئەتىيازدا باكتېرىيىنى ساقلاۋاتقان
گرېك قوشۇنلىرى ئالېكساندىرگە قارشى تۇرۇپ باك
تىرا قورغىنىنى ئىگىلىگەندە، ئوكسىئارت بۇ پايدىلىق
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىستىلاچىلارغا قارشى تۇرماي،
بەلكى ۋەقە يۈز بەرگەن خەۋەرنى ئالېكساندىرغا
يەتكۈزدى. شۇ چاغدا ھىندىستاندا تۇرۇۋاتقان
ئالېكساندىر دەرھال توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن تەدى
بىر قوللىنىپ ئوكسىئارتنى پاراپامساد ئۆلكىسى (كابول

دەرياسى جىلغىسىغا جايلاشقان) نىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنـ
لىدى. شۇ چاغدا ئۇ يەردىمۇ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى
قوزغىلاڭ پارتلىغان ئىدى. ئوكسىئارت بۇ قوزغىلاڭنى
ئۆزى بىۋاستە باشتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا رەھىمسىز
زىيانكەشلىك قىلدى.

ئىستىلاچىلارنىڭ ھەربىي ئۇستۇنلۇكى ۋە يەرلىك
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولـ
غانلىقى سەۋەبىدىن، سوغدى خەلقىنىڭ قەھرىمانـ
لىق قوزغىلىڭى باستۇرۇلۇپ كەتتى. پۇتكۇل ئامۇ دەريا
ۋادىسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى رايونلارنى ماكىدونىيىلىكـ
لەر ئىشغال قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا
ئالىكساندىر زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە
بېسىپ كىرگەن، ئۇ يەردە ھازىرغا قەدەر ئىسمى ئالىكـ
ساندىر كۆلى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆل ساقلانماقتا،
بۇ شۇ تارىخنىڭ ئىسپاتى.

ئالىكساندىر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلغان
چاغدا، پەقەت خارەزىملا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقـ
لاپ قالالىغان. ئاررىئان مۇنداق دەيدۇ: مىلادىدىن
بۇرۇنقى 329 — 328 - يىللىرى ئالىكساندىر باكترادا
قىشلىغاندا، خارەزىم خانى فارازمان 1500 چەۋانداز
بىلەن بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن
بىرلىشىپ كالخاۋ بىلەن ئامازون ئايالىدرىغا قارشى
ئۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن. لېكىن، شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، خارەزىملىقلار يەنە يوشۇرۇنچە
سىپىتامىنغا ياردەم بەرگەن. سىترابونىنىڭ خاتىرىسىگە

قىلىشىغاندا، سىپىتامىن خارەزملىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنۇ
ۋېلىپ، تاجاۋۇزچىلارغا تويۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن
يېڭىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلغان.

تاجىك مىللىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى
قوغداش ئۈچۈن، زور ئەمەلىيە قوزغالغان ئىستىلاچى
لارغا قارشى ئۈچمەنلىك بىلەن ئۇرۇش قىلدى. گەرچە
ئۇلار بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن،
ئۇلارنىڭ قەھرىمانە قارشىلىقى ئالېكساندىرغا قاقشاتقۇچ
قۇچ زەربە بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى
قىنى قاتتىق ئاجىزلاتتى.

ئاھمانىلار دۆلىتىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، باكتىرىيە،
سوغدىيانا ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ
گرېك ـ ماكېدون ئىستىلاچىلىرىغا بېقىنىشلىرى بۇ دۆلەت
لەردىكى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ قىيىن شارائىتىنى
قىلچىلىك ياخشىلىيالمىدى. ئاشۇنىداق ئىستىلاچىلارنىڭ
كۆچلۈك قوللىشىغا تەلمۈرگەن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر مەيـ
لى ئۆزىنىڭ باي بولۇشىنى مەقسەت قىلسۇن ياكى
سىرتتىن كەلگەن ئىستىلاچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسۇن،
ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئەمگەكچى خەلققە قاراتقان ئېكسپلا
تاتسىيىسىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى. دەل مۇشۇنـ
داق بولغانلىقتىن، ماكېدون تاجاۋۇزچىلىرى ھۆكۈمراند
لىق قىلغان پۈتكۈل دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتـ
لىرى ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چەت ئەللەرنىڭ
زۇلمىدىن قۇتۇلۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

## ئالېكساندىر ماكېدونىسكى ئىمپېرىيىسىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ماكېدون ئىستىلاچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

ئالېكساندىر بابىلنى يېڭى ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قىلىپ، ئاھمانىلار دەۋرىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قالدى. ئۇ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 324 - يىلدىن باشلاپ ئۇ قوشۇن ئىچىدە پارسلار، باكتېرىيىلىكلەر، سوغدىلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا قەۋملەرنىڭ ۋەكىللىرىگە قارىتا گرېكلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپىنى قوللاندى. ئۇ 30 مىڭ ياشنى (يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەرزەنتلىرى) ماكېدونچە قوراللاندۇرۇپ، ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىدى.

كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئالېكساندىر گرېك - ماكېدون مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تايانچ پونكىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، سوغدىيانا ۋە باكترىيىدە سەككىزدىن 10 غىچە شەھەر قۇردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئالېكساندىرنىڭ ئىسمىنى قويدى. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئالېكساندىرىيە ئىسخاتادىن باشقا يەنە ئارىيە دەرياسى بويىدىكى ئالېكساندىرىيە (ھىرات) بار ئىدى. ئىككى ئالېكسان-

دىرىيە ئارا خوزىيە (بۈنىڭ ئىچىدىكى بىرسى بەلكىم ھازىرقى قەندەھارغا جايلاشقان بولسا كېرەك) گە جايلاشقان ئىدى. ھىندىقۇش تېغى ئېتىكىدە كاۋكازلارنىڭ ئالېكساندىرىيىسى بار ئىدى. ئوكسا دەرياسى (ئامۇ دەرياسى) بويىدىكى ئالېكساندىرىيە (ئېھتىمال ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كولياب رايونىدا بولسا كېرەك)، باكتىرا ئەتراپىدىكى ئالېكساندىرىيە، مەرغىيانادىكى ئالېكساندىرىيە (مەرۋى، ھازىرقى مارى) بار ئىدى. بۇ يەرلەرگە 20 مىڭ پىيادە ئەسكەر ۋە 300 چەۋەنداز ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

ئەمما، ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىمپېرىيىسىنى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرالمىدى، بۇ ئىمپېرىيە پەقەتلا كۆپلىگەن قەۋملەرنىڭ تاسادىپىي توپلىشىشىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئىمپېرىيىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 323 - يىلى) دەرھال ئىپادىلەندى.

ئالېكساندىرنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى ئېزىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كلاسسىك تارىخشۇناسلارنىڭ خاتىرىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئىستىلاچى ئۆلگەندىن كېيىن «ياۋايىلار» مورغاب دەريا بويىدىكى مەرغىياناغا سېلىنغان ئالېكساندىرىيە (مەرۋى) نى دەرھال بۇزۇۋەتكەن.

ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئۇنىڭ ئەمەلىي ۋارىسلىرى — باش قوماندانلار («دىئادوكس»

ـــ ۋارىسلىق قىلغۇچى بىلەن «ئېپىگونوس»، — ۋار-
ىسلارنىڭ ۋارىسلىرى) لارنىڭ قولىغا چۈشەتتى. ئۇلار
ئارىسىدا ئىمپېرىيىنى تالىشىش كۈرىشى پارتلىدى، لېكىن
ھېچقايسىسى ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تامامەن تار-
تىۋالالمىدى. ئىككى ئاساسىي دىئادوكس گۇرۇھى چوڭ
فىرگىيەدىكى ئىپسوستا شىددەتلىك بىرلەشمە جەڭ قىل-
دى (بۇ جەڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 301 - يىلى بول-
غان بولۇپ، قەدىمكى يۇنان، روما دۇنياسىدىكى ئەڭ
چوڭ قانلىق جەڭلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ). كېيىن
ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ئۈچ مۇستەقىل دۆلەتكە - ماكې-
دونىيە، مىسىر ۋە سۈرىيە (سەلۋىك خانىدانلىقى) غا
بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ دۆلەتلەر تارىختا گرېكلەشكەن
دۆلەتلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى ئالېكساندىر ماكېدون-
سكىنىڭ يىراققا جازا يۈرۈش قىلىشىنى ئىلغارلىقنىڭ
ئالامىتى دېيىشىدۇكى، ئەمما ئالېكساندىرنىڭ يىراققا
يۈرۈش قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىنىڭ گىرېتسىيە
ھۆكۈمرانلىقىنى شەرققە كېڭەيتىش، سودا - سېتىق
دائىرىسىنى كېڭەيتىش، شەرقتىكى مىللەتلەرنى ئېكىس-
پىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى قولغا
كىرگۈزىۋېلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇ يۈرۈش-
لەرنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئاھالىلەرنى رەھىمسىز قىر-
غىن قىلىش بىلەن داۋاملاشقان. بۇرژۇئا تارىخشۇناس-
لىرى گرېك مەدەنىيىتىنىڭ شەرق مەدەنىيىتىگە كۆر-
سەتكەن تەسىرىنى تىلغا ئالغان چاغدا، ئاغزىنى يۇمۇ-

ۋېلىپ شەرقتىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زادى تىلغا ئالمايۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئەچچەمىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە شەرق مەدەنىيىتى گىرىتسىيە، شۇنداقلا باشقا غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور ھەم كۆپ تەرەپلىمە تەسىر كۆرسەتكەن.

ئاتالمىش گىرېكلەشكەن مەدەنىيەتتە (ئېللىنىزم مەدەنىيىتى) كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى «ساپ گىرېك مەدەنىيىتى ئەسەرلىرى بولماستىن، بەلكى گىرېك مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. گىرېكلەشكەن مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئاجايىپ روللارنى ئوينىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنىي ئېتىقاد قەدىمكى زامان گىرېكلىرى ۋە روماللىقلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە كېيىنچە خرىستىئان دىنىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، باكتېرىيىلىكلەرنىڭ مىترا (قۇياش ئىلاھى) غا چوقۇنۇشى دەسلىپىدە كىچىك ئاسىيادا تارقالغان، كېيىنچە گىرىتسىيە ۋە روماغا تارقىلىپ، ئۇ يەردىن بىرىتانىيە تاقىم ئاراللىرى، دوناي دەرياسى ۋە قارا دېڭىز بويلىرىغا تارقالغان، ھەمدە خرىستىئان دىنىنىڭ مۇراسىملىرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. قەدىمكى زامانىدا شەرقنىڭ تەسىر كۆرسەتكەنلىكى گىرىتسىيە پەلسەپىسى، ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى قاتارلىق ھەر قايسى تەرەپلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## ۷ باب ۋارۋەيە، گرېك - باكتىرىيە ۋە خارەزىم دۆلەتلىرى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 - ئەسىرلەر)

### سەلۋىك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا

سەلۋىك خاندانلىقىنى ئالېكساندىرنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان سەلۋىك (مىلادىدىن بۇرۇنقى 312 — 218 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) مىلادىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلى قۇرغان. سەلۋىك ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۆلكىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى. سەلۋىكنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە دىئادادخلار ئارىسىدا ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىش مەۋجۇت بولغانلىقتىن، قۇل قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى، شۇنداقلا قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى تۈپەيلىدىن سەلۋىك خاندانلىقى كۈندىن كۈنگە ئاجىزلىشىپ زېمىنى كىچىكلەپ كەتتى.

سەلۋىك خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆلكىسىدىكى رايونلىرىدىن باكتىرىيە، سوغدىيانا ۋە مەرغىيانا ئىقتى

سادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن ناھايىتى زور رول ئوينىدى. لېكىن سەلجۇق خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قىلچە كۆڭۈل بۆلمەستىن، بەلكى بۇ رايونلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن يىغىۋېلىنىدىغان باجنى يەنىلا كېمەيتمىدى.

چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە تايىنىپ، ئاھالىلەر ئىچىدىكى ئەمگەكچىلەرنى قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى جىددىيلەشتۈردى، شۇڭلاشقا سەلجۇق خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملىنەلمىدى. يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر شۇنداقلا گىرىتسىيە ساتراپلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن كۈرەش قىلغاندا، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا خەلقنىڭ ئىستىلاچىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىرادىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلاندى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرگە كەلگەندە، سەلجۇق خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا يىمىرىلدى. بۇ قوزغىلاڭلار بىلەن روماللىقلارنىڭ سەلجۇق خاندانلىقىغا قارشى ھەربىي ھەرىكەتلىرى بىرلا ۋاقىتتا يۈز بەردى.

## فارفىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

فارفىيە دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى فارفىيە كۆچمـ

مەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ سەلۋىك خاندانلىقى مەمۇرىي دائىرىلىرىنىڭ ئىزىدىشىگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭىنىڭ نەتىجىسىدۇر. باكتىرىيىدىكى ئاقسۆڭەك ئارشاك ۋە ئاكا - ئۇكا تىرىداتلار خەلقىنىڭ نارازىلىقى ھەمدە سەلۋىك خاندانلىقىنىڭ قىينچىلىق ئىچىدە قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، داغ قەبىلىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ (ماسساگىتلا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى) تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 250 - يىللىرى فارفىيىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

ئارشاك گىرىتسىيە ساتراپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، گورگانىنىڭ شىمالىي، ھازىرقى تۈركمەنىستان ۋە كاسپىي دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى باشقا رايونلارنى ئىگىلىدى. سىتىرابوننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، تۆۋەندە بايان قىلىنغان ئەھۋال توپىلاڭنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «فارفىيىدە ئورمانزارلىق ۋە تاغلار كۆپ بولۇپ، نامرات جاي ئىدى. شۇڭلاشقا خان ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئېلىپ بۇ دۆلەتتىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، چۈنكى بۇ دۆلەت ئۇ قوشۇنلارنىڭ ناھايىتى قىسقا ۋاقىتلىق تەمىناتىنىمۇ بېرەلمىدى». بۇ يەردە تۇرۇشلۇق گىرىتسىيە مۇداپىئە قوشۇنلىرىنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. ماكىدونىيە خانى ئالېكساندىر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن باشلاپ، شەرقىي ئىراندا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە يېرىم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ يات دۆلەت كىشىلىرى-

گە قارشى كۆرىشى توختىمىدى. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە
ئاقسۆڭەكلىرى ھەم دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەرلىك
ئاقسۆڭەكلەر بۇ يەردە زاھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

ئارشاكلار ھاكىمىيىتى كېڭەش تۈزۈمىنى قوللاندى،
كېڭەش خانىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - جەمەتلىرى،
زاۋا ئاستىرا دىنىنىڭ ئابرويلۇق كاھىنلىرى ۋە باشقا
كاتتا ئاقسۆڭەكلەر ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىندى.
روما تارىخچىسى ئىسافە فىلاۋسىيە (مىلادى 1 - ئەسىردە
ياشىغان) نىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كېڭەش قابىلىيەتسىز
خانلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ۋە يەنە باشقا
بىرسىنى تەختكە چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە
ئىدى.

فارفىيە خاندانلىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەركىزى
ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە (گونساپ، كوفىت تاغ ئېتىكى،
ئاشخابات ئەتراپىدا) ئىدى. ئىستىلا قىلىپ قولـ
غا كەلگەن زېمىنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ،
ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزى غەربكە، ئىلگىرى -
ئاخىرى بولۇپ ئىران ۋە مىسوپوتامىيىگە يۆتكەلدى.
خان تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە (مىلادىدىن
بۇرۇن 56 —، 37 - يىلغىچە) يېڭى پايتەختىنى تىگىر
دەريا ساھىلىدىكى كېتىسفونغا قۇردى (كېيىنچە ئەرەبـ
لەر بۇ شەھەرنى مادەئىن دەپ ئاتىغان). مىلادىدىن
بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن باشلاپ، كۈچلۈك فارفىيە دۆلـ
تى رومانىڭ ئاساسلىق رەقىبىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئۈزـ
لۈكسىز ھالدا روماغا قارشى ئۇرۇش قىلدى.

مۇشۇ ئۇرۇشلار جەريانىدا ئارشاكىلار خاندانلىقى ئاشۇ زامان ئېتىبارىدا 1 - دەرىجىلىك قوشۇن بەرپا قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەبىلىلەرنىڭ خەلق قوراللىق كۈچلىرى ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ماسساگىت قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئوخشاش يېنىك ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە ئېغىر ئاتلىق ئەسكەرلەر دەپ ئايرىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئاساسلىق كۈچى ئىدى، ستالىن پارفىيىلىكلەر تاكتىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەرھلىگەندە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن ئېيتقان قايتۇرما زەربە، دۈشمەن غەلىبىلىك ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىنكى قايتۇرما زەربىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى ھەرگىز ھەل قىلغۇچ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن، بەلكى مۇشۇ مەزگىلدە مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتقان يەنە بىر تەرەپ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن ۋە دۈشمەننى ھەل قىلغۇچ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان ... قەدىمكى زاماندىكى پارفىيىلىكلەر مۇشۇنداق قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى بۇرۇنلا بىلگەن، ئەينى چاغدا ئۇلار رىمنىڭ باش قوماندانى كىراس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز دۆلىتى ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئارقىدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى يوقاتقان»①.

پارفىيە دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرىدىمۇ يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى

① ستالىن: «بولشېۋىكلار» ژۇرنىلى 1947 — يىللىق رۇسچە نەشرى 3 - سان 8 - بەت.

ساقلاپ قالغان كۆپلىگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بار ئىدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى قۇللۇق تۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىغا ئايلانغان ئىدى.

چېگرىدىن ئۆتۈپ سودا قىلىش فارفىيە ئىقتىسادىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. غەربتىكى گىرېتسىيە، روما بىلەن شەرقتىكى جۇڭگو، ھىندىستانلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسىي سودا يولى فارفىيەدىن ئۆتەتتى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئارشاكلار خاندانلىقى، گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقى، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سەلۋىك خاندانلىقى ۋە رومالارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. مەشھۇر «كارۋان يولى» باكتېرىيە ۋە فارفىيەدىن ئۆتەتتى. جۇڭگو يىپەكچىلىكىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سودا بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، ئارشاكلار خاندانلىقى پۈتۈن كۈچى بىلەن جۇڭگو خانىنىڭ روما بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. جۇڭگو ۋە فارفىيە مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، شۇ چاغدا، جۇڭگو فارفىيە خانى مىتىرداتII (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 124 — 87 - يىللار) گە ئەلچى ئەۋەتتى.

جۇڭگونىڭ تارىخىي خاتىرىلىرىدە ئېيتىلىشىچە: «ئارشاكلارنىڭ زېمىنى بىپايان بولۇپ، ئۇ يەرلەردە شال، بۇغداي ۋە ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن، شەھەرلىرى

سېپىل بىلەن قورشالغان، كۆن - تېرە ئۈستىگە خەت يازغان، خەتنى بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە يازغان.»①

1930 - يىلىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە م.ئە.ماسسانا رەھبەرلىكىدىكى تۈركمەنىستان ئۇنىۋېرسال ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش تەكشۈرۈش ئەترىتى قەدىمكى شەھەر نىسانىڭ خارابىسىنى (ئاشخابات ئەتراپىدىكى باگىر كەنتىگە جايلاشقان) كەڭ كۆلەمدە قېزىپ تەكشۈردى. نەتىجىدە بۇ يەردىن تېپىلغان «كونا نىسا شەھىرى» خان چەكلىگەن ئورۇن بولۇپ، ئەسلى شەھەر ئورنى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

«كونا نىسا» قەلئەسى — خاننىڭ ئوردىسى (بۇنىڭ ئىچىدە خان ئوردىسىنىڭ كۈندىلىك ئىش بىجى-

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر» پەرغانە تەزكىرىسىدە: «ئارشاكلار يەرلىك مىللەت بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شال، بۇغداي تېرىيدۇ، مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىدۇ». «ئۇنىڭغا قاراشلىق چوڭ - كىچىك نەچچە يۈز شەھەر، نەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىغان جاي بولۇپ، ئەڭ چوڭ دۆلەت ئىدى، كۆن - تېرىلەرگە خەت يازاتتى» دېگەن خاتىرىلەر بار. زامانىمىزدىكى تارىخچىلارنىڭ كۆپ قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن چىقارغان ئىلمىي خۇلاسىلىرى بويىچە قارىغاندا، ئارشاكلار سېپى ئۆزىدىن تۈركىي خەلق بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ئالىپ ئەر تۇڭا قوماندانلىقىدىكى تۈرك ئىمپېراتورلۇقىدا بولغان. ئۇلارنىڭ تىلى، ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ھەربىي يۈرۈشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن بىردەك بولغان. پەقەت كېيىنكى كۈنلەردىلا پەھلىۋى تىلىنى ئىشلەتكەن. پىرسىيە ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن كېيىن، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 — 247 - يىللىرى ئىران ئېگىزلىكى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى ۋە سەلۇكىد ھۆ-

ردىغان ئۆيلىرىمۇ بار)، نەزىر - چىراققا ئىشلىتىلدىغان ئۆي - ئىمارەت، ئوردىسىنى قوغدىغۇچى نەۋكەر ھەم ۋەزىرلەر دىجورنىلىق قىلىدىغان ئورۇن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەلئە بەش بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى ئېگىز ھەم قېلىن سېپىل ئوراپ تۇرىدۇ. تام ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى ئون مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي بۇرجىكىدە «ھەيۋەتلىك مۇنار» بولۇپ، مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى تەكشى چاسا شەكىلنىڭ كۆلىمى 3.5 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ مۇكەممەل مۇنار قۇرغان قەلئەنى قوغداشتىكى ئاساسلىق تۈگۈنلەرنىڭ بىرىدۇر. تام ۋە مۇنار پاخسا (سېغىز لاي) بىلەن خام خىشتىن قوپۇرۇلغان. كىشىلەرنىڭ پەرىزىچە، قورۇق تامنى

---

كومرانلىقىغا ئۆتكەن. ئارقىدىنلا فارفىيە خاندانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلدىن مىلادى 226 - يىلغىچە) ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن داھەيى ئارشاك قوماندانلىقىدا بۆسۈپ كىرگەن ئارشاكلار ئەسامدە بار بولغان ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، يۇنان قۇلدارلىرىنىڭ فارفىيىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، فارفىيە خاندانلىقىنى قۇرغان،

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، فارفىيىنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئىران ئېگىزلىكى ۋە ئېۋ فىرات دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى پۈتكۈل مېسوپوتامىيە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، فارفىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى دۆلەت چېگرىسى ئامۇ دەرياسىغا يېتىپ بارغان. كېتسفون. پايتەخت قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ،

بويلاپ تار ۋە ئۇزۇن يانتۇلۇقتىن ئۆتكەندە قەلئەگە بېرىش مۇمكىن.

قەلئەنىڭ ئىچىدىكى مەركىزىي رايوندا بىر ھەيۋەتلىك تۆت چاسا سالون (زال) بولۇپ، ئۇنىڭ كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان تۆت دانە قوپال تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. ھەربىر تۈۋرۈك خۇددى تۆت دانە يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۈۋرۈكنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغۇزۇلغاندەك كۆرۈنىدۇ. يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۈۋرۈكلەر تامنىڭ تۆت ئەتراپىنى بويلاپ جايلاشقان تامنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىمۇ تامنى بويلاپ يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۈۋ—

---

قۇللۇق تۈزۈمىدىكى روما دۆلىتى شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، فارفىيە بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى فارفىيە روما ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، سپارتاك قوزغىلىڭى باستۇرغان چاغلاردا، روما باش قوماندانى كىراسنى ئۆلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنالمىغان. كۈرەش تاكى ئەڭ ئاخىرىدا فارفىيە ساسان ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغانغا قەدەر داۋاملاشقان.

فارفىيەنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەخمىنەن 500 يىل دەۋر سۈرگەن. شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا بىر يۈك - بىر مىسقالنىمۇ تالىشىدىغان پۇختا سودىگەر دۆلەت بولغان. تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە غەربكە يۈرۈش قىلىشى ئېھتىمال ئاشۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى قوغلاشقانلىقتىن بولسا كېرەك —— تەرجىمە تەھرىرىدىن؛

ۈك بىلەن بېزەلگەن. يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۈۋرۈك قارىسىدىكى تام تەكچىلىرىگە سىغىز لايدىن ياسالغان چوڭ تىپتىكى ھەيكەل ئورنىتىلغان (ئادەمدىن چوڭراق). ٤- قەۋەت تام يۈزىگە قىپقىزىل گەج ۋە رەڭلىك زىننەتلەنگەن نەقىشلىك تام رەسىملىرى يېپىشتۇرۇلغان ھەم ئالتۇن ھەل بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ بېزەلگەن. يەرگە ئاق گەج ياتقۇزۇلغان، تورۇس ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا تۈگۈلۈك ئېچىلغان. بۇ يورۇقلۇقنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىدى. تۆت تال مەركىزىي تۈۋرۈكنىڭ بەرداشلىق بېرىش كۈچى، ئويمىلار ۋە رەتلىك قۇرۇلۇش زىننەتلىرىنىڭ گۈزەللىكى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت كۆركەم مەنزىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ھەيران بولماي قالمايدۇ.

بىر ئېغىز ئۆيدىن زور تۈركۈمدىكى پىل چىشىدىن ياسالغان بۇيۇملار تېپىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاسالىقى «رىتون»، يەنى مۈڭگۈزگە ئوخشاپ كېتىدىغان جام (رۇمكا) بولۇپ، رىتوننىڭ ئۈستىگە ئىلاھلارنىڭ پائالىيەت كۆرۈنۈشلىرى چۈشۈرۈلگەن. رىتون، يەنى رۇمكىلارنىڭ تۆۋەن قىسمى نەقىشلەپ زىننەتلەنگەن. يەنە پىششۇرۇلغان سىغىز (بۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەنلىرى بار)، تۈچ، مەرمەر تاش ۋە كۈمۈش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ھەيكەللەر تېپىلدى. مەسىلەن، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن فارفىيە مەلىكىسىنىڭ كىچىك كۈمۈش ھەيكىلى، ئالتۇن بىلەيزۈك تاقىغان ئېروس (يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى)

نىڭ كىچىك كۆمۈش ھەيكىلى قاتارلىقلار بار.
«كىونانىسا» دىن تېپىلغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ئىچىدە زور مىقداردىكى فارسىيە ھۆججەتلىرى ئالاھىدە ئورۇنىدا تۇرىدۇ، بۇنىڭ زور بىر قىسمى پارچە سېغىز تاختاي ـ ئاستراكان ئۈستىگە يېزىلغان باج ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەردىن ئىبارەتتۇر.
2 ـ قەدىمكى شەھەر «يېڭى نىسا» خارابىلىرى ئىچىدىن ئىبادەتخانا ۋە قەبرىلەرنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى.
فارسىيە خاندانلىقىدا دىن جەھەتتە خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. شۇ يەردىكى قۇياش ئىلاھى مىتراغا چوقۇنۇش ۋە خاندانلىقنىڭ قورغۇچىسى ئارشاكقا چوقۇنۇشتىن باشقا يەنە يۇنانىنىڭ نەزىر ـ چىراق ئېتىقادچىلىقى، زارا ئاسترا دىنى ۋە نىسبەتەن كېيىنرەك پەيدا بولغان خرىستىئان دىنىمۇ بۇ يەردە تارقالغان. مۇشۇنداق ئېتىقادلار ئىچىدە زارا ئاسترا دىنىنىڭ كۈچلىرى مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ۋالاگىزI (ۋولگاش، مىلادى 51 ـ يىلدىن 77 ـ يىلىغىچە) «ئاۋىستا» نى مۇقەددەس كىتاب قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپلا ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ پۇللىرىدا فارسىيە تىلى (پەھلىۋى تىلى) نىڭ ئويما يېزىقلىرى (مېتال پۇل ئۈستىگە ئويۇلغان خەت) پەيدا بولۇپ، گرېك ئويما يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ زارا ئاسترا كاھىنلىرى فارسى-

ھەدە قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى.
ئىراننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى يىلنامە يازغۇچىلىرى فارفىيەدە ساقلىنىپ قالغان ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئامىللىرىغا قارىتا روشەن ھالدا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى. ئۇلار تۇرلۇك ئامىللار بىلەن فارفىيە خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچىنى (بىر نەچچە ئەسىر داۋام قىلغان) يوشۇرۇپ زادىلا تىلغا ئالمىدى، ھەتتا قەستەن بۇرمىلاپ، مۇشۇ باسقۇچنى مۇتەھەملەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەۋر دەپ بايان قىلدى.
لېكىن، خەلق ئارىسىدا بۇ باسقۇچ ئالاھىدە ئۇسۇل ئارقىلىق ئەستە ساقلاندى: «پالۋان» دېگەن ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئىسىم «باتۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا «پەھلىۋىنىڭ ھېكايىسى» ۋە «پەھلىۋى ناخشىسى» دېگەن ئاتالغۇلار ئەپسانىۋى ھېكايە ۋە قەدىمكى زامان قوشاقلىرى دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.
3 – ئەسىردىن 7 – ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە پۈتكۈل ئوتتۇرا قىسىم پارس ئەدەبىياتىمۇ پەھلىۋى ئەدەبىياتى نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن ئىدى. فارفىيە خاندانلىقىنىڭ تارىخى 500 يىلغا يېتىدۇ، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاساسلىقى ئىران ۋە مېسوپوتامىيە رايونلىرىغا كېڭىيىپ، تاجىكلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەت ئەجدادلىرى تارىخىنىڭ كاتېگورىيىسىدىن ئايرىلغان ھالقىپ كەتتى.

## گرېك ـ باكتىرىيە خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ پارفىيە خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، خەلقنىڭ چەت ئەل قول قىلغۇچىلىرىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى باكتىرىيىدىمۇ ناھايىتى زور كۆلەملىك بولدى. لېكىن بۇ يەر پارفىيە بىلەن ئانچە ئوخشىمايتتى، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ماكېدونىيە ئىستىلاچىلىرى باشتىن ئاخىر ناھايىتى زور ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئىدى.

باكتىرىيە ساتراپى (ۋالىيسى) يۇنانلىق دىئادوت خەلقنىڭ توپىلىڭىدىن قورقۇپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئەسكىرىي كۈچىگە شۇنداقلا شۇ يەردىكى گرېكلەشكەن باكتىرىيە ۋە سوغدى ئاقسۆڭەكلىرىگە تايانىدى ھەمدە كەڭ ئامىمىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىدىن قىسمەن پايدىلاندى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 ـ يىلى باكتىرىيە سەلۋكى خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل بولغانلىقىنى جاكالىدى. ھەمدە گرېك ـ باكتىرىيە خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ دۆلەت باكتىرىيە، سوغدىيانا ۋە مەرغىيانانىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، كېيىنچە ئۇنىڭ چېگرىسى شىمالدىن سىر دەريا قىرغىقى، جەنۇبتىن ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا يېتىپ باردى.

دىئادوتۇت پارفىيەنى گرېك ـ باكتىرىيە خاندانلىقىغا قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە پارفىيە خاندانلىقىنىڭ

قۇرغۇچىسى ئارشاكقا قارشى ئۇزۇن يىل ئۇرۇش قىلـ
دى. ئارشاك مۇشۇ قىتىملىق بىر ئۇرۇشتا ئۆلدى. مىلادىـ
دىن بۇرۇنقى 239 - يىلى دىئادوتۇت سەلۇكII كالتىكاـ
نىڭ فارفىيەگە قىلغان يۇرۇشىگە قاتناشتى. ئارشاكنىـڭ
ۋارىسلىرىدىن بولغان تىرىدات (مىـلادىدىـن بۇرۇنقى
248 — 214- يىللار) نىڭ ھەربىي قوشۇنى يېتەرلىـك
بولمىغانلىقتىن، ئۇرۇشقا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى يوق دەپ
قاراپ، دۇشمەنـگە قايتۇرما زەربە بېرىـش ئۈچۈن،
ئۆز دۆلىتىدىكى كۆچمەنچى چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان
رايونلارغا قايتىپ ئەسكىرىي كۈچ توپلىدى.

دىئادوتۇت (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 230-يىل)
ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى دىئادوتۇت II ئۆزىنىڭ
تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتتى، ئۇ سەلۇك خاندانلىقىنىڭ ئارـ
شاك خاندانلىقىنى ئىـگىلىۋالغاندىن كېيىن، باكتىرىيىگە
ھۇجۇم قىلىشى مۇقەررەر دەپ ھېسابلىدى. شۇڭـلاشقا
ئۇ سەلۇك خاندانلىقى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ تىرىدات
بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. فارفىيە ۋە گرېك - باكتىـ
رىيە خاندانلىقىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى سەلۇك خانـ
دانلىقىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. تىرىداتنىڭ ۋارىسى
ئارتاۋان (مىلادىدىن بۇرۇنقى 214 — 196 يىـللار)
سەلۇك خاندانلىقىدىـن مىدىيەنىـڭ زور بىر قىسمىنى
شۇنداقلا ئىكباتانانى تارتىۋالدى، شۇ ئارقىلىق فارفىـ
يەنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا گرېك -
باكتىرىيە خاندانلىقى ئىچىدە دىئادوتۇت II بىلەن ئۇتىـ
دىمام (مىللەت سىستېمىسىدىن ئالغاندا، كىچىك ئاسىياـ

دىكى گرېك ئىدى) ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىۋاتاتتى. ئۇتىدېمام ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشى جەريانىدا، سوغدىلارنىڭ دىئادوتۇت II نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىدىن پايدىلاندى.

ئۇتىدېمام گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا سەلىۋكىي خاندانلىقى كۈچىيىۋاتاتتى. ميلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى ئىمپېراتور ئانتىياخ III (ميلادىدىن بۇرۇنقى 223 — 187 - يىللار) مىدىيەنىڭ مەركىزى ئېكباتانا شەھىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، فارفىيەلىكلەرنى كاسپىي دېڭىزىغا بارىدىغان يولغا قوغلىۋەتتى. فارفىيەلىكلەر سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ميلادىدىن بۇرۇنقى 208 - يىلى ئانتىياخ بارلىق قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، باكتېرىيىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئاخ (تېجىن) دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا باكتېرىيەنىڭ ئون مىڭ نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى تارمار قىلدى. ميلادىدىن بۇرۇنقى 207 - يىلى باكتېرىيىنىڭ پايتەختىنى قورشىۋالدى. قورشاپ زەربە بېرىش ئىككى يىل داۋام قىلىپ نەتىجە چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئانتىياخ بىلەن ئۇتىدېمام ميلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. پولىبىنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، ئانتىياخ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەن چاغدا، تىنچلىقنىڭ زۆرۈر شەرتىنى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلىغان: «ئەگەر ئانتىياخ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلمايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ

ۋەزىيىتى ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ...
چېگرادا ھەر ئىككى تەرەپكە تەھدىت سالىدىغان كۆچ-
مەن چارۋىچىلار قوشۇنى بار. ياۋايىلار چېگرادىن
ئۆتىدىغان بولسا، ئۇنداقتا دۆلەت ئۇلار تەرىپىدىن ئىس-
تىلا قىلىنىدۇ.»

ئۇتىدىمام ئەمەلىيەتتە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدىغان
پوپۇزىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەل-
ۋۇك خاندانلىقى ئارمىيىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەت دۈشمەن
بىلەن تىركىشىپ ھالسىراپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىك-
كى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئانتىياخ Ⅲ تېز-لىكتە تىنچلىق
شەرتنامىسى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

تىنچلىق شەرتنامىسىدا بەلگىلەنگەن شەرتلەرگە
ئاساسەن، ئۇتىدىمام ئانتىياخ Ⅲ كە زور مىقداردا
پۇل تۆلىشى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تە-
مىنلىشى، شۇنداقلا بارلىق ئۇرۇش پىللىرىنى تاپشۇرۇشى
شەرت ئىدى.

ئۇتىدىمام گەرچە باكتىرىيىنىڭ خاندانلىق ئورنى-
نى ۋە ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن،
ئۆزىنىڭ سەلۋۇك خاندانلىقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى
ئېتىراپ قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئەمەلىيەتتە بۇخىل
ئورۇنىڭ مەنسۇپلۇقى پەقەت نامىدىلا بولۇپ، سەلۋۇك
خاندانلىقىنىڭ ئىچكى توقۇنۇشى ۋە ھەربىي جەھەتلەر-
دىكى مەغلۇبىيىتى سەۋەبىدىن ناھايىتى تېزلىكتە ئىك-
كىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇ ئەتىدەمام يالغۇز ئۆزىنىڭ باكتېرىيىدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپلا قالماستىن، بەلكى بارلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلارنى كېڭەيتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى ئۇئتىدىمام كابول دەريا ئېقىمىدىكى پارو پامسات رايونىنى ئىشغال قىلدى، ئارقىدىنلا ئۇئېيەنە دىرانگىانىيە ۋە ئارا خوزىيەنى ئىگىلىۋالدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 189 — 190 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئۇنىڭ ئوغلى دېمىترى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 189 — 167 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) پاتالىن (ھىندى دەريا دېلتىسى) سورا شتر ۋە سىگىرىستىنى ئىشغال قىلىپ، ھىندى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى جايلارنى بېسىۋالدى. ئۇ، يەرلىك ھىندى ئاقسۆڭەكلىرىگە يېقىنلىشىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، چوڭ ۋە كۈچلۈك باكتېر - ھىندى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. سىترا بونىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، باكتېرىيىلىكلەر ئۆزىنىڭ چېگرىسىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ دۆلىتى ۋە ھونلارنىڭ دۆلىتىگىچە كېڭەيتكەن، يەنى ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى شەھەر بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئۇزاق داۋاملاشمىدى، باكتېرىيىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، نەتىجىدە سەركەردە ئەۋكىراتىد دېمېترىنىڭ ھىندىستانغا قوشۇن باشلاپ ماڭغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى.

ئەۋتىدىمام خاندانلىقى پەقەت پەنجاپنىڭ شەرقىي قىسمىدىلا ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالالىدى.

گىرېتسىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ گرېك - باكتېرىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاجىز بولغانلىقتىن، ئۇ يەرلىك كەڭ ئاھالىلەر ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش كويىدا يۈرگەنلەر ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ تۇردى. كېيىنچە، مىلادىدىن بۇرۇنقى 155 - يىلى ئەۋكىراتىد ئۆزىنىڭ ئوغلى گەلىئاكىلام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقى چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە گرېك - باكتېرىيە ۋە گرېك - ھىندى خاندانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خاندانلىق شەكىللەندى. كېيىنكى دۆلەتتە مەنادىرخان مەشھۇردۇر. سوغدىلار (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 160 - يىللىرى) گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىدىن بىر قەدەر بۇرۇن ئايرىلىپ چىقىپ ئەمەلىيەتتە خارەزىمگە تەئەللۇق بولۇپ قالدى.

ئارشاكلار خاندانلىقى گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، باكتېرىيىنىڭ غەربىدىكى بىر نەچچە ئۆلكىنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋالدى. تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 140 - يىلى باكتېرىيە ۋە سوغدىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ماساگىت① كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى (جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتالغان) بىلەن بىرلىشىپ گرېك ما-

① ماساگېتلار روما، گرېك تارىخچىلىرىنىڭ شۇ زامانىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرگە قويغان نامى — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

كەدونىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنى
ئۈزۈل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

## مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 -ئەسىرلەردىكى گرېك-باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مەدەنىيىتى

گرېك - باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتلار ئىنتايىن كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇنى مۇپەسسەل چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىزدە نەق بار ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، بۇ يەردە قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى مۇناسىۋىتى تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرلىكتە يېزا جامائەسىنىڭ ئۇستۇنلۇكى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان، بۇ جامائە ھەم ئەركىن يېزا ئاھالىلىرىدىن تەشكىللەنگەن. بۇ دۆلەتنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى باكتېرىيە ۋە سوغدىيانانىڭ مۇنبەت يەرلىرىدە تېرىقچىلىق قىلىپ ئېتىزلارنى سۇغىرىپ، زىرائەت، ئۈزۈم، مېۋىلىك دەرەخ ۋە باشقا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپ چىقارغان. سىترابون مۇنداق دېگەن: «باكتېرىيىدىن زەيتۇن دەرىخىدىن باشقا، ھەممە مېۋە چىقاتتى»①.

باكتېرىيە يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يايلاق قىلىپ ئىشلىتىلگەن، ئاتچىلىق كەسپى خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ پەرغانە ئاھالىسىنىڭ مۇھىم كەسپى ئىدى. ئاتچىلىق كەسپىنىڭ باكتېرىيەدە مۇھىم

① سىترابون. «گېئوگرافىيە» رۇسچە 2 - توم 14 - بەت.

ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىرىدىن بىرى
قەدىمكى ئېپوسلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرىد
ئاسپ (ئات) دېگەن بۇ سۆز بەزىبىر يەر ئىسىملىرىدەمۇ
مەۋجۇت (مەسىلەن، باكتېرىيەنىڭ بىر چوڭ مەركىزى
نىڭ ئىسمى زار ئاسپ دەپ ئاتىلىدۇ).

گرېك – باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ھەر قايسى
رايونلىرىدا شەھەرلەرنىڭ سانى تېز كۆپەيدى، شەھەر
لەرنىڭ رولى كۈچەيدى. بۇ، بوستانلىقتىكى يېزا ئىگى
لىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىياتنى ھەمدە كۆچ
مەن چارۋىچىلار ۋە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر
ئارىسىدىكى نورمال ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنى
تىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

1936 – يىلىدىن 1941 – يىلغىچە قەدىمكى شە
ھەر بەھرام (كابولنىڭ شىمالىدىن 60 كىلو مېتىر يى
راقلىقتىكى جايغا جايلاشقان) دىن تېپىلغان ئارخېئو
لوگىيىلىك قېزىلمىلار بىزگە گرېك – باكتېرىيە خاندان
لىقىدىكى چوڭ شەھەر قىياپىتىنى تونۇشتۇرۇپ بەردى.
بۇ شەھەر گرېك – باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ھىندس
تان تەرەپلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلىش مەزگىللىرىدە
قۇرۇلغان. بۇ شەھەر جەنۇبتىن شىمالغا تۆت چاسا
شەكىللىك بولۇپ، ئەتراپىنى سېپىل تام ئوراپ تۇرىدۇ.
شەھەرنىڭ ھەر 17 مېتىر ئارىلىقىدا بىردىن تۆت بۇ
لۇڭلۇق قوختىسى (كۆزىتىش راۋىقى). شەھەر سېپىلى
نىڭ ئالدىدا ئىككى يۇرۇش پاراللېل خەندەك بار. شە
ھەر گرېكلەشكەن شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ ئىككى

قاتناش لىنىيىسى شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى چاسا كوچا دوقمۇشىغا جايلاشقان بولۇپ، شەھەر رايونىنى تۆت قىسىمغا بۆلۈپ تۇرىدۇ. كېيىن تېپىلغان قەدىمكى شەھەرنىڭ بىرىنچى قاتلىمى مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 – ئەسىردىن 1 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا مەنسۇپ. تېپىلغان بۇيۇملار (ساپال بۇيۇم ۋە يەرلىك مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملار) قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ئالللىقاچان خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەھرامنى ئوتتۇرا دېڭىز، ھىندىستان ۋە قەشقەر بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان سودا يولى مۇشۇ شەھەردىن ئۆتەتتى.

باكتېرىيەدىكى ئولتۇراق ئۆيلەر كىچىك ياپلاق تاش پارچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئۇلىغا خىش ئىشلىتىلگەن. بەزى جايلاردا ئۆيلەرنىڭ ئاستىغا ئورا كولانغان. بۇ ئورىلاردىن ئىچىگە نەرسە قاچىلانغان خۇمىلار تېپىلدى.

بەھرام شەھىرى مىلادى 4 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىلىرىغىچە مەۋجۇت بولغان. 4 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاھالىلەر بۇ شەھەرنى تاشلىۋەتكەن. بۇ، 4 – ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىش ھادىسىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

«مىلىندا دىئالوگى» دېگەن كىتابتا گرېك – باكتېرىيە دەۋرىدىكى بىر چوڭ شەھەرنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان

بولۇپ، ئۇ گىرېك ـ ھىندىستان خاندانلىقىنىڭ خانى مىلىنداننىڭ ھىند ئالىمى ناككاسىن بىلەن پەلسەپە مەسىلىلىرى ھەققىدە قىلغان دىئالوگىدۇر. «مىلىندا دىئالوگى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن تۆۋەندىكى يەكۈننى چىقىرىش مۇمكىن. ئاشۇ چاغلاردىكى گىرېك ـ باكتىرىيە خاندانلىقىدا قول سانائەت كەڭ كۆلەمدە راۋاجلانغان، مەسىلەن، «مىلىندا دىئالوگى» دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: شەھەردە ئالتۇن، كۈمۈش، قوغۇشۇن، قەلەي، مىس، تۇچ ۋە تۆمۈر بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان ئۇستىلار، كۇلالچىلار، كۆن ـ خۇرۇم ئۇستىلىرى، چىيدىرچىلار، تاغاتچىلار، باپكارلار، ئاتقۇچىلار، سىۋەتچىلەر، يا ئوقى ئۇستىلىرى، تاشچىلار، ئالتۇن سۈزگۈچىلەر، ئاشپەزلەر، ھاماللار، قاسساپلار، قاۋاقخانا خوجايىنلىرى، رەڭ ماتېرىياللىرى سودىگەرلىرى قاتارلىقلار بار.

«مىلىندا دىئالوگى» دا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە نورغۇن گەزمالچىلار ۋە ئاشلىق سودىگەرلىرىمۇ بار.

مۇشۇلارغا ئاساسەن، مۇشۇ مەزگىلدە مەيلى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ياكى سودا ئىشلىرى بولسۇن، ھەممىسى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

باكتىرىيە پايتەختى گىرېك ئىستىلاچىلىرىنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارىلىدۇ. ئۇلار بۇيەردە قوشنا دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بولۇپمۇ ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن ئەسكىري كۈچ توپلىدى.

باكتىرىيەنى قىلىن سېپىل تېمى ئوراپ تۇراتتى. يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن گرېك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوردىسى مەيلى كۆلىمى ياكى نەپىسلىك جەھەتتىلەردە بولسۇن، باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە ئىدى. شاھ ئوردىسىغا گۈزەل سەنئەت تام رەسىملىرى ئىشلەنگەن. لېكىن، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق جايلىرى سوغدىيانا ۋە باكتىرىيەلەردىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردا ئېپادىلەنگەنگە ئوخشاش، ھەممىسى ناھايىتى ئاددىي ياسالغان. ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن تاشتىن ياسالغان، تامىنىڭ ئىچى ۋە سىرتى كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان، شۇنداقلا تاملار تام رەسىملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. ئۆينىڭ ئۆگزىسى سېغىز لاي بىلەن سۇۋالغان، كۆپلىگەن ئۆيلەر ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋىتى ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن ياسالغان.

گرېك ـ باكتىرىيە دەۋرىدە تاجىكىستان تېررىتورىيىسىدە ناھايىتى كۆپ شەھەر مەھەللىلىرى بار ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنىدىكى ئارخېئولوگلار بەزى خارابىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى باشلىدى. مەسىلەن، ھازىرقى مىكويانئاباب ئەتراپىغا جايلاشقان قەدىمىي ① كەيقاباب خارابىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى. بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، (400 × 300 مېتىر)، قېلىن سېپىل پۈتۈن

شەھەرنى ئوراپ تۇرىدۇ. شەھەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆ
رۈنۈپ تۇرىدىغان تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك قوختا
بار. سېپىلنىڭ ئۇلى سېغىز لايدىن، تېمى خام خىشتى
قوپۇرۇلغان. سېپىلنىڭ ئۈستىدە كۈنگۈرىلىرى با
بۇ مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايد
يەنە بىر مەھەللە بولۇپ، ئۇ ھازىرقى مىكويانئابا
شەھەر رايونىدىكى قەدىمىي شەھەر خارابىسى قەلئ
مىر دېگەن جايدۇر. بۇ جاينى قازغاندا، مىس قۇيمىچ
لىق دۇكىنى، زور مىقداردىكى كۈندىلىك تۇرمۇش
بۇيۇملىرى ۋە مېتاللار تېپىلدى.
كوھناكالا(ۋارشلوپ ئابات ئەتراپى) جەنۇبى
تاجىكىستاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار ئىچىدە ئالاھىد
ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ كايقۇ پادىشاھدىن كىچىكرەك بولۇپ
ئىككى قىسمدىن تەشكىللەنگەن. ئاساسلىق قىسمى
چاسا شەكىلدە، يەنە بىر قىسمى رەتسىز بولۇپ، بۇ
ئىككى قىسىم بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ قەدى
مىي شەھەر ستىراتىگىيە جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇنغا،
يەنى ۋاخشا دەرياسىنىڭ باش قىسمىدىكى بىر ھاڭ
ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدىكى ئۆي
قۇرۇلۇشلىرى زىچ بولۇپ، بۇ كارىدور نۇسخىسىدىكى
قۇرۇلۇشلار ھەرخىل چاسا شەكىللىك چوڭ - كىچىك
ئۆيلەر بىلەن ئۆز - ئارا تۇتىشىپ كەتكەن.
ھەممىگە مەلۇمكى، سەمەرقەند ۋە پۈتكۈل سوغدىيانا
گرېك ماكىدونىيىسىنىڭ ئىستىلا قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى

ئىسىن ئېغىر بالايى - ئاپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى، بىراق ئۇ يەردىكى تۇرمۇش بارا - بارا ئەسلىگە كېلىپ، كېيىنچە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈنەرلىك لەتىجىگە ئېرىشكەن گرېك - باكتېرىيە سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرد ىنىڭ ئاخىرلىرى ئۇنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرىدۇر، ئۇ چاغدا ئۇ گرېك - ماكېدون ئىستىلاچىلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدى. بۇ مەزگىلدىكى سەنئەت گەرچە گرېك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى يەنىلا شۇ يەردىكى ئوت تۇرا ئاسىيا سەنئىتى ئىدى: شۇۋاقىتلاردىن باشلاپ كۆپ لىگەن ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان يىرتقۇچ هايۋان ئۆۋلاش مەنزىرىسى بىلەن ئورۇش كۆرۈنۈشى تاتار لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان گۈزەل قاپارتما نەقىشلىك سۇرەتلەر ساقلىنىپ قالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى ك. ف. تىرەۋەر بۇ خىل سەنئەتنى ناهايىتى ياخشى تەتقىق قىلدى.

هازىر گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتلىرىغا ئائىت بەزىبىر ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئوقيا ۋە نەيزە بىلەن قوراللاندۇرۇلغان ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇن ئىچىدە مۇهىم رول ئوينى غان، پىيادە ئەسكەرلەر يەرلىك ئاهالىلەردىن تەشكىللەنگەن. ئاتلىق ئەسكەرلەر گرېكلەر ياكى ئىستىلا چىلارنىڭ ئىشەنچلىك تايانچىلىرى، يەنى يەرلىك

ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن.

بىزنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن سەنئەت مىراس
لىرى ۋە تارىخ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسىدە باكتې
رىيەدە پىللىقلار قوشۇنى بارلىقى، پىللارغا مىنىۋالغا
جەڭچىلەرنىڭ قورال - ياراق يۇدۇۋالغانلىقى چۈشەن
دۇرۇلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، جەڭ ئەڭ كەسكىن
بولغان چاغلاردىلا ئۇرۇش پىللىرى ئاندىن جەڭگ
ئاتلىنىدىغان بولسا كېرەك.

باكتېرىيەنىڭ گىرىتسىيە ۋە ھىندىستان بىلەن بول
غان مەدەنىيەت جەھەتتىكى كەڭ كۆلەملىك ئالاقىسى
مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ سەنئەت بولۇپمۇ
دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇددا دىنى ئەن
شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن ئىدى.

لېكىن، باكتېرىيەدىكى كۆپ سانلىق ئاھالىلەر
داۋاملىق زارا ئاستىرا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. باكتې
رىيىنىڭ مەركىزى باكتىرا شەھىرىدە، زارا ئاستىرا
دىنى كەڭ كۆلەمدە مەدھىيىلەشكە ئېرىشىپ، تاۋاپ
قىلغۇچىلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ شەھەرگە يىغىلىپ
تۇراتتى. ئوت ئەرلىياسىغا چوقۇنۇپ نەزىر - چىراق قى
لىدىغان ئىبادەتخانا — ئاردۇسۇرا ئاناختا دېگەن
نامدىكى ئىبادەتخانا مۇشۇ يەردە ئىدى. ئايال ئەۋلىيا
ئىبادەتخانىسىدا ئاردۇسۇرا ئاناختانىڭ ھەيكىلى
بار بولۇپ، ئۇ بېشىغا ئالتۇن تاج، ئۇستىگە 30 دانە
قۇندۇز تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن. بۇ يەردە
يەنە باشقا ئەۋلىيالارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بار.

زارا ئاستىرا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىدىن باشقا يەنە بۇددا دىنىنىڭ بۇتخانىلىرىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، باكتىرىيىدە گرېك ئىبادەتخانىلىرىمۇ بولغان. چۈنكى گرېك ـ ماكېدون ئىستىلاچىلىرى مۇكەممەل ئاماللار بىلەن باكتېرىيەدە گرېك دىنىي ئېتىقادىنى ئورنىتىشقا ئۇرۇنغان. بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، قوغۇشۇن، مېتال پۇللارنىڭ يۈزىگە گرېك ئىلاھلىرىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن. مەسىلەن، دېمىداتنىڭ مېتال پۇلى ئۈستىگە زېۋس ① نىڭ سۈرىتى، ئېۋتىدىمام ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ مېتال پۇللىرىغا ھېراكلىت ② نىڭ سۈرىتى، ئوكراتىسنىڭ پۇللىرىغا دىئاسكۇرا ③ ۋە ئاپوللو④ نىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. لېكىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، مۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇ: گرېك ئىستىلاچىلىرى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئەمما گرېكلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى باكتېرىيەدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ئومۇملىشالمىدى، ئەكسىچە گرېك ـ ماكېدون ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرى زارا ئاستىرادىنىنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇچرىدى.

100 نەچچە يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گرېك ـ

① زېۋس ـ يۇنان ئەپسانىسىدىكى ئىلاھلار ئىلاھى.
② ھېراكلىت — يۇنان ئەپسانىسىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمان.
③ دىئاسكورا — ئىلاھلار ئىلاھى زېۋسنىڭ ئوغلى.
④ ئاپوللو — يۇنان ئەپسانىسىدىكى قۇياش ئىلاھى — تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت
نەتىجىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرگەندە، ئەلۋەت-
تە بۇ مەزگىلدىكى سودا - سېتىق دائىرىسىنىڭ ئالدىن-
قى مەزگىللەردىكىدىن ناھايىتى كەڭ بولغانلىقىنى كۆر-
سىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ھىندىستانغا قاتنايدىغان سودا
يولى بىلەن قەشقەرگە قاتنايدىغان سودا يولى باكتېرى-
يەدىن ئۆتەتتى. باكتېرىيەنىڭ غەرب بىلەن ئالاقىلىشى-
دىغان سودا يولى ئىككى ئىدى. ئۇنىڭ بىرى فارفىيە-
دىن ئۆتۈپ ئېكباتاناغا بېرىپ، ئاندىن ئانتافىيە①گە
باراتتى. يەنە بىرى دېڭىز يولى بولۇپ، ئامۇ دەريا-
سىنى بويلاپ قاتنايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گرېك-
باكتېرىيە خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەت-
لەردە شۇ چاغدا يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان
دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى
زامان ئاپتورلىرى ئۇنى «بۈيۈك خاندانلىق» ۋە «مۇ-
ئەسسىلىرى مۇكەممەل باكترا شەھىرى» دەپ تىلغا
ئالغان ئىدى.

## خارەزىم دۆلىتى

خارەزىم — چەتئەل ئىستىلاچىلىرىنىڭ زېمىنغا ئەڭ
ئاز ئۇچرىغان دۆلەتلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، مىلادىدىن
ئىلگىرىكى 4 — 1 - ئەسىرلەرگىچە ئارىلىقتا قۇدرەت-

① ھازىرقى تۈركىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئانتافىيە شەھىرى.
— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

لىك مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانغان.
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىۋېلىنغان ماددىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ مەزگىل «قانقا مەدەنىيىتى» (خارەزىم مەدەنىيىتى) دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاسارە - ئەتىقە 1908 - يىلدىن 1940 - يىللارغىچە جانباسقەلئەۋە كەيونەرقەلئەقاتارلىق جايلاردىن تېپىلدى.
جانباسقەلئە ئەڭ قەدىمىي قۇرۇلغان يېزا جاما ئەسىنىڭ مۇداپىئە كەنتلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا شەھەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى. ئۇ تۆت چاسا شەكىللىك (4 × 3 گېكتار) بولۇپ، ئىككى قات قېلىن تام بىلەن قورشالغان. ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر كىرىش ئېغىزىدىكى مۇداپىئەگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ يەرگە بەش دوقمۇشلۇق ئايلانما تام سالغان ۋە تامنىڭ ئىچىگە ئوقيا تۇتقۇش كامارلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. كۆزىتىش مۇنارى كەمچىل بولغانلىقتىن، ھەربىر بۇلۇڭ يېرىمگۈچ شەكىللىك قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىنغان. تامنى ياقىلاپ يۈرۈپ ئوقيا تۇتقۇشقا ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، تاملارغا ئۈچتىن ئوقيا تۇتۇش كامىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېرىم چەمبەر شەكىللىك كۆككۆرلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۈشمەننى تېخىمۇ ياخشى قارشى ئېلىپ ئوقيا تۇتۇش ئۈچۈن، ئوقيا تۇتۇش كامىرى تامنىڭ ئىچكىرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئوقيا تۇتۇش كامىرىنىڭ ئاستىغا بىر ئوقۇر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇڭلاشقا سىپىل كىشىلەرنى تامدا يېرىم چەمبەر شەكىللىك تۇۋرۇك پەيدا بولۇپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

كېيىنچە بۇخىل ھەربىي قۇرۇلۇش ئەلمى ئۇسۇلدىن يىراق چەمبەر شەكىللىك قاتار تۇۋرۇكلەر بىلەن تاملارنى زىننەتلەشتىن ئىبارەت قۇرۇلۇش سەنئىتى ھەيدانغا كەلدى. بۇخىل ئۇسلۇب ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرۇلۇش ئۇسۇلىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. قورغاننىڭ تاملىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئوقيا تۇتۇش كامارلىرى كىشىلەرنى «تۈز ۋاقىتتا بارلىق ئاھالىلەر مۇداپىئەلىنىشكە چاقىرىلغان ئىكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلتۈرمەي قويمايدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق سىستېمىسى بوستانلىقنى قوغداپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ پىلانىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار كۆپ قېتىم ماسساگېتلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ئىدى.

شەھەرنىڭ ئىككى قىسمىغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى — قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇقداش گۇرۇھلارنىڭ ئىككى قەۋمگە ئايرىلىش ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شەھەرنى ئىككى قىسمىغا ئايرىۋەتكەن ئاساسىي يولنىڭ ئاخىرى «ئاتەش كۆرە» (ئۆچمەس ئوتقا ئورتاق چوقۇنۇش مەركىزى) نىڭ چوڭ دەرۋازىسىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلار چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش زور كۆلەمدىكى ئۆيلەردىن تەشكىللەنگەن. بۇ يەرگە يەنە ئوتتۇرا ئەسىردە ئالاھىدە بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك بازىرى ئورۇنلاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنا ئىچىگە مەركەزلەشكەن، شەھەرنىڭ تەكشىلىكتىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئەينى ۋاقىتتا سىنىپنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئەمگەك تەقسىماتىنىڭ

ناھايىتى چوڭقۇرلاشقانلىقىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ناھايىتى راۋاجلانغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، لېكىن ئىچىدە ماتېرىيال كوممۇنا قالدۇقلىرىنىڭ يەنىلا ساقلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

يېزا رايونلىرىدا كەپە ئۆيلەرنىڭ ئورنىنى چوڭ ئۆيلەر ئىگىلىگەن. بۇلار يېزا كوممۇنىسىنىڭ ئورتاق تۇرالغۇ جايلىرى بولۇپ، بۇ ئۆيلەردە 500دىن 1000 غىچە ئادەم ياتالايتتى. بۇ ئورتاق تۇرۇقتا مەنسۇپ چوڭ ئائىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەربىر ئائىلە يېزا - كەنت كوممۇنىسىنىڭ زېمىنىدا ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

قويۇقۇرغان قەلئەسىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلىرى بىزنى كۆپخىل ماددىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ساپال بۇيۇم، يەنى كىچىك تىپتىكى نازۇك، كۆركەم قاچا - قۇچىلار بار. كۆپلىگەن قاچا - قۇچىلاردا بەدىئىيلىكى ناھايىتى يۇقىرى بولغان رەسىملەر بار. مەسىلەن، چەۋەنداز، شىر گەۋدىلىك بۇركۇت، ئادەم يۈزى، قوچقار بېشى قاتارلىقلار. يەنە مېيىت سېلىنغان تاۋۇتلارنىڭ ئۇششاق پارچىلىرى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ساندۇق شەكىللىك كىچىك تاۋۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايالنىڭ ھەيكىلى (بىر ئادەمنىڭ يېرىمچىلىك ئېگىز) قويۇلغان. بۇ بىر قاتار مۇھىم كەشپىياتلار قېزىۋېلىنغان ھەيكەللەرنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. بۇ بايقالغان بۇيۇملار ئىچىدە بىر قەدەر چوڭ بولغان

قىرى موماي ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۇشكە تېگىشلىك. ئۇ، رېئالىستىك ئۇسلۇبنى گەۋدىلىك ھالدا نامايان قىلىدۇ. قەلئەقىر 1 - نومۇرلۇق قەدىمىي شەھەرنىڭ قۇرۇلۇشى تېخى پۈتمىگەنلىكتىن، كېيىنچە ئەتراپتىكى ئاھالىلەرنىڭ زىراتگاھلىقىغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ يەردىن ئادەمنى دەپنە قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەت «داخما» (يۇمىلاق سۇ كۆلچىكى شەكلىدە، دىئامېترى ئىككى مېتر) ۋە كۆپ قەبرىلىك گۈمبەز «نائوس» (يەر ئاستىغا ئاق گەج ياتقۇزۇلغان) لارمۇ تېپىلدى.

خارەزمنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا دېھقانچىلىقنىڭ نىسبىتى چارۋىچىلىققا قارىغاندا جىددىي ئاشقان. بۇ باسقۇچتىلا سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ئەڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكمۇ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ يۇقىرى دەرىجىدىكى مەخسۇسلاشقان ئىقتىسادىي تارماققا ئايلانغان. پۈتتا ئايلاندۇرىدىغان ساپال چاق بىلەن ياسالغان ساپال بۇيۇملار ۋە ئۇنىڭ تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللىشىش دەرىجىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. سودا، بولۇپمۇ تاشقى سودا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. قېزىۋېلىنغان تىزىق مارجانمۇ بۇ يەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سۈرىيە، مىسىر ۋە قارا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

خارەزملىقلارنىڭ دىنىي كۆز قارىشى ئىپتىدائىي

كومىۇنا تۈزۈپ ــ ئادىمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئەكس ئەت- تۈرىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن ئۈچىمەس ئوتقا، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىلاھىغا چوقۇنۇشقا ئىپادىلىنىدۇ. دىنىي مۇراسىم ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھەيكەللەر ئىچىد- دە ئات ھەيكىلى ۋە ئاتنىڭ باش ھەيكىلى كۆپ سال- نى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرد- دىغىنى شىر ھەيكىلىدۇر. ئۇ ئالدىنقىسى بىلەن ئوخ- شاشلا قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇشنىڭ ئاملىدۇر. ئۇندىن باشقا يەنە ئاناخىتا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى سىيوۋاخشانىڭ ھەيكىلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

خارەزىم دۆلىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نۇرغۇن ئەسىرلەردە، سوغدىيانا ئوخشاشمىغان مەزگىللەردە كۆپ قېتىم خارەزىم دۆلىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. لېكىن، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ سوغدىيانا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى، ئۆزىنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان.

## VI باب بۈيۈك كۇشان خانىدانلىقى

(مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادى 3 ـ ئەسىرگىچە)

### تۇخار قەبىلىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى

ماكېدونىيىلىكلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن،

ماساگېتلار قەبىلىسىگە قاتناشقان نۇرغۇن قەبىلىلەر خارەزىم دۆلىتى ۋە ساكلار بىلەن مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قالغان ھالدا بىر قىسمى غەربكە، بىر قىسمى كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي شىمالىغا قاراپ يۆزلەندى. بۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ تاكى موڭغۇلىيە چېگرىسىگىچە يېتىپ باردى ۋە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ يەردىكى ھونلار بىلەن قوشنا بولدى. شۇڭا، گرېك - باكتىرىيە خاندانلىقىنىڭ شىمالىدىكى ماساگېت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى گرېك - ماكېدون تاجاۋۇزچىلىرىغا نىسبەتەن دەھشەتلىك دۈشمەن بولۇپ قالدى. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى ئۇتىدىمام ئانتىياخ III بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ بارغاندا، ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈشكە پايدىلىق ئاساسىي يول سۈپىتىدە «شىمالىي ۋارۋارلار» ① نىڭ پۈتكۈل گرېك دۇنياسىغا تەھدىت بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن

① روما ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىدە، ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ياۋروپادا نۇرغۇن مۇستەقىل قەبىلىلەر بار ئىدى. نېمىسلار غەربىي روما ئىمپېرىيەسىنىڭ يېقىن قوشنىسى بولۇپ، بۇلارنىڭ شەرقىدە سلاۋيانلار ياشايتتى. ئاسىيانىڭ مەركىزىدىن قارا دېڭىزنى بويلاپ تاكى ئوتتۇرا دېڭىزغىچە سوزۇلغان جايلاردا بىپايان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايتتى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى مۇشۇ قاتاردا ئىدى. روما ۋە گرېك تارىخچىلىرى بۇ خەلقلەرنى ۋارۋارلار دەپ ئاتايتتى. — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

باكتىرىيە «شىمالىي ۋارۋارلار» نىڭ توساقلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشنى ئۈستىگە ئېلىش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇتتىدىمام يەنە هونلارنى ماسساگىتلارغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق ماسساگىتلارنى زەربىگە ئۇچراتقان ئىدى.

هونلار تەڭرىقۇتى باتۇر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 — 176 يىللار) ماسساگىتلار ① يۇرتىدا گۈرۈلگە قويۇلۇپ، نەزەربەنت قىلىغان جايىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ماسساگىتلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە هونلار قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇنى قايتا تەشكىللىدى، ئاندىن كېيىن هونلارنىڭ ماسساگىتلارغا قارشى ھەربىي ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 165 - يىلى هونلار بىلەن ماسساگىتلارنىڭ كۈرىشى ئىنتايىن كەسكىنلەشتى، شۇ چاغدا هون تەڭرىقۇتى ماسساگىتلارنى ئۇلار ئىگىلىۋالغان دۇنخۇاڭ بىلەن تەڭرى تېغى (تىيانشان) ئارىلىقىدىكى رايونلاردىن قوغلاپ چىقىرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ سىرتىدىكى غەربىي رايونلارغا قوغلىۋەتتى. قەدىمكى زامان جۇڭگو يىلنامىلىرىدا بۇ ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئۆلتۈرۈلگەن ماسساگىت خانىنىڭ باش سۆڭىكىنى تەڭرىقۇتنىڭ جام قىلىغانلىقى بايان قىلىنغان.

① زامانىۋى تارىخىي كىتابلاردا ياۋچى ياكى يۈەنچى دەپ ئاتالغان قەدىمكى مىللەت بولۇپ، تىلى تۈركىي، ئېتىقادى كۆك تەڭرىسى ئىدى. ئۇلارنى روما ۋە گرېك تارىخچىلىرى ماسساگىتلار دەپ ئاتايتتى.
— تەرجىمە تەھرىرىدىن

هونلارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا غەربتىكى ئۇيسۇنلار ۋە ئۇلۇغ ياۋچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر كۆچۈشكە باشلىدى. ئەگەر «ياۋچىلار»نىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمىي تىلىدا «گۇەتتى» ياكى «گوئاتتى» دەپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئۇندا بىز شۇنداق ئېنىق تونۇشقا كېلىمىزكى، جۇڭگو دەۋاتقان «ئۇلۇغ ياۋچىلار» گرېكلار — ماسساگېتلار (ئۇلۇغ گېتلار) دەپ ئاتىغان ئاشۇ قەبىلىلەردۇر. جۇڭگولۇقلار بۇ قەبىلىنى يەنە «تۇخارلار» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇنى جۇڭگولۇقلارنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «تـوخولـو» دەپ ئوقۇيدۇ.

كلاسسىك تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىشىچە، توخارلار گرېك ماكىدونىيىسىنىڭ باكتېرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان مىللەتتۇر. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلىغان ئەڭ يېڭى ماتېرىياللار (مىلادى 1946 - يىلى قۇۋان دەرياسى ۋادىسىدىن)غا ئاساسەن توخارلارنىڭ سىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىسمى، خارەزمگە يېقىن جايلارغا جايلاشقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. مۇشۇلار ئارىلىقىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇزاقتىن بېرى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گىرېك - ماكىدون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ماسساگېتلار قەبىلىسى (توخارلار قەبىلىسى بۇنىڭ ئىچىدە رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئوينىغان) خارەزم، سوغدىيانا ۋە باكتېرىيەدە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرگە تايىنىپ،

چەتئەل بۇلاقچىلىرىغا ئەجەللىك زەربە بەرگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.
توخارلار ئاساسلىقى باكتىرىيەدە يەنى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ھازىرقى تاجىكىستان زېمىنىدا دۆلەت ۋە پايتەخت قورغان، شۇنىڭدىن كېيىن باكتىرىيە توخارىستان دەپ ئاتىلىشقا باشلىغان. بۇ دۆلەت قوشخان ياكى كۇشانلارنىڭ خاندانلىقى دەپمۇ ئاتالدى.
روشەنكى، «توخار» دېگەن بۇ ئىسىم مىللەت مەنىسىگە ئىگە. «كۇشان» دېگەن بۇ ئىسىم دۆلەت ۋە سۇلالە دېگەن مەنىگە ئىگە. شۇڭلاشقا يۇنى توخار قەبىلىسى ئىچىدىكى ھوقۇق تۇتقان ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى دەپ قاراش مۇمكىن.
توخارلار بىلەن سوغدىيانا ۋە باكتىرىيە رايونلىرىغا كۆچكەن ساكلار، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئۆتۈپ، كابول دەريا جىلغىسى ۋە ھىلمەند دەريا ئېقىمىدىكى جايلاردا يېرىم كۆچمەنچى چارۋىچىلار دۆلىتىدىن بىرنەچچىنى قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ رايون يەنىلا شۇلار ئاتىغان ئىسىم بويىچە سىستان ياكى شىبىستان (ساكىستان) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.
ئۇنىڭدىن كېيىنكى نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا جەنۇبقا كۆچكەن نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرەشلىرى جەريانىدا

ئاكتىپ رول ئوينىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار قەدەم-مۇ قەدەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، مىللەت تەركىبى يېقىنلىشىدىغان ئولتۇراق ئاھالىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

## بۈيۈك كۈشان خاندانلىقىنىڭ سىياسىي تارىخى

بىز شەرھلىگەن دەۋرلەردە باكتېرىيە ۋە سوغدىيانادا ئولتۇراقلاشقان ماسساگېت، تۇخار ۋە ساك قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش جەريانى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتى.

جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، باكتېرىيەدىكى ياۋچىلار بەش يابغۇ تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بەش خانلىققا بۆلۈنەتتى. يەنى ۋاخسان، ماستۇج، كۈشان، فەرۋان، كابولدىن ئىبارەت. 100 نەچچە يىلدىن كېيىن بۇيابغۇ كىچىك خانلىقلىرىنىڭ بىر يولباشچىسى، يەنى كۈشان ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدىكى قەنشىقا I باشقا تۆت يابغۇنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنى كۈشان خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پايتەختى ئېھتىمال باكتىرا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ فارفىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىپ فۇدو (ئېھتىمال راپاساد بولسا كېرەك) ۋە گىبىن (كابول رايونى)نى بېسىۋالدى. قۇجۇلانىڭ ئوغلى ھىندىستاننى مۇنقەرز قىلىپ، ئۇنىڭغا خاقان بولدى. ياۋچىلار شۇ-

نىڭدىن باشلاپ تازا گۈللەندى ۋە ھەرقايسى بەگلىكلەر كۈشان خاندانلىقى نامىدا ئاتالدى. جۇڭگولۇقلار ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى كونا ئىسمى بىلەن ئۇلۇغ ياۋچىلار دەپ ئاتايدۇ.

جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا خاتىرىلەنگەن كۈشان خاقانلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدە خاتالىق بار. ھازىر ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسيادىن تېپىلغان كۈشان خاقانلىقى خاقانلىرىنىڭ پۇللىرىغا ئاساسەن ئۇنىڭدىن كۈشان خاقانلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تاپقىلى بولىدۇ.

بۇ خاقانلار ئىچىدىكى بىرىنچىسىنىڭ ئىسمى قۇجۇلا قادفىس بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تەختكە چىقىپ تەخمىنەن ئون يىلدىن 15 يىلغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ياۋچىلار - تۇخارلاردا قەبىلەرنىڭ بىرلىكى مەيدانغا كەلدى. قۇجۇلا قادفىس ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھەمدە ھىندىقۇش تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ساكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، كابول دەريا ئېقىمىدىكى جايلار ۋە كەشمىرنى ئىستىلا قىلدى. ئۇ، كۈشان خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى سوغدىيانادىن ھىندى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە، پامىردىن پارفىيەگىچە كېڭەيتتى.

ئۇنىڭ ۋارىسى ۋىما قادفىس II تەخمىنەن مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىلىرىدا خاقان بولغان بولۇپ، كۆپلىگەن يېڭى رايونلارنى داۋاملىق ئىس

تىلا قىلدى. ئۇ ھىندى دەريا ئېقىمى ۋە پەنجاپ قاتار-لىق جايلارنى ئىستىلا قىلىشقا ئۇرۇندى. ئۇ، بۇ رايون-لاردىكى گرېكلارنىڭ كۆپلىگەن ئۇششاق بەگلىكلى-رىنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دۆلىتىنىڭ جەنۇبىي تېررىتورىيىسىنى بىنارىسقىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۇشان خاندانلىقى بۈيۈك كۇشان خاقانلىقى دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

بۇ نەسەبكە مەنسۇپ ئۈچىنچى خاقان قەنىشقا (78—123) ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە كۇشان خاقانلىقى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە گۈللەندى. قەنىشقا ھىندىستاننىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كۇشان خاندانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتتى. قەنىشقا جۇڭگو بىلەن بولغان ئۇزاق مۇد-دەتلىك كۈرەش جەريانىدا كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولدى. لېكىن ئەڭ ئاخىرى قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەننى كۇشان خاقانلىقىغا قوشۇۋالدى.

كۇشان خاقانلىقى ئۆز ۋاقتىدا روما، فارفىيە ۋە جۇڭگو بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان تۆت چوڭ كۈچ-لۈك دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى. 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خارەزىممۇ بۈيۈك كۇشان خاندانلىقىغا قوشۇۋېلىندى. ئۇ پەقەت 3 - ئەسىردىلا ئاندىن مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىدى.

قەنىشقا دەۋرىدىن كېيىنكى بۈيۈك كۇشان خاقان-لىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچە بېرەلەيدى-

خان ئازراقمۇ تارىخىي ماتېرىيال يوق. پەقەت بار بولغان مەلۇمات شۇكى: قەنىشقانىڭ ۋارىسى خۇۋىشقا خاقان بولغان ۋاقىتتىن باشلاپ بۇ دۆلەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، زېمىنى قەدەممۇ قەدەم ئازايغان، كۇشان خاقانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونلار- دىن پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا، كابول جىلغىسى، كەشمىر ۋە موتارو (ھىندىستاندا)لا قالغان.

ئۇزاق ئۆتمەي، 2 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرى- مىنىڭ دەسلىپىدە خاقان ۋاسۇدېۋاكۇشان خاقانلىقىغا ھۆكۈم- رانلىق قىلدى. بەلكىم مۇشۇ مەزگىلدە ياۋچى— توخار قەبىلىلىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمى يەر- لىك ئاھالىلەر بىلەن ناھايىتى زور دەرىجىدە ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

3 - ئەسىرگە كەلگەندە، كۇشان خاقانلىقىنىڭ يىمىرىلىش جەريانى داۋاملاشتى. ھىندىستاندىكى كۇشان خاقانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەقەت كابولدىلا ساقلىنى- نىپ قالدى. كابولدىكى كۇشان خاقانلىرى بىلەن سوغدىيانادىكى كۇشان دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي مۇناسىۋەت بەلكىم ئاللىقاچان تامامەن ئۈزۈ- لۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. سوغدىيانادىكى كۇشان خاندانلىقى كۇشانىيە شەھىرى (ھازىرقى قاتار قۇرغان رايونغا جايلاشقان)نى مەركەز قىلدى.

كۇشان خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بىر تەرەپتىن ئىران - ساسانىلار پادىشالىقىنىڭ كۈللىنىشى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەر-

قىي چېگرىسىدىكى يېڭى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر-
نىڭ ئورغۇپ چىققان جىددىي ئېقىنى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك بولۇپ قالدى.

## بۈيۈك كۇشان خانىدانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى

بىزدە دەلىل - ئىسپاتقا ئىگە ماتېرىياللار كەمچىل بولسىمۇ، تۆۋەندىكى يەكۈننى چىقىرالايمىز، يەنى تاجىكلار ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىدا، كۇشان دەۋرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، بۇ چاغدا قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلاندى، قۇللار سانى كۆپەيدى، قۇل ھۈنەرۋەن قۇللار مەۋجۇت بولدى. يېزا جامائەسىدىكى ئەركىن دېھقانلارنىڭ غايەت زور ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر بىلەن سەركەردىلەرگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى بىرلا ۋاقىتتا كۈچەيدى.

جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەر كۈچى زورايغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، ئۇلار پەقەت كۆرۈنۈشتىلا توخارلار ئالىي ھاكىمىيىتىگە بويسۇندى.

خارەزمدە سانى ئاز بولسىمۇ كۈچى زور بولغان، يەر ۋە قۇل ئىگىلىگەن ئاقسۆڭەكلەر دۆلەتنىڭ كۈچلۈك مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋالدى. بۇ مەسىلىنى مەھەللىلەر شەكلىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. دېمەك مۇداپىئەلىنى-

دىغان يېرىم مۇستەقىل شەھەرلەر ئەمەس، بەلكى مەر-
كىزىي ھۆكۈمەت قۇرغان شەھەرنى قوغدىغۇچى دائىمىي
قوشۇن تۇرىدىغان قورغانلار بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلى-
كى بولۇپ گەۋدىلەندى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا مۇنتىزىم ئارمىيە بارلىققا كېلىپ، پىداكارلار قوشۇنىغا ئوخشاش خەلق قورالLIق كۈچلى-
رىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇ مۇنتىزىم ئارمىيە بوس-
تانلىق چېگرىسىنى قوغداپ، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ
تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرەتتى. يېزىلاردىكى مەھەللى-
لەر مۇداپىئەلەنمەيدىغان دېھقانلار چوڭ قورۇقلىرىنىڭ
توپلانمىسى ئىدى. ھەر بىر قورۇق پاكار تاملىق چوڭ -
چوڭ قورۇقلاردىن تەشكىل تاپقان. ئەھۋالدىن قارىغان-
دا، بۇ مېۋىلىك باغ ۋە ئوتياشلىقنى ئۆز ئىچىگە
ئالاتتى.

بىر يوروش ئۆيگە پەقەت ئورۇقداشلىق جامائە-
سىدىن ئايرىلىپ چىققان، مۇستەقىل ئائىلە باشلىقلىق
تۈزۈمىدىكى بىر ئائىلە سىغاتتى. ئۇ مەھەللىلەرنى مۇ-
ھاپىزەت قىلىدىغان ئىستېھكام ۋە كۆزىتىش مۇنارلىرى
ئايرىم - ئايرىم ئورۇنغا سېلىنغان ئىدى.

قارا قالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ توپراق
قەلئە خارابىسى بىزنى كۇشان دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەز-
گىللىرىدىكى شەھەرلەرنى بىۋاسىتە كۆزىتىشكە بولىدى-
غان بىلىم بىلەن تەمىنلىدى. بۇ شەھەر چاسا شەكىللىك
بولۇپ، شەھەرنى خام خىش بىلەن قوپارغان سېپىل
ئوراپ تۇرىدۇ. شەھەر ئۇستىدە ئوق ئېتىش تۆشۈكى

ۋە كۆزنىش مۇنارى بار، بىر تار كوچا شەھەر ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئەچچە ئون ئېغىزلىق چوڭ ئۆيلەر قاتار سېلىنغان، بۇ يەردە ئەركىن خەلق ئاھالىلىرى ۋە قۇللار ئولتۇراقلاشقان. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچ مۇنارلىق ھەيۋەتلىك بىناخان ئوردىسى بولۇپ، بۇنىڭ ياسىلىشى باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. بۇ خان ئوردىسى ئەسلىدە خارەزىمدىكى بىر خاندانلىقنىڭ سارىيى ئىدى. بۇ خاندانلىق خان جەمەتىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى رىۋايەتلەردىكى سياۋۇش ئىدى (شۇڭلاشقا سياۋۇش خاندانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ). خان ئوردىسى رەڭلىك رەسىم ۋە غايەت زور ھەيكەللىرى قاتارلىق ھەشەمەتلىرى ئارقىلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئەپسۇسكى، بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغانلىرى پەقەت قالدۇقلىرىدىن ئىبارەت. بازار ئوردىغا يېقىن ئورۇنغا جايلاشقان، خارەزىم ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان شەھەر ۋە كەنت مەھەللىلىرىنىڭ جايلىشىشى كۇشان خاقانلىقى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

سوغدىيانا، تالبارزو (4 ــ قاتلام، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ــ ئەسىردىن مىلادى 2 ــ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلارمۇ قەدىمكى چاسا شەكىللىك ئورۇقداشلار تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ يوقالغانلىقىنى، قورغانلار ئىچىدە ئۆي ــ ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا مۇقىم سىستېمىنىڭ

يوقلۇقىنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى.

تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاشلا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ، دېھقانچىلىق بوستانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەھەرلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن بولغان سودىسى ھەم تاۋار ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. كۆچمەن چارۋىچىلار (ساكلار ۋە ماسساگىتلار) گۆش، يۇڭ ۋە تېرىنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇردى. بۇ ماركسنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئالماشتۇرۇش تەرەققىيات تارىخىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە تۆۋەندە بايان قىلغان قائىدىسىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. ماركس مۇنداق دېگەن ئىدى: «كۆچمەن چارۋىچىلار پۇل شەكلىنى ئەڭ دەسلەپتە تەرەققىي قىلدۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكى يۆتكەشكە بولىدىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن بىۋاستە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدىغان شەكىلگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى دائىم باشقا ئورتاق گەۋدىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش كېلىپ چىقتى» ①.

① ماركس: «كاپىتال» 1 - توم («ماركس ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 23 - توم خەلق نەشرىياتى 1972 - يىل خەنزۇچە نەشرى 107 - بەتتىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى — تەرجىمە تەھرىرىدىن.

## ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇڭگو ۋە باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى

بۈيۈك كۇشان خاقانلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىل- لىرىدە، بۇ خاقانلىقنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا ھەم سىياسىي مۇناسىۋىتىمۇ كېڭىيىپ باردى. جۇڭ- گو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا كارۋان- لىرى يولىنىڭ ئېچىلىشى بۇ مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىلا جۇڭگو ساياھەتچىسى جاڭچيەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 138 - يىلى خەنۋۇدىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىياغا كې- لىپ، ياۋچى - توخارلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ موڭغۇلىيىنى تايانچ بازا قىلغان ھونلارغا قارشى تۇ- رۇش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جاڭ چيەن گەر- چە ياۋچىلار بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق تۈزەلمىگەن بول- سىمۇ (بۇ ئۇنىڭ سەپەر قىلىشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى ئىدى)، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران ئوت- تۇرىسىدا دائىملىق سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. جاڭچيەن جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەنۋۇدى ھەر يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەلچى ئەۋەتىپ تۇردى. پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئاتلار جۇڭگو خانىنىڭ دىققەت ئېتىبا- رىنى تولىمۇ قوزغىدى، ئۇ ھەتتا كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدىمۇ مۇنداق ياخشى ئاتلارنى كۆرۈپ باقمىغان

ئىكەن. جۇڭگولۇقلار — پەرغانە ئاتلىرىنى «تەڭرى ئېتى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى تەڭرى ئەۋەتكەن دەپ ماختاشتى، مانا مۇشۇنداق ياخشى ئاتلارنى جۇڭگوغا بىرىنچى قېتىم ئېلىپ كەلگەن كىشى جاڭچيەن ئىدى. ئالغا ئىنتىلىش روھىغا باي بولغان بۇ ساياھەتچى «تەڭرى ئېتى»نى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە ئاتنىڭ يېمەكلىكلىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كەتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 126 - يىلى ئۇ بېدە ئۇرۇقىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەتتى. خەنۋۇدى ئوردىسىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرگە بېدە تېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بېدىنىڭ تېرىلىشى پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگوغا تارقالدى. بېدىنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۈزۈم تالىنىمۇ جۇڭگو ئەلچىلىرى پەرغانىدىن جۇڭگوغا ئېلىپ كەتتى.

جاڭچيەن پەرغانە، سوغدىيانا ۋە باكتېرىيىلەردە ساياھەت قىلغان مەزگىللەردە بۇ رايونلار بىلەن تونۇشتى، ئۇنىڭ سىرتقا چىقىشى بىلەنلا جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپلىگەن بىلىملەرگە ئىگە بولدى. پەرەز قىلىنىشىچە، بېدە بىلەن ئۈزۈم تېرىش ۋە مەي ئىشلەشتىن باشقا جۇڭگولۇقلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىدىن كېۋەز تېرىشنى ئۆگىنىۋالدى. كېۋەز تېرىش ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇستەقىل تەرەققىي قىلغان بولۇشى مۇمكىن ياكى ھىندىستاندىن كىرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. جۇڭگولۇقلارمۇ ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پىلىچىلىك ئىشلىرى ۋە ھەربىي قورال-ياراق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

مۇلچەرلىنىشچە، مۇشۇ ۋاقىتلاردا جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمى، يەنى كانگىيە (قانقا) دۆلىتى (جۇڭگولۇقلار شۇ ۋاقىتتىكى خارەزىم دۆلىتىنى شۇنداق ئاتايتتى) بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي تەرىپى يەنىلا مۇستەقىل تۇرۇۋاتقان پەرغانە بىلەن تۇتىشاتتى. جەنۇبىي فارفىيە، باكتېرىيە بىلەن قوشنا بولۇپ، غەربىي قىسمى خارەزىم ۋە بۇخارا بوستانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، سوغدىيانانىڭ بىر قىسمىمۇ ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئىدى. جاڭچيەنىڭ خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: كانگىيەنىڭ «ئادەتلىرى يۈئېنلەي ياۋچىلار بىلەن ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بار ئىكەن»، بىراق، ياۋچىلارنىڭ 100 مىڭدىن 200 مىڭغىچە قوشۇنى بار ئىدى. شۇڭلاشقا جاڭچيەن ئىزاھلاپ مۇنداق دېگەن: «كانگىيەنىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن، جەنۇب تەرەپتە ياۋچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىدىكەن، شەرق تەرەپتە ھونلارنىڭ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەن».

ساياھەتچى جاڭچيەنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى 122 ـ يىلى جۇڭگو يىلنامىلىرىدا يەنە تاج خاندانلىقى تىلغا ئېلىنغان. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا چەتئەل ناملىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى تولاراق ئەسلى نامنىڭ ئوقۇلۇش ئاھاڭى بىلەن ئوخشاشمىغانلىقتىن، بۇ دۆلەتنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇ-

رۇش ناھايىتى قىيىن، لېكىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىيىلە-
زەرە ئۇمۇمەن قىلغاندا، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان
جاي يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرقىي ئىرانىي
مەنبە قىلغان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىل-
لەتلەرنىڭ بىرىدۇر. 19 - ئەسىردە رۇس شەرقشۇناس-
لىرىدىن نوپۇزلۇق ئەربابلارنىڭ بىرى بولغان ئى. خ.
خانىيكوف (1822 — 1878) بۇ ماتېرىياللار، شۇنداقلا
جۇڭگونىڭ باشقا تارىخىي كىتابلىرىدىكى ماتېرىياللارنى
تەتقىق قىلغاندا: «شەك شۈبھىسىزكى بۇ يەردە كۆرسىتىل-
گىنى ‹تاجىك› لارنىڭ مىللەت نامى» دەپ قەيت قىل-
دى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، پەرغانە ئويمانلىقى-
دىكى بايلىق جۇڭگو خانىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوز-
غىدى. جۇڭگو تارىخچىلىرىنىڭ خاتىرىلىشىچە، مىلادىدىن
بۇرۇنقى 2 - ئەسىردە پەرغانىغا «چوڭ - كىچىك 70
نەچچە شەھەر قارايتتى». بۇلار زامانىمىزدىكىدەك شە-
ھەرلەر بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ خاتىرە بەرىبىر شۇ چاغدى-
كى پەرغانىنىڭ پايانسىز باي دۆلەت ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلا-
رى بولۇپمۇ يىلقىچىلىقى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، بۇ
يەردىن بۇغداي ئىشلەپچىقىرىلىپلا قالماستىن، بەلكى
شالمۇ ئىشلەپچىقىرىلغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 104 - يىلدىن 101 - يىل-
لارغىچە بولغان ئارىلىقتا جوڭگو خانىنىڭ قوشۇنلىرى
ئوتتۇرا ئاسىياغا بېرىپ، پەرغانىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىر-

هى. يات مىللەت ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كەسكىن كۆرەشلەر جەريانىدا سىناقلاردىن ئۆتكەن پەرغانە ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر جۇڭگو خانىنىڭ قوشۇنلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى، 60 مىڭ كىشىلىك يەنە بىر ھەرباقا جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنمۇ پەرغانىگە بىرىپ، پەرغانە ئويمانلىقىنى بىسىۋالدى. لېكىن، بۇ قوشۇن بىر قورغاننىمۇ ئالالماي قورشاۋنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. پەقەت نەچچە ئون «تەگرى ئېتى» نى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن جۇڭگوغا قايتىپ كەتتى.

جۇڭگو قوشۇنلىرىنى پەرغانىدىن چىكىنىشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 101 - يىلدىكى كانگىيە (خارەزىم) نىڭ ياردىمى بولدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇڭگولۇقلار ئەينى ۋاقىتلاردا ئەمەلىي كۈچى زورىيىپ بىر قەدەر يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن خارەزىمنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھونلارغا قارشى ئىتتىپاقدىشى قىلىشقا ئۇرۇندى، جۇڭگونىڭ ھىراۋول بېگى گوشۇن دوكلاتىدا مۇنداق يازغان: «... كانگىيە كۈرەڭلەپ، ئەلچىلەرگە بويسۇنۇشنى رەت قىلغانلىقتىن، تۇتۇق ھىراۋۇلى بۇ ئەلدە ئويسۇن بەگلىرىدىنمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى».

قۇدرەتلىك ھونلار پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خارەزىم (كانگىيە) دۆلىتىنىڭ كۈچلىرى يەنىمۇ بىر

قەدەم ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىپ، ھۆكۈمرانلىقى ۋە تەسىرى ئالان دۆلىتى (ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جايلاردىن ئازوۋ دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى جايلارغىچە جايلاشقان) دىن ئەڭ يىراق ئورال ئەتراپىدىكى ئورمانلاردا قەد كۆتۈرگەن يان دۆلىتى (قەبىلە) غىچە يېتىپ بارغان.

بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن باشلاپلا مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان، بۇ خىل مۇناسىۋەت نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى كۆپ پايدا يەتكۈزدى، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولى ئېچىلغاندىن باشلاپلا، سودا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئوقۇشلۇق ھالدا راۋاجلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرى ئەينەكتىن ياسالغان بۇيۇملار، ياقۇت قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى، شۇنداقلا باشقا ماللارنى جۇڭگوغا كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جۇڭگونىڭ يىپەك، سىر، تېرە، تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نىكىللىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگۈزدى.

ھەرخىل رەڭدىكى نازۇك ئەينەك بۇيۇملىرى ۋە لەپىس ئىشلەنگەن ئەينەك قاچا - قۇچىلار روما ئىمپېرىيىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇلدى.

99 - يىلى كۇشان خاقانلىقىنىڭ ئەلچىسى روماغا

بولغان سەپىرىنى ئورۇنلىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئالدىنقى ئاسىيا ۋە ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا باكتېرىيىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول ئارقىلىق تەرەققىي قىلدى. ھىندىستان ماللىرى ئامۇ دەرياسى ساھىلىدىكى دائىرىگە توشۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، كاسپىي دېڭىز ساھىلىدىكى جايلارغا، ئاندىن يەنە شۇ جايلار ئارقىلىق قارا دېڭىز ساھىلىدىكى جايلارغا توشۇپ كېلىندى. ھىندىستاندىن تەم تەگشىگۈچى خۇش پۇراق ماتېرىياللار، ئۆپا - ئەگلەك، پاختا توقۇلمىلىرى، نەپىس يۇڭ توقۇلمىلىرى ۋە باشقا ماللار توشۇپ كېلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينەك بۇيۇملىرى ۋە باشقا ماللىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلاتتى. كاما دەرياسى ئەتراپىدىن كۇشان پۇلىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا ئاساسەن بىز بۈيۈك كۇشان خاقانلىقىنىڭ سودا مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئۇزۇن جايلارغىچە كېڭەيدى دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

سوغدىلار يەتتە سۇ، شەرقىي تۈركىستان، ھەتتا جۇڭگو تەۋەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ مۇھاجىرلار رايونىنى قۇردى. بۇ مۇھاجىرلار رايونى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن شەھەرلەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. بۇلار بۈيۈك كۇشان خاقانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا سودىسىنىڭ گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش ئاساسلىقى سوغدىلارنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سوغدى تىلى ئەينى ۋاقىتلاردا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە

شەرقىي ئاسىيادا خەلقئارا تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلدى. لوپنور كۆلى بىلەن دۇنخۇاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا يوللىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تورا لارنىڭ خارابىلىرىدىن كۆپلىگەن كىتابلار تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى سودىغا ئائىت بىر قىسىم كىتاب ۋە خەت - چەكلەر سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان. جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تورالاردىنمۇ سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان قول يازما ھۆججەتلەر تېپىلدى.

## كۇشان دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

گرېك - باكتېرىيە دەۋرىدە بەرپا بولغان شەھەرلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىن مىلادى 3 - ئەسىرگە بولغان مەزگىللەردە ئەڭ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۆز ئورنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى بەلگە قىلغان سەنئەتنىكى گۈللىنىشمۇ مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ.

ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن ۋە كابۇل دەريا جىلغىسىدىن تارتىپ شىمالىي ھىندىستانغىچە بولغان كەڭرى جايلاردا كۇشان دەۋرى قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن ئىمارەتلەر ۋە ھەيكەللەرنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. بۇ ئاسارە - ئەتىقىلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ نامى بويىچە قەندىھار سەنئىتى دەپ ئاتالدى. بۇ رايون پېشاۋۇرنىڭ جەنۇبىدىكى ھىندى دەريا ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، يۇقىرىدىكى كۆپ قىسىم خارابىلىقلار مۇشۇ يەردىن تېپىلدى.

پروفېسسور م. م. رىئاكونوۋ گېپىسارىدىكى قەدىمكى زامان قەبرىلىرىدىن تاپقان كۇشان دەۋرىگە تەئەللۇق قەبرە (B) شەكىللىك III دەپ ئاتىلىدۇ) مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قەبرىنىڭ ئۇلى خام خىشتىن ياسالغان بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ گۈلىرىمۇ خام خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، جەسەتنىڭ باش تەرىپىگە ئۇ ئالەمدە تاماق يېگەندە ئىشلەتسۇن دەپ قاچا - قۇچىلار قويۇلغان، بۇ قاچا - قۇچىلارنىڭ ھەممىسى ساپال چاق بىلەن نەپىس ئىشلەنگەن. كۆپلىگەن قاچا - قۇچىلارنىڭ شەكلىي قۇرۇلمىسى تازا كېلىشكەن ئېگىز پۇتلۇق رومكىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەبرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قەبرە ئىچىگە قورال - ياراق ئەكىرىلمىگەن، بەزىلىرىدە جەسەتنىڭ ئاغزى ۋە يۈزىگى ئۈستىگە پۇل قويۇلغان . بۇ پۇلدىكى گۈل - نەقىشلەردىن قارىغاندا، خان ئوكراتىسنىڭ پۇلىغا ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا بۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1- ئەسىر (گرېك - باكتېرىيە خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندىن كېيىنكى ھەمدە كۇشان خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلىشتىن بۇرۇنقى دەۋر)گە تەئەللۇق دېيىشكە بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدە، ئالتۇن ھالقا، ياقۇت كۆز سېلىنغان تۆمۈر ئۈزۈك ۋە تۆمۈر ھالقا، تاش ۋە ئەينەك مارجان، تۇچ ئەينەك، بىلەيزۈك ۋە ئۈزۈكلەر بار. بۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپچىلىكى كاسىپى دېگىنىز ساھىلىدىكى

جايلار ۋە قارا دېڭىز ساھىلىدىكى سارمات[1] مەدەنىيىتى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، تېپىلغان بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە پەقەت بالتىق دېڭىزدىنلا تاپقىلى بولىدىغان كەھرىۋا ۋە ھىندى ئوكيانىدىن كېلىدىغان قۇلۇلە قېپى بارلىقى بايقالدى.

قەبرىنىڭ سىرتىدىن نۇرغۇن پۇل تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە خاقان قەنىشقا پۇلى بار، يەنە سوقا، يارغۇنچاق پارچىلىرى ۋە پىچاق كۆمۈلگەن «خەزىنە» تېپىلدى.

سوغدىيانا، خارازىم، فارفىيە مەدەنىيىتى مۇشۇ باسقۇچتا تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

گرېك ـ باكتېرىيە خاندانلىقى دەۋرىگە ئوخشاشلا، كۇشان خاقانلىقىنىڭ زېمىنىدىمۇ ھەر خىل ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقاد مەۋجۇت ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قويۇلغان پۇللاردا ھەرخىل بۇلۇتلارنىڭ رەسىملىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە زارا ئاستىرادىنىڭ ئىلاھى ھەيكەللىرى ۋە مەبۇتلىرى، گرېك ئىلاھى گەلىيۇس ۋە سەلەنا گىرىسىيە (قۇياش ئىلاھى ۋە ئاي ئىلاھى)نىڭ رەسىمى، ھىندىستاننىڭ بۇتلىرى (بۇقا ئېلىپ كېتىۋاتقان سۇ ئىلاھى) بار. بۈيۈك كۇشان دەۋرىدە بۇددا دىنى

---

① ھېرودوتنىڭ «تارىخ» 4 ـ توم 110 ـ، 117 ـ بۆلۈملىرىدە ئېيتىلىشىچە، سارماتلار مىلادىدىن بىر ياكى ئىككى ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىدىن دون دەرياسىنىڭ شەرقىي رايونلىرىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. سارماتلار ئارىسىدا ماساگېتلار ۋە ئالانلارمۇ بولغان. كاسپىي ۋە قارا دېڭىز ئارىلىقىدىكى مىللەتلەر تەركىبىدە ئاشۇلار بار.

—— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندىستان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتى بار رايونلاردا، بولۇپمۇ باكتىرىيەدە تېزلىك بىلەن تارقالدى. 2 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەنىشقانىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن بىر يۈرۈش بۇددا دىنىي ئىبادەتخانىلىرى باكتىرىيەدە بارلىققا كەلدى. بۇ ئىبادەتخانىلار بۇددا دىنىنى تارقىتىشتا بىرقەدەر مۇھىم رول ئوينىدى. قەنىشقا بۇددىزمنىڭ قىزغۇلتىيىنى (تەخمىنەن مىلادى 100 - يىل ئۆپچۆرىسىدە) چاقىرغۇچى دەپ قارىلىدۇ. بۇ قۇرۇلتاي بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇددا دىنى يەنە تېرمىز رايونىدا كەڭ تارقالدى.

1933 - يىلى تېرمىز كونا شەھىرىگە 17 كىلومېتىر كېلىدىغان ئايىر تام شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا ئىككى يەردىن بۇددا ئىبادەتخانىسى تېپىلدى، ئىبادەتخانىلارنىڭ قورغانچىسى كۆشان دەۋرىدىن قالغان بولۇپ، بۇ يەردىن مىلادىنىڭ دەسلەپىدىكى بۇت ھەيكەل پارچىلىرى، كۆپلىگەن سىغىزدىن ياسالغان قاچا ـ قۇچا (چوڭ ساپال كوزا)، تاماق پىشۇرۇشقا بولىدىغان قازان، ئوتقۇچ بېكىتىلگەن ئېگىز كوزا، چىراغ ۋە شامدان، سىغىزدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلى ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلى، نەزىر - چىراققا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار ۋە پۇل تېپىلدى. ئايىرتامدىن تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدە نەپىس ئويۇلغان تام تەكچىلىرى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، تەكچىلەرگە شۇ يەردىكى زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرمىقى شەكىللىك

نەقىشلەر ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەن ئايال مۇزىكانتنىڭ قاپارتما ھەيكىلى چۈشۈرۈلگەن. قەلئە تۆپە ۋە چىڭگىز تۆپە ئەتراپىدىمۇ ئىككى يۇرۇش ئۆڭكۈر شەكىللىك بۇددا ئىبادەتخانىسى تېپىلدى. تاش ئۆڭكۈر نۇسخىسىدىكى شەخسىي ئىبادەتخانىدىن باشقا يەنە بۇ يەردە جامائەت چوڭ ئىبادەتخانىسىمۇ بار.

باكتېرىيىسە بىلەن ئوخشاشمايدىغىنى، سوغدىيانا ۋە خارەزىمدە زارا ئاستىرا دىنى يەنىلا داۋاملىق ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر غايەت زور مەدەنىيەتنىڭ رولىنى ئۆزئۆملۈك ھالدا جارى قىلدۇردى. شەرق ۋە غەرب ئەللىرىدىكى ئاھالىلەر كۆپ ھاللاردا سوغدىلار ۋە باكتېرىيىلىكلەر ئارقىلىقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىگىلەيتتى.

بۇددا دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەنلا جۇڭگوغا كىردى. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرى 147 - يىلى بۇددا دىنى نوملىرىدىن بىرى بولغان «ئامىتاباسوترا»نىڭ كۇشان خاقانلىقىدىن جۇڭگوغا توشۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇددا كىتابلىرىنى ئەڭ بۇرۇن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئىدى. 2 - ئەسىردە ئۇ جۇڭگونىڭ پايتەختىدە خىزمەت قىلدى (20 نەچچە يىل) ھەم شۇ يەردە ئۆزىنىڭ مەكتىپىنى ئاچتى. ئومۇمەن قىلغاندا، 2 - ۋە 3 - ئەسىردە بۇددا نوملىرىنى

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمانلارنىڭ كۆپىنچىسى سوغدىلار ئىدى.

بۇرژۇئا شەرقشۇناسلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەرەپلەردە قوشقان تۆھپىسىنى جىنىنىڭ بارىچە كىچىكلىتىدۇ. بۇلار قەدىمكى زامان شەرق تارىخىنى شەرھلىگەندە، سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرىنىڭ تارىخىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تاجىك، ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدا ئاجايىپ رول ئوينىغان ئىدى.

## ئوتتۇرا ئاسىيا قۇللۇق تۈزۈمى دەۋرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

بۇرژۇئا شەرقشۇناسلىرى ئۆزلىرىدە ئەزەلدىن بار بولغان مېتودولوگىيە جەھەتتىكى ئاجىزلىق ۋە سىنىپىي بىر تەرەپلىمىلىك تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇرەككەپ جەريانىنى ئېنىق تونۇيالمىدى، ئۇلار بۇ جەريان ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزمەي، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلار باشلانماستىلا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەزەلدىن بېرى ئورتاق بولغان فېئوداللىق تۈزۈم مەۋجۇت دېگەن-

دەك بىر «نەزەرىيە»نى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ف. بارې تولد قاتارلىقلار مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن، 1925 - يىلى ئۇ «تاجىكلار»نىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچىدە مۇنداق يازدى: «مۇشۇ دەۋر (7- ئەسىر)نىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىمۇ ماكىدونىيىلىك ئالىكساندىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر بىلەن ئوخشاش ئىدى. تۈركىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالىكساندىر دەۋرىدىن تارتىپ ئىسلام غازات دەۋرىگە قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بىكاردىن بىكارغا ئىز - دېرەكسىز ئۆتۈپ كەتكىلى تاس قالغان ئىدى»①

ماركسىزم - لېنىنىزملىق مېتودولوگىيە بىلەن قوراللانغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخ ئىلمى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش تەرەپلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەتلەر، شۇنداقلا ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشلار ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئىپتىدائىي كوممۇنا يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈن چىقاردى. بۇ يەكۈن، ماركسنىڭ قۇللۇق تۈزۈم ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ ئوخشاشلا سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى

① «تاجىكىستان»، تاشكەنت 1925 - يىل رۇسچە نەشرى، 99 - بەت.

خىل فورماتسىيەسى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى، شۇنداقلا شەرقتىكى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئۇنۇملۇك ئىسپاتلىدى. بۇ تەلىمات ماركسنىڭ قول يازمىسى «كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى مۇلۇكچىلىك شەكلى»دە ئومۇميۈزلۈك ۋە چوڭقۇر بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنگە ئوخشاش، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - مىڭ يىللىقلارنىڭ - دەسلەپتىكى ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى شارائىتىدا، يېزا جامائەسى يەنىلا يېتەكچىلىك رول ئوينىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى مۇناسىۋىتى ئالدى بىلەن ئائىلە باشلىقلىق قۇللۇق تۈزۈم شەكلى بويىچە تەرەققىي قىلدى. جامائەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مال - مۈلۈك جەھەتتىكى تەڭسىزلىكنىڭ ئېشىشى ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ قۇل ئىگىلەش تۈزۈمنىڭ سالمىقىمۇ ئېشىپ باردى. بۇ قۇل ئىگىلەش تۈزۈمى پەيدىنپەي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باي بولۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ بىر خىل قورالىغا ئايلاندى.

ئومۇمەن قىلغاندا، شەرق (ئوتتۇرا ئاسىيا) قۇللۇق تۈزۈمى — ئادەمنى ئادەم ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ، غەرب بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ تارىخىي پاكىت بۇرژۇئازىيىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ئاشۇ خىلدىكى ساختا ئىلمىنى پاش قىلى

دى. ئاشۇ خىلدىكى ساختا ئىلىم: تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا «مەدەنىيەتلىك» غەرب بىلەن ئاتالمىش «ئەزەلدىن قالاق» شەرق تۈپتىن پەرقلىنىدۇ دەپ ۋالاقشىيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىكى كونكرېت ئالاھىدىلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش شەرت. ئۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا يېتەكچى تەرىپكە ئايلانغان بولسىمۇ، يېزا جامائەسى مۇشۇ پۈتكۈل مەزگىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا يەنىلا سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش رولىنى ئوينىدى.

يەرلەرگە شەخسلەر ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى چەتكە قاقىدىغان يېزا جامائەسىنىڭ يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ۋە سۇغىرىشنىڭ دېھقانچىلىقتىكى رولى ئالاھىدە بولغان شەرق مۇستەبىتلىكىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىدى. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردە دۆلەت ـ ئەڭ چوڭ پومېشچىكلاردا ... يەرلەرنى شەخسلەر ۋە كۆپچىلىك ئىگىلەش ھوقۇقى ھەم ئىشلىتىش ھوقۇقى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن يەرگە شەخسلەر ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى» ①. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «...شەرقنىڭ ئىستىبداتلىقى جامائە يېرىگە بولغان مۇلۇكچىلىك

① «كاپىتال» 3 ـ توم ـ («ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 25 ـ توم، خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 891 ـ بەت.

تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان...

يەر — يەر ئىلاھىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئاتا قىلغان بايلىقى دېگەن دەسلەپكى چۈشەنچە كېيىنكى كۈنلەردە باشقىچە بىر خىل چۈشەنچىگە ئۆزگەردى. يەنى، خان (بەزىدە ئۇمۇ ئەڭ ئالىي كاھىن بولىدۇ) ئىلاھىنىڭ يەر يۈزىدىكى كۆلەڭگىسى. شۇڭلاشقا، ئۇ جاھائە تېرىيدىغان بارلىق يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەنىڭ خانغا خىراجەت تاپشۇرۇش «مەجبۇرىيىتى» بار (بۇ ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئۆزگەرتىلگەن بىر خىل شەكلى ئىدى) دېگەن چۈشەنچىگە ئايلاندى.

ماركس مۇنداق دەپ يازغان: «ئىچكى جەھەتتە تالان - تاراج ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل ئورگان»نىڭ رولى شەرقتىكى مۇستەبىت ئەللەردە ئەزەلدىن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر خىل رولى جامائەتنى سۇ ئىنشائاتىغا تەشكىللەش ئىدى. سۇ قۇرۇلۇشىنىڭ رولى ھەققىدە ماركس ئالاھىدە قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «سۇنى تېجەش ۋە ئورتاق ئىشلىتىش ئاساسىي تەلەپ ئىدى ... شەرقتە ... ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەتنىڭ ئارىلىشىشىغا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسىيادىكى بارلىق ھۆكۈمەتلەر ئىقتىسادىي رولىنى، يەنى ئومۇمىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش رولىنى ئۆتەشكە مەجبۇر ئىدى» ①.

---

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم خەنزۇچە نەشرى 64 - بەت.

يېزا ئىگىلىكىدىكى يېزا جامائەلىرىنىڭ خاراكتېرى ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. چۈنكى، كۆپچىلىككە مەلۇمكى، «مەھسۇلاتنىڭ تاۋارغا ئايلىنىشى، ... ئورتاق گەۋدە زاۋالغا يۈزلەنگەنسېرى مۇھىم بولىدۇ.»①

يۇقىرىدىكى بىرنەچچە بابتا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنگە ئوخشاش، ئوتتۇرا ئاسىيادا شەھەر تۇرمۇشى، شۇنداقلا نۇرغۇن دۆلەتلەر بىلەن سودىدا ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىش ئاللىقاچان مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئىگىلىكنىڭ ناتۇرال خاراكتېرى داۋاملىق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. سودا بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدە نەرسىنى نەرسىگە ئالماشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئاساسەن جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا تەرەققىي قىلدى، پۇل ئىگىلىكى تەرەققىي قىلالمىدى، دۆلەت ئىچىدىكى سودىنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئىنتايىن ئاددىي، ئومۇمەن. «ئائىلە باشلىقلىق شەكلىدىكى بىۋاسىتە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇللۇق تۈزۈمگە يۈزلىنىشكە، قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغان قۇللۇق تۈزۈمگە ئۆزگىرىش»②كە پايدىلىق بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاغلىق رايون ۋە ئوتلاقلاردىمۇ شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئايرىلماس مۇناسىۋىتى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بۇ يەردىكى قول

① «كاپىتال» 1 - توم 1 - بابتىن ئېلىندى.

② «كاپىتال» 3 - توم، خەلق نەشرىياتى، 1966 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 372 - بەت.

ھۆنەرۋەنچىلىك يەنىلا دېھقانچىلىقتىن پۈتۈنلەي ئايـ
رىلىپ كېتەلـمىدى. شەھەرلەر ئاساسەن ھۆكۈمـرانلىق
قىلغۇچىلارنىڭ ئوردىسى ۋە ئالاھىدە سودىنىڭ ئۆتەڭـ
لىرى بولۇپ قالدى.

شەرقتىكى مۇستەبىت ئەللەرنىڭ ئۈچىنچى خىل
رولى دائىم باشقا دۆلەتلەرنى تالان - تاراج قىلىش ۋە
كەڭ رايونلارنى تارتىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان ئۇرۇش
قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۇرۇشلاردىن دۆلەتنىڭ
تار ئىگىلىك ئاساسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت زېمىن
كېڭەيتىش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان ئىستىخىيلىك غەرەزـ
لەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش لازىمكى، ئىگىلىك تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور
تەكشىسىزلىك مەۋجۇت بولغانلىقتىن، قۇللۇق تۈزۈم
مۇناسىۋىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى تەرەقـ
قىياتىمۇ تەكشىسىز بولغان ئىدى. سوغدىيانا، خارەزىم،
باكتىرىيە (توخارىستان)، پەرغانە ۋە خوراسان قاتارـ
لىق بوستانلىقلار ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىدا تۇردى. بىر قەدەر قالاقراق
بولغىنى «قۇتتالىيە» چاگانىيە، بەداخشان ۋە گۇرا قاـ
تارلىق چەت ياقا تاغلىق رايونلار ئىدى. يەتتە سۇ،
ئارال دېڭىزى بويلىرىدىكى رايونلار، كاسپىي دېڭىزىـ
نىڭ شەرقىدىكى رايونلار ۋە ھازىرقى قازاقىستان
قاتارلىق جايلارنىڭ ياىلاقلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا جايـ
لاشقان ئىدى. تاشكەنت بوستانلىقى ۋە ئۇسرۇشانا

بولسا توقۇنۇشنى پەسەيتىدىغان ئالاھىدە رايون ئىدى. ياپىلاقلاردىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، شۇنداقلا سىرت بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تاغلىق رايونلارنىڭ ئىگىلىكىدە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى قالدۇقلىرى كۆچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. بوستانلىق پەلباغلاردا قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى جىددىي تەرەققىي قىلدى.

ئوخشاشمىغان رايونلاردا ئوخشاشمىغان دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ھالىتى شەكىللەندى. مەسىلەن، خارەزىم بولسا ھوقۇق مەركەزگە سوغدىياندىنمۇ بەكرەك مەركەزلەشكەن شەرق مۇستەبىتلىكىدىكى دۆلەت ئىدى. ئەمما سوغدىيانا بولسا نۇرغۇنلىغان «شەھەر سېپىل» دىن قۇرۇلغان ئاجىزلاپ كەتكەن شتات دۆلىتى بولۇپ، پەقەت ھەر بىر شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا مۇستەھكەم ھاكىمىيەت بار ئىدى.

شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، قوللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى گرېك ـ روما دۇنياسىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ئىدى.

بىر تەرەپتە بېيىپ كەتكەن ھەربىي قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ۋە قۇل ئىگىلىرى زور مىقداردىكى يەرلەرنى تېرىيدىغان سودا كارۋىنى بار كاھىنلىق مەھكىمىلىرى مەۋجۇت ئىدى، يەنە بىر تەرەپتە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارغا بېقىندۇرۇلغان ئاددىي يېزا جامائە دېھقانلىرى مەۋجۇت ئىدى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا بارغانسېرى

كەسكىن بولغان سىنىپىي توقۇنۇش يۈز بەردى.

دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەبىت خانلار باشچىلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە كاھىنلىق مەھكىمىلىرى، شۇنداقلا خەلقنىڭ شىللىسىغا چىقىۋالغان ئارمىيىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى، ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى كۈچلۈك مەركىزىي ھاكىمىيەتكە تايىنىپ، قۇللارنى ۋە ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.

ھەتتا رومادىن ئىبارەت مۇشۇنداق تىپىك قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت توغرىسىدا ماركس مۇنداق يازغان:«... قەدىمكى رومادا سىنىپىي كۈرەش ئاز ساندىكى ئىمتىيازلىق كىشىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا، ئەركىن بايلار بىلەن ئەركىن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كەڭ خەلق — قۇللار بولسا بۇ كۈرەش ئۈچۈن پاسسىپ سەھنە تۈۋرۈكى بولغان...» ①. ۋە ھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچى ئامما بولسا ئەركىن يېزا جامائەسى دېھقانلىرى ئىدى، ئاساسلىق سىنىپىي توقۇنۇش ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئەركىن كەمبەغەللەر — جامائە دېھقانلىرى ئارىسىدا يۈز بەردى. بۇ سىنىپىي توقۇنۇش قەدىمكى يازما مەلۇماتلاردا پەقەت يۈزەكى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى.

كۆپلىگەن ئالامەتلەر، 3- ئەسىردىن 4- ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدىكى قۇللۇق تۈزۈم كرىزىسىنىڭ

① ماركس: «كاپىتال» 3- توم، رۇسچە نەشرى 344 -بەت.

يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنى مۇشۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىمىز.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن كېيىنكى 4 - ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتلاردا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى قىسقىچە ئېيتقاندا ئەنە شۇنداق.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى شەكىللىنىشىنىڭ جەريانى ھەققىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: مۇشۇ دەۋردە يەر ۋە مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتى بارغانسېرى مۇستەھكەملەندى، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى ياكى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. بەزى جامائەسى نوقۇل ھالدا رايونلار ئارا بىرلەشتى، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان قەبىلىلەر ئارىسىدىكى يەككە ئىقتىساقتىن باشقا، بىر يەنە قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىش جەريانىنى، يەنى مىللەت شەكىللىنىشىنىڭ جەريانىنى كۆزىتەلىدۇق.

لېكىن، ئاشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، خۇددى ئېنگېلس كىرىتسىيەنىڭ قەدىمكى زامان دۇنياسى توغرىسىدا كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، مىللەت شەكىللىنىشىنىڭ جەريانى قەبىلىلەر ئىقتىساقىنىڭ قورۇلۇش باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتمىدى. قەبىلىلەر پەقەت بىر بۆلۈك - بىر بۆلۈكتىن ئۆزئارا بىرلەشكەن. ئەينى ۋاقىتتا چوڭ بىرلىككە كەلگەن مىللەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ شەرت - شارائىتى يوق ئىدى. ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان بۇ نۇقتىئىنەزەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمەلىي مىساللاردا

ئىسپاتلايدى. موشۇ دەۋرلەر جەريانىدا، ئېخى بىرلىككە كەلگەن سوغدى مىللىتى ياكى بىرلىككە كەلگەن خارا-رەزىم مىللىتى مەۋجۇت ئىدى دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ ۋاقىتتا پەقەت بەزى رايونلارنىڭ مەركىزى شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇ پەقەت سوغدىيانا، خارەزىم، بەلخ، خوراسان، شۇنداقلا باشقا جايلاردىكى ھەرخىل رايون خاراك-تېرلىك كىچىك قەۋملەر شەكىللەنگەن ئىدى.

ئۈچىنچى قىسىم

# تاجىكلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئوداللىق مۇناسىۋەت پەيدا بولۇش دەۋرىكى ئەجدادلىرى

## VII باب تاجىكلارنىڭ ئېفتالىتلار دۆلىتى ۋە سامانىلار دۆلىتىدىكى ئەجدادلىرى

(4 — 6 - ئەسىرلەر)

### كۇشان ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ۋە ئېفتالىت دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

3- ئەسىرگە كەلگەندە فارفىيە خاندانلىقىدا قۇل- دار ئاقسۆڭەكلەر بىلەن جامائە دېھقانلىرى ئوتتۇرىسى- دىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىق كەسكىنلەشتى. ئاقسۆڭەكلەر قۇللار ئەمگىكىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆ- لەملىك سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نۇرغۇن تېرىلغۇ يەرلەرنى

ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى.
قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچلۈك دۆلەت ماشىنـ
سىنى تالىشىش كۈرىشى جەريانىدا (بۇ دۆلەت ماشىنـ
سى بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئىنتائەيىن ھالەتتە
تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال ـ
مۈلكى ۋە كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيـ
تىشنى ئىلگىرى سۈرەتتى) پارس ئاقسۆڭەكلىرى زارا ـ
ئاسترا دىنىنىڭ كاھىنلىق مەھكىمىلىرى بىلەن زىچ
ھەمكارلىشىش ئارقىلىق تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.
220 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىستاخىر (پارس رايو ـ
نىدا) كىنەزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانى ئارتا خشىرا I
پروتىكول پارس دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايـ
لاندى. 224 ـ يىلى ئارتاخشىرI ئارشاكلار خاندانلىقىـ
نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئارتاۋان ٧ نىڭ قوشۇنـ
لىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى ھەمدە
يېڭى پرىنسىپ بويىچە پروتىكول ئىران زېمىنىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان دۆلەتنى باشقۇردى.
ساسانىلار خاندانلىقى (224 — 652) 400 يىلـ
دىن ئارتۇق ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ساسانىلار
خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئەڭ گەۋ ـ
دىلىك ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە بولدۇ: بىرىنچى،
تەخمىنەن 4 ـ ئەسىردىن باشلاپلا فېئودالىق مۇناسـ
ۋەت ساسانىلار خاندانلىقىدا پەيدا بولدى. ئىككىنچى،
ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە ھەر قايسى ھاكىم بەگلەر
ۋە ھەر قايسى ئۆلكە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاسىيلىق خاـ

ھىشىغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئىران مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ رولى زور دەرىجىدە كۈچەيتىلدى. شۇڭلاشقا ئېنگېلس قۇدرەتلىك ساسانلار خاندانلىقىنى ياخشى تەرتىپكە سېلىنغان خاندانلىق دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۈچىنچى، زارا ئاسترا دىنىنىڭ كاھىنلىق مەھكىمىدىكىلەرنىڭ كۈچى ئالاھىدە كۈچىيىپ، زارا ئاستىرا دىنى دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. «خانلىق ئورنى كاھىنلىق مۇنبىرىنىڭ تۈۋرۈكى، كاھىنلىق مۇنبىرى خانلىق ئورنىنىڭ تۈۋرۈكى» بولدى، بۇ — ئارتاخشىر I نىڭ ھېكمەتلىك سۆزىدۇر.

ساسانلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى، شۇنداقلا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش سىياسىتى كۇشان خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى ۋە مەرۋى ئويمانلىقى قوشۇلۇپ قەدەممۇ قەدەم ساسانلار خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كەتتى. كۇشان خاندانلىقى ھاكىمىيىتى پەقەت بۇ دۆلەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلاردا ساقلىنىپ قالدى.

5 - ئەسىردە، ساسانلار خاندانلىقىنىڭ ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، كۇشان خاندانلىقىنىڭ دائىرىسى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتتى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە بۇ دۆلەت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى تەرىپىدىن كەلگەن يېڭى زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى يۇنانلىقلار ئېفتالىت دەپ ئاتىدى، روما تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئاق ھونلار،

ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئېكوتور، ئەرمەنىيە تارىـ خىي ماتېرىياللىرىدا ئېفتالار، سۈرىيە تارىخىي ماتېرىـ ياللىرىدا ئېـفـتارلار، جۇڭگو تارىـخـي ماتېرىياللىرىدا ئېفتالىت ياكى باخېلى دەپ ئاتالدى. بۇلارنى جۇڭگولۇقـ لار بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئورۇش قىلغان هونلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ قەبىلىلەر تارىخنامىلاردا ئاق هونلار دەپ ئاتالدى.

ئېفتالىتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ھەر خىل ئوخشاشمايدىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. بەزى شەرقـ شۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئېفتالىتلار بولسا ياۋچىلار بىـ لەن بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان قەبىلىلەردۇر. لېكىن بۇ مەسىلىگە قارىتا يەنىمۇ توغرا ئىزاھات بېـ رىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىزدە ئېفتالىتلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەقـ قىياتى سەۋىيىسى توغرىسىدا بەزىبىر ماتېرىياللار بار. جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا، ئېفتالىتلار كۆچمەن چارۋىچىلار، «كۆچمەنچىلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈيدىغان، كىگىز ئۆي سېلىپ ئولتۇرىدىغانلار» دېيىلگەن. پىراكاپىي كىسارىـ نىڭ ئېيتىشىچە: ئۇلارنىڭ دىنى «پىدائىيلىق» ئەقىدىلىـ رىدىن شەكىللەنگەن. ئېفتالىت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەتـ راپىدا ئاشۇنداق پىدائىيلار بولۇپ، ئۇلار مەيلى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسۇن ياكى تىنچلىق تۇرمۇش مەزـ گىللىرىدە بولسۇن، ئاقسۆڭەكلىرىگە ئالاھىدە سادىق ئىدى، ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن

ئۆلۈشكە رازى ئىدى. بىر قىسىم ئېفتالىتلار خرىستىئان دىنىغا ئىشىنەتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، 6- ئەسىردە ئېفتالىت ھۆكۈمرانى بىر نەپەر خرىستىئان مۇرىتىنى ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختىگە ئەۋەتىپ، مارئابا I (پارس خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ داھىيسى) دىن بۇ دىنىنىڭ مۇرىتىدىن بىرنى خرىستىئانغا كىرگەن ئېفتالىتلارنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى تەلەپ قىلغان دەپ بايان قىلىنغان. كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، شۇ چاغدىكى ئېفتالىتلاردا ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمى شەكىللىنىپ بولغان. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، بۇ ئىپتىدائىي جامائە مۇناسىۋىتى يىمىرىلىپ سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە پەيدا بولغان تۈزۈمدۇر.

دېمەك، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئېفتالىتلار ھۇنلار بىلەن ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىگە قارىغاندا نۇرغۇن دەرىجىدە ئارقىدا قالغان.

ئېفتالىتلار (جۇجانلار) دەپ ئاتالغان كۆچمەن قەبىلىلەرنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رايونلىرىدىن جەنۇبقا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان. جوجان (تاقىبات) قەبىلىلىرى ھونلارنىڭ قەدىمىي جايلىرىدا پەيدا بولغان. سىيانبىي ناملىق يېڭى كۆچمەن قەبىلە ئىتتىپاقىنى تارمار قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى-

لى غەربكە كېڭەيتكەن، يەنى ئۇلار ئۇيسۇنلارنى يەتتە سۇ تۈزلەڭلىكىدىن تاغلىق رايونلارغا قىستاپ كىرگۈزۈپ، ئۇيسۇنلارنىڭ قەدىمىي زېمىنلىرىنى ئۆزلۈكىدىن بېسىۋالغان.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان تارىخىي ھۆججەتلەر كۇشان ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاجىزلاشقانلىقىنى، ئېفتالىتلار ھاكىمىيىتىنىڭ باكتېرىيە (توخارىستان) ۋە سوغدىيانادا قانداق قۇرۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى چۈشەندۈرەلەيدۇ.

كۆپچىلىككە مەلۇمكى، ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئامۇ دەريا ئېقىمىدىكى جايلارنى ئۆزىنىڭ ئولتۇراق زېمىنى قىلىپ بېكىنىۋالدى.

بەزىلەرنىڭ قىياس قىلىشىچە، ئۇلار دەسلەپتە خارەزىم ئەتراپىدا قىسقا مۇددەت تۇرغان، كېيىنكى چاغلاردا بۇخارا ئەتراپىدىكى زەرەپشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا تۇرغان. ئۇلارنىڭ پايتەختى بارمان (بەلىخ) ئىدى.

ئېفتالىتلار سوغدىيانادا ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ساسانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىرانغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى. ئېفتالىتلار ۋە ساسانىلار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ناھايىتى ئۇزاق ۋە ئىنتايىن كەسكىن داۋام قىلدى. ئېفتالىتلار بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا كۇشان خاندانلىقى ئاجىزلاشقان مەزگىلدىكى ساسانىلار خاندانلىقى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغان رايونلارنى قايتۇرۇۋېلىشنى مەقسەت

قىلدى. ئۇرۇش نەچچە ئون يىل داۋام قىلىپ، ئۆزئارا يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇردى. 457- يىلى ئېفتالىتلار خاقانى باشقۇ بار قوشۇن باشلاپ چىقىپ، بەدەخشان، توخارىستان، چاگانىيە ۋە غۇزخانىيەنى بېسىۋالدى. ساسانىلار خانى فىروز (459—489 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئېفتالىتلارغا قارشى ئىككى قېتىم جەڭگە ئاتلاندى، لېكىن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى ھەر قېتىملىق جەڭدە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. 484- يىلى 3- قېتىم جەڭگە ئاتلانغاندا، فىروز ۋە ئۇنىڭ يەتتە ئوغلى ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئېفتالىتلار كۆپلىگەن رايونلارنى بويسۇندۇرۇۋېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئىراندىن باج ئالدى. ساسانىلار خاندانلىقى ئېفتالىتلار بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ساسانىلار خانى قاباد I (488—531- يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) ئېفتالىتلار خاقانىنىڭ قىزىنى خوتۇنلۇققا ئالدى.

6- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ساسانىلار خاندانلىقىدىكى ئىران بىلەن ئېفتالىتلار زېمىنى ئارىلىقىدىكى چېگرا گورگان دەرياسىنى بويلاپ مارۋارود بىلەن تالقان ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتتى، پايكەند شەھىرى (بۇخارا يېنىدا) ئېفتالىت خاندانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

5- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بەزى ئېفتالىت قەبىلىلىرى كابول دەرياسى جىلغىسىدىكى جايلارنى بېسىۋال-

دى. ئۇلار شۇ جايدا ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم كۇ-شان ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن بۇ رايون-لارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئەڭ ئاخىردا ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئېفتالىتلار خاقانى تۇرامان ئوتتۇرا ھىندىستاننىڭ مالاۋا رايونىنى بېسىۋالدى. 510- يىلى ئۇنىڭ ئوغلى ماھراكۇلا تەختكە چىقىپ، ئېفتالىتلار مەركىزى ھاكىمى-يىتىگە بويسۇنمايدىغان دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پەنجاپنىڭ ساكال (ھازىرقى سىيالكوت) شەھىرىنى پاي-تەخت قىلدى. ئېفتالىتلار ئۆزلىرى ئىستىلا قىلغان دۆ-لەتتە رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى.

ئېفتالىتلارنىڭ ئىستىلا قىلىش ھەرىكىتى يالغۇز ئىران ۋە ھىندىستاندىلا چەكلىنىپ قالمىدى. جۇڭگونىڭ تا-رىخي كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، 6- ئەسىرنىڭ دەس-لىپىدە ئېفتالىتلار شەرقتىكى چېگرىسىنى كېڭەيتكەن، بۇخارا بىلەن سوغدىياناغا ئوخشاش، بۇ چاغدا ۋاخان، كەشمىر ۋە قەندىھارلارمۇ ئېفتالىتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-قىدىكى زېمىنغا ئايلىنىپ قالغان. ئېفتالىتلار يەنە جۇ-جان (تاقبات)لار قەبىلىلىرىنىڭ قولىدىكى تۈركىستا-نىڭ شەرقىي قىسمى، يەنى قەشقەر رايونىنى بېسىۋال-غان.

## مازداك ھەرىكىتى

ئىراندا 5- ئەسىردىن 6- ئەسىرگىچە، يەنى

قاباد I تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلاردا، خەلق ئاممىسى-نىڭ شەكىللىنىپ بولغان فېئوداللىق مۇناسىۋەتكە قارشى ھەرىكەتلىرى كەڭ كۆلەملىك يۈز بەردى. بۇ ھە-رىكەتكە رەھبەرلىك قىلغۇچى كىشى مازداك بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ ئۇستازى (فىردەۋسى ئۇنى دەستۇر دەپ ئاتىغان) ئىدى. شۇ چاغدىكى بارلىق خەلق ھەرىكەت-لىرىگە ئوخشاش بۇ قېتىمقى يېزا جامائەسى دېھقانلى-رىنىڭ يانچىلاشتۇرۇشقا بولغان ئېتىرازىمۇ دىنىي ھە-رىكەت شەكلىنى ئالدى.

مازداك ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشىنى، ھەتتا باراۋەرسىزلىك ھالەتنى يوقىتىشنىڭ شەرتلىكىنى، باي-لارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەرغىپ قىلدى. مازداك: «كىشىلەر بەخت - ئامەتنى تەڭ كۆرۈش كېرەك، گادايلىقنىمۇ تەڭ تارتىش كېرەك، چۈنكى، كۈللى جامائەت خۇدانىڭ قۇلى» دېگەننى تەشۋىق قىل-دى.

مازداك مۇرىتلىرىنىڭ قارىشىچە، ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق ھاياتلىقنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەممىسى ئەڭ زور يامانلىق ھېسابلىناتتى. ساخاۋەتلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋاستە سۆيۈنىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنايەتكە قارشى كۆرەشتە قان ئاققۇزۇش ۋە ئۆلتۈرۈشلا گۇناھسىز ھې-سابلىناتتى. مازداكىنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرەۋۇش بايلىقىنى باراۋەر تەقسىم قىلىش ۋە باراۋەر-سىزلىكنى يوقىتىش تەلىپى بۇ ئەقىدىنىڭ ئالدى بىلەن

يېزا جامائە دېھقانلىرى ئارىسىدا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى «شاھنامە»دە مازداكنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئۇ سۆزلەردە: خۇدا ئالدىدا شاھ ـ گاداينىڭ باراۋەر ئىكەنلىكى، ئەيش-ئىشرەت ۋە تىزگىنسىز بايلارنىڭ ھەر قاچان گۇناھقا شېرىك ئىكەنلىكى، ئاچ ـ زار گادايلارنىڭ گۇناھدىن خالى ئىكەنلىكى، گۇناھكار شاھلىقتىن ساۋاب قىلغۇچى گادايلىق ياخشى ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا باراۋەرلىك ئورنىتىشنىڭ مۇھىملىقى بايان قىلىنغان. مازداك ئېلىپ بارغان دىنىي تەشۋىقات ناھايىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى. مازداك ھەرىكىتى ئىراننىڭ پايتەختى كتېسفوندىن باشلاندى، ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا قالغان جامائەت قوزغىلىپ چوڭ ئەمەلدارلار، ئاقسۆڭەكلەر ۋە بايلارنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى ۋەيران قىلدى. ناھايىتى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قوزغىلاڭ پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. مازداك بايلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى نامراتلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئىراندا ئورغۇنلىغان چوڭ يەر ئىگىلىرى ئۆلتۈرۈلدى. زور بىر تۈركۈم يەر ئىگىلىرى ياقا ئەللەرگە قېچىپ كەتتى.

پادىشاھ قاباد ! ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەرگە ئالدى ـ دە، يەرلىك ھۆكۈمرانلارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ مەركەزنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى مازداك ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلغۇچى دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن ئۇ مازداك دىنىي تەرەپدار-

لىرىغا قارشى قوزغالغان ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، ئېفتالىتلارنىڭ قېشىغا قېچىپ باردى.

ئۇ ئېفتالىتلارنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مازداك مۇرىتلىرىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى تۇساتتىن ئۆزگەرتتى، ئۇ دەسلەپتە مەخپىي، كېيىنچە ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا مازداكقا ئەگەشكۈچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قاراپ، ئۇلارغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. 529- يىلى، مازداكنىڭ مۇرىتلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. قاباد I ۋاپاسىزلىق قىلىپ، مازداكنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا مازداك ھەرىكىتىنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە يەردە مازداك مۇرىتلىرى ۋە ھىمايىچىلىرىنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن قىلىش باشلاندى.

مازداكىزمنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، مازداك مەزھىپىنىڭ قارشى تۇرغىنى فېئوداللىق مۇناسىۋەت بولۇپ، بۇخىل مۇناسىۋەت ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى ئىدى. ئەمەلىيەتتە، جامائەتنىڭ باراۋەرلىك تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئاشۇنداق مۇقەررەرلىك ئاستىدا ئاللىقاچان يىمىرىلگەن ھەمدە ۋاقتى ئۆتكەن جامائە ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن دېرەك بېرەتتى.

مازداكچىلارنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولسىمۇ، مازداك

قوزغىلىڭى بەرىبىر ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئىلغار خاراكتېرگە ئىگە ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ خەلقنى زۇلۇم ۋە ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

مازداكنىڭ ئىدىيىسى ئاھالىلەر ئىچىدىكى نامرات قاتلاملارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاللىقاچان فېئوداللىشىش جەريانىنى باشلىغان ئىدى.

مازداك ھەرىكىتى باستۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، قاباد I نىڭ ئوغلى خۇسراۋI نۆشىرۋان (531—579) نىڭ بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق ئىراندا فېئوداللىق مۇناسىۋەت مۇستەھكەملىنىشكە باشلىدى.

### 5 — 6 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى

5 — 6 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ بولغان تارىخىي ماتېرىياللار بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك تەپسىلىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شەرقىي ئىران مىللەتلىرى تارقالغان رايونلارنىڭ بەزىلىرى مۇستەقىل ۋە يېرىم مۇستەقىل ئۇششاق دۆلەتلەر ئىدى. بۇ دۆلەتلەر ئاساسلىقى سوغدىيانا، توخارىستان ۋە خارەزىم ئەتراپلىرىغا مەركەزلەشكەن ئىدى. كۆ

شان خانلىرى پەقەت ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنىلا
قولغا ئالالىدى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ پايانسىز رايونلىرى
ئەمەلىيەتتە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدى.

ھەرقايسى بەگلىكلەر ۋە كىنەزلەر قوشۇلۇپ، ئەي-
نى ۋاقىتتىكى سوغدىيانانى تەشكىل قىلدى. ئۇ ئۆز ئى-
چىگە ئالغان زېمىنىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى گىسار تاغ
تىزمىلىرى ۋە زەرەپشان تاغ تىزمىلىرىغا يېتەتتى. گىسار
تاغ تىزمىلىرى سوغدىيانا ۋە توخارىستاننى ئايرىپ تۇ-
راتتى. سوغدىيانانىڭ شەرقىي شىمال چېگرىسى تۈركىس-
تان تاغ تىزمىلىرى ۋە زەرەپشان دەرياسىنىڭ باشلىنىش
جايىغا يېتىپ باردى، ئۇنىڭ شىمال تەرىپى قىزىل قۇم-
غا①، غەربىي چېگرىسى ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئې-
قىمىغا يېتىپ باردى.

زەرەپشان دەريا جىلغىسىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە
تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى قەبىلە ۋە قەۋملەر بەزى ۋاقىتلار-
دا بىرلىشىپ ئانچە زور بولمىغان دۆلەت تەشكىل قىلا-
دى. ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزى بۇخارا
ئىدى. بۇ دەۋردە سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى كۆ-
پەيگەنلىكتىن، زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدى-
كى سەمەرقەند شەھىرى كۈندىن كۈنگە تەرەققىي قىلدى.
لېكىن بىز بايان قىلغان بۇ مەزگىلدە سەمەرقەند يەنىلا
سوغدىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەر-
كىزى بولدى. ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىن-

① قىزىل قۇم ھازىرقى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ شى-
مالىغا توغرا كېلىدۇ.

نىشچە، ئەينى ۋاقىتتىكى سوغدىلارنىڭ مەركىزى ماي
مورگ بەگلىكى بولۇپ، سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدىكى پار-
ساخا دېگەن يەردىكى رىۋداتقا جايلاشقان، ئۇ ئاساسلىق
شەھەر ئىدى. ماي مورگىنىڭ زەرەپشان دەريا ئېقىمى-
دىكى باشقا كىچىك دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا سىياسىي
جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى زەرەپشان دەرياسىنىڭ
جەنۇبىدىكى زور سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۇنىڭ
چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقانلىقىدىن بولسا كېرەك. 451 -
يىلى ماي مورگ خانى سوغدىيانادىن جۇڭگوغا ئۆزى
بىۋاستە ئەلچى ئەۋەتكەن خانلارنىڭ بىرى ئىدى.
ئوسرۇشانا (ئىستراۋشان) رايونى ماي مورگىنىڭ
شەرقىي شىمالىدا جايلاشقان، يەنى جىزاكۋە لېنىنئاباد
ئارىسىدىكى ئويمانلىققا جايلاشقان بولۇپ، هازىرقى ئۆ-
رە تۆپە رايونىدا. مۆلچەرلىنىشچە ئۇ زەرەپشان دەرياسى-
نىڭ باشلىنىش قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىش (ها-
زىرقى شەھرى سەبىز) رايونى قاشقا دەريا جىلغىسى
ئىچىدە بولۇپ، ماي مورگىنىڭ غەربىي جەنۇب چېگرى-
سى بىلەن تۇتىشىدۇ.

7 - ئەسىردە ماي مورگىنىڭ پايتەختىنىڭ ئورنىنى
سەمەرقەند ئىگىلىدى، بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەند ناهايىتى
كۈچەيدى ۋە گۈللەندى. ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىقى پۈتكۈل
قاشقا دەريا جىلغىسى ۋە ئامور (چارجۇي) دىكى ئامۇ
دەريا ساهىلىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى. سەمەرقەند
زەرەپشان دەرياسىنى بويلاپ، ئىستىراخان ۋە كۇشان
ئەللىرىنىڭ زېمىنلىرىغىچە يېتىپ باردى.

ئەينى ۋاقىتتا پەرغانىغا قاراشلىق كىچىك رايون-
لار ئىچىدە خوجەند ۋە ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان دېھقانچى-
لىق رايونلىرى ناھايىتى زور رول ئوينىدى. بىنكەنت
شەھىرىنى مەركەز قىلغان چاچ (شاش) رايونى، سىر
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى چىرچىق دەريا جىل-
غىسىغا جايلاشقان ئىدى، ئىراق رايونى ئۇنىڭ جەنۇ-
بىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ پەرغانە بىلەن تۇتىشات-
تى، ئىراقنىڭ ئوھانگارانا دەرياسى (ھازىرقى ئاتگىرىن
دەرياسى) ۋادىسىدىكى زېمىنلىرى چاچ بىلەن ئىتتىپاق
تۈزدى.

توخارىستان قەدىمكى باكتىرىيەنىڭ زېمىنلىرىنى
ئىگىلىۋالدى. ئۇنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ھىندىقۇش تاغ-
لىرىغا، شىمالىي چېگرىسى گېسار تاغ تىزمىلىرىغا،
شەرق تەرىپى كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان پا-
مىر رايونىغا، غەرب تەرىپى مۇرغاب دەرياسى ۋە خىر
دەريا بوستانلىقلىرىغىچە سوزۇلدى. توخارىستانمۇ بەزىبىر
مۇستەقىل كىچىك دۆلەتلەرگە ئايرىلدى. ئامۇ دەرياسى-
نىڭ سول قىرغىقىغا باكتىرىيە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ
ئوڭ قىرغىقى بولسا، گېسار دەريا جىلغىسى ۋە سۇرخان
دەريا قىرغىقىدىكى شوغنانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا بولسا تېرمىز كېيىنەزلىكى جايلاشقان،
شوغنانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ۋە خىش دەرياسىنىڭ
دىلتىسىغا يېقىن جايدا بولسا كوبادىيان (قابادىيان) خان-
لىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدا ۋاشكېرىت ۋە
قۇتتالىيە جايلاشقان ئىدى. ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ

شەرقىي جەنۇب قىسىملىرىدا بەدەخشان، شوغنان ۋە ۋاخان بار ئىدى. راشىد ۋە كومېد قىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىدى (هازىرقى گارمو ئۆلكىسى چېگرىسى ئىچىدە)، بۇتتېم كېنەزلىكى زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تاغلىق رايونلارغا جايلاشقان ئىدى.

ئامۇ دەريا ساھىلىدىكى قىيات (قىر) شەھىرىنى مەركەز قىلغان مۇستەقىل دۆلەت خارەزىم بولۇپ، ئۇ ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان. 3 - ئەسىردىن باشلاپلا خارەزىمگە ئافرىگىت خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقتىن، 3 - ئەسىردىن تارتىپ 9 - ئەسىرگىچە بولغان خارەزىم مەدەنىيىتى ئادەتتە ئافرىگىت مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ئەڭ چوڭ مەركەز مەرۋى ئىدى.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈمىدە ناھايىتى زور دەرىجىدىكى تۈپكى ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىياسىي جەھەتتىكى تارقاقلىقنى پەيدا قىلدى. 4 - ئەسىردىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدا فېئوداللىق مۇناسىۋەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، ئارقىلىق خارەزىمدىن كۆپلىگەن قەدىمىي خارابىلىقلارنىڭ تېپىلغانلىقى، مۇشۇ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ سۆزسىز دەلىل - ئىسپاتىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا قەلئە بولسا يېزا، كەنت، مەھەللىلەر ۋە ئادەملەر تۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق شەكلىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ باسقۇچتا، بىر مۇنچە مۇستە-

قىل دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ كىچىك ھويلا - ئاراملىرى بىر يېڭى مەھەللىنى تەشكىل قىلغان. بۇ مەھەللىلەر كېيىنچە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىلگىرىكى چوڭ ھويلا - ئاراملاردىن تەشكىللەنگەن مەھەللىلەرنىڭ ئورنىنى باسقان ئىدى، ھەر بىر يۇرۇش ھويلىدا كۆڭگۈرلىك مۇنار بولۇپ، مۇستەھكەم ھويلا تېمىنى بازا بولۇپ تۇتۇپ تۇ- راتتى. بۇ مەھەللىلەر ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر ۋە باغلار ئېرىقلارنى بويلاپ ئېچىلغان ۋە بەرپا قىلىنغان بو- لۇپ، كۆلىمى 20 — 30 كىۋادرات كىلومېتىر كېلەت- تى، بۇنداق مەھەللىلەردە بىردىن ئائىلە باشلىقى تۈزۈ- مىدىكى ئائىلىلەر، يەنى كادخود باشچىلىقىدىكى كادلا ئول- تۇراقلاشقان، بۇ ئائىلە ئەزالىرى كادۋار دەپ ئاتال- دىغان چاكار ۋە قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

سۇ مەنبەسى ۋە دېھقانلارنىڭ مەھەللىلىرىنى تىز- گىنلەش ئۈچۈن، ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەھكەم، پۇختا قورغانلىرىنى چوڭ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ باش- لىرىغا سېلىۋالاتتى. مۇشتۇمزور يەر ئىگىلىرى، زامكا- لار مۇشۇ جايلاردا ئولتۇراتتى.

قۇللۇق تۈزۈم مۇناسىۋىتىدىن فېئوداللىق مۇنا- سىۋەتكە ئۆتۈش باسقۇچىدىكى ئالاھىدىلىك ئىقتىسادنىڭ مەركىزىي شەھەرلەردىن يېزىلارغا يۆتكىلىشىدە، يېپىق ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ كۈنسايىن كۈچەيگەنلىكىدە ئىپادى- لەندى. بۇخىل ناتۇرال ئىگىلىك يەر ئىگىلىرىنىڭ قور- غانلىرىنى چۆرىدەپ راۋاجلاندى. بۇ جەريانىنىڭ ئىپا- دىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە رايونلىرىدىن تاپ-

قىلى بولدۇ. بۇنىڭدىن، شەھەر قول سانائىتىنىڭ، را-
يونلار ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقى-
نى، ھەتتا بەزى شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى، شۇنىـ
داقلا، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنگە ئوخشاش، سىياسى
جەھەتتە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ پارچىلانغانلىقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ھەر بىر چوڭ شەھەر،
شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىدە
مۇستەقىل دۆلەتلەر قۇرۇلدى. لېكىن بۇ باسقۇچتىكى
تەرەققىيات تەكشى بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى
شەھەر ۋە رايونلاردا قول سانائەت داۋاملىق ئېشىپ،
تاشقى سودا سىستېمىسىمۇ داۋاملىق راۋاجلاندى. كېيىنـ
چە، بولۇپمۇ 6 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ فېئوداـ
لىق مۇناسىۋەتنىڭ يەنىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشىـ
غا ئەگىشىپ، يېڭى ئىگىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىساد ۋە مەـ
دەنىيەتتە ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى.

### ئېفتالىتلار دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائىتى ۋە مەدەنىيىتى

ئېفتالىتلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى دەپسەندە
قىلغاندىن كېيىن، ئاھالىلەردىن كۆپ مىقداردا باج يىغىـ
ۋالغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق رايونـ
لىرىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا ئارىلاشمىغان
ئىدى.

ئەمگەكنى ئىزچىل سۆيىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مىلـ

لەتلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىشتالستلار تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ پەيدا قىلغان جاراھەتنى ساقايتىۋالدى.
5 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىلا ئىقتىسادىي تۇرمۇش مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى. سۇغىرىلىدىغان يەرلەرگە بۇغداي، تېرىق، ئارپا، پۇرچاق، بېدە تېرىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە كېۋەزمۇ تېرىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېھقانچىلىقتا، كۆپلىگەن چوڭ - كىچىك سۇغىرىش تۇرلىرىنى بەرپا قىلىش، ئارقىسىدىن ئېگىزرەك جايلاردىكى دەريالاردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىشتىن باشقا، بەزىبىر سۇ كەمچىل رايونلاردا يەنە يەر ئاستى سۇلىرىدىن پايدىلىنىشنى يولغا قويۇپ، بۇ يەرلەردە كارىز قازدى.
كارىز يەر ئاستى سۇيىنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىغان يەر ئاستى ئۆستىڭىدۇر. كارىز ياسىغاندا، ئالدى بىلەن بىرسى بىلەن يەنە بىرسىنىڭ ئارىلىقى 3 — 4 مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدىغان كۆپلىگەن قۇدۇقلارنى قېزىپ، ئاندىن كېيىن بۇ قۇدۇقلارنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ يەر ئاستى ئۆستەڭ ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇخىل سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى زىرائەت ئېتىزلىرىغا بارىدىغان ئارىلىقنى نەزەرگە ئالغان ھالدا ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتىردىن 15 كىلومېتىرغىچە كېلەتتى، ئايرىملىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ئىدى. قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە تاغلاردا توپلانغان قار - مۇزلار بولسا كارىزلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق مەنبە ئىدى. قايراقلارنىڭ تېگىدىن قېزىپ ياسالغان كارىزلار سۇنى تۇزلەڭلىكلەرگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

كارىزلار ئارقىلىق يەر سۇيىنى باشلاپ ئېرىقلىغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش ئۇسۇلى ناھايىتى زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگە قاراپ ئېيتقاندا، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ قۇرۇلۇشنى مىسىرنىڭ ئەل ئېھراملىرى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى زاماندىكى كارىز بىلەن يەر سۇغىرىش ئۇسۇلىنى ھازىرقى كۈندىمۇ بۇ يەردىكى قۇرغاق رايونلار ساقلاپ قالدى①. مەسىلەن، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدە، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ نۇر ئاتا رايونىدا كارىز سىستېمىسى ھازىرغىچە رول ئويناۋاتىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يەرلەرگە ئېقتىداللار كېلىشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر جۇڭگو ھەم موڭغۇلىيە رايونلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ، كارىز بىلەن سۇغىرىش ئۇسۇلى تۇرپاندا (جۇڭگو تۈركىستانىغا جايلاشقان) قوللىنىشقا باشلىغان، ئۇ يەرمۇ تۈركمەنىستانغا ئوخشاش ھازىرغىچە كەڭ كۆلەمدە كارىزدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ.

تاجىكىستاننىڭ تاغلىق رايونلىرىدا يەنە باشقىچە بىر خىل يەر ئاستى سۇغىرىش ئېرىقلىرى بولۇپ، ئۇمۇ كارىز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار، بىر قاتار قەدەممۇ قەدەم تۆۋەنلىگەن قۇدۇقلاردۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئۇنۇمى كا-

① بەزىلەر كارىزنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شىنجاڭغا ئىراندىن كەلگەن، بۇ يەردىن كەلگەن دەيدۇ. كارىزنىڭ ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ پەيدا بولغان يېرىدە تۇرغانلىقى، بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقلۇقىنى پاكىتلىق رەت قىلىدۇ.

—— تەرجىمە تەھرىرىدىن.

ۋىز ئارقىلىق يەر ئاستى سۇ ئىقىمىغا ئۆتۈپ سۇ قاتلى-
مىدىن سۇنى ئاز - ئازدىن جۇغلاپ يەر يۈزىگە ئېلىپ
چىقىشتا ئەمەس، بەلكى مەلۇم مول سۇ مەنبەسىدىن سۇ
ئېلىش ۋە يەر ئاستى ئېرىقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن
سۇنى بەلگىلەنگەن سۇغىرىش مەيدانلىرىغا باشلاپ بې-
رىشتا، بۇنداق كارىزلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى شۇ جاي-
دىكى يەر شەكلىنىڭ ئادەتتىكى ئۇسۇل بويىچە يەر ئۈس-
تىدە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ياساشقا يار بەرمىگەنلىكى-
دىن بولغان. ھازىرقى پەنجىكەنت ئەتراپىدىكى توقسان
كارىز بولسا، خۇددى شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈركمە-
نىستاندىكى كارىزلارغا ئوخشايدىغان قەدىمكى زامان
سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۈلگىسىدۇر. سۇنىڭ كې-
لىش مەنبەسى مەرغىلان دەرياسى ئىدى. چارە باغ كەنت
بازىرى ئەتراپىدا كىشىلەر سۇنى تۆت كىلومېتر ئۇزۇن-
لۇقتىكى يەر ئاستى سۇغىرىش ئېرىقى بىلەن دەريا قى-
نىغا باشلاپ كېلىپ، پەنجىكەنتكە يىراق بولمىغان يەر
ئۆستەڭگە چىقىرىپ، نەچچە مىڭ گېكتار يەرنى سۇغارغان.

پەنجىكەنت رايونىغا جايلاشقان، پەنجىكەنت كۆخ-
نا (كونا پەنجىكەنت) دېگەن يەردە ھازىر تاشلىنىپ
كەتكەن يەر ئاستى سۇغىرىش ئۆستىڭى بولسا تاجىكىس-
تاننىڭ تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن قەدىمكى زامان دېھقان-
چىلىق مەدەنىيەت ئاسارە - ئەتىقىسىدۇر. بۇ سۇغىرىش
ئۆستىڭى زەرەپشان دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى شې-
غىللىق جايغا ياسالغان. ئۆستەڭنىڭ نورىغا 2 — 3
ئادەم كەڭ كۆشادە سىغىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇشۇن-

داق ئۆستەڭنى ياساش ئۈچۈن، زور مىقداردىكى ئەمگەك كۈچىگە ئېھتىياجلىق بولغان. ئىلگىرى مۇشۇنىداق ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىپ پايانسىز يەرلەر سۇغىرىلغان. ئۇنىڭ ياسالغان يىلى يىراق ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. تۆۋەندىكى ئەھۋال مۇشۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: بۇرۇنقى سۇ مەنبەسى زەرەپشان دەرياسىدىن سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىگە ئېقىپ كىرگەن. ھازىرقى زەرەپشان دەرياسىنىڭ دەريا ئېقىنى سۇغىرىش ئۆستەڭلىرىنىڭ ئاستى سۇ يۈزىگە قارىغاندا بىر مېتىردىن كۆپرەك تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇمۇ بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىشلىتىلىشتىن توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. كىشىلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى دانگار ياپلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى، كەنت گۇرت رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل تىپتىكى ئۆستەڭلەر بار.

ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئەجدادلىرىنىڭ كان قېزىش سانائىتى جەھەتتىكى نەتىجىسىمۇ ئاز ئەمەس. جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ تۆمۈر ۋە نېفىت قازغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. خوجەند (ھازىرقى لېنىنئاباد) ئەتراپىدىكى تاغلاردىن مىس ۋە كۈمۈش، بەداخشاندىن لۈجەر ۋە قىزىل ياقۇت قېزىلغان.

تۆمۈر تاۋلاش ۋە ساپال قورال ئىشلەپچىقىرىش، مىس قورال ياساش شۇنداقلا باشقا قول سانائەت ئىشلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە تەرەققى

قىي قىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ باسقۇچ-تا خوجەندتە زەرگەرلەر ۋە ئۇنىچە - مەرۋايىت ئۇستى-لىرى ئىشلەيدىغان مەخسۇس كارخانا رايونلىرى مەۋ-جۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. «كېيىنكى خەن سالنا-مىسى» دا ئېيتىلغانغا ئوخشاش، ئەينى ۋاقىتتا «رەڭلىك ئەينەك» (ساپال قاچىلارغا بېرىلىدىغان سىر) سۇرىيىدىن جۇڭگوغا توشۇلاتتى. ئۇنداقتا 5 - ئەسىردىكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئەينەكلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا كىر-گەن. جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، سۈپەت جەھەت-تىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينەكلىرى غەرب ئەللىرىدىن كىرگۈزۈلگەنگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى دەپ كۆرسىتىلگەن. 5 - ئەسىردىن باشلاپلا جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىدىن ئەينەك ياساشنى ئۆگىنى-ۋالغان. 424 - يىلى جۇڭگوغا بارغان سوغدى سودى-گەرلىرى جۇڭگو خانى تەيۋۇدىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو ھۈنەرۋەنلىرىگە ئەينەكچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆ-گەتكەن.

ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە سوغدى يېزىقى ھەرپىنى قوشۇپ يېزىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئى-دى. خارەزىم ھەرپلىرى ئىچىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جەريان يۈز بەرگەن ئىدى، بۇنداق تەرەققىيات سودى-گەرلىك بىلەن شۇغۇللانغاندا پەيدا بولغان «كەسپنامە» يېزىشنىڭ ئېھتىياجى ئارقىسىدا يۈز بەرگەن ئىدى. تو-خارىستان رايونىدا ھىندى يېزىقىغا ئوخشاش ھەرپلەر كەڭ كۆلەمدە تارقالدى.

تارىخىي ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بىز چوڭقۇر ئىشەنچە بىلەن ۋە گۇمانسىز ھالدا شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ ۋاقىتلاردا نۇرغۇنلىغان دىنىي، تارىخىي ۋە ئاسترونومىيە كىتابلىرى قاتارلىق ئەسەرلەر سوغدى تىلى ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان، لېكىن كېيىنچە بۇ ئەسەرلەر يوقىلىپ كەتكەن ياكى ئەرەب ئىستىلاچىلىرى تەرىپىدىن نابۇت قىلىۋېتىلگەن.

تەسۋىرىي سەنئەت ۋە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگىيە ئالىمى ۋ. ئا. شىشكىن بۇخارانىڭ غەربىي شىمالىدىن 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا، كۆچمە قۇملار بېسىپ كەتكەن ۋاراخشا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن زور مىقداردىكى قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى، ئۇنىڭغا ھەرخىل گېئومېترىيىلىك شەكىل، ئۆسۈملۈك، بېلىق، ئات، ئادەم ۋە ئادەم باشلىق قۇشلار سىزىلغان. بۇ رەسىم پارچىلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىكى راست ئادەمگە ئاساسەن ئوخشايدىغان، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشايدىغان ئاتلىقلارنىڭ سۈرىتىدۇر. م. ئې. ماسۇنىنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ رەسىم پارچىلىرى زەرەپشان دەرياسى جىلغىسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوردىسىنى زىننەتلەيدىغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆرمەتلەيدىغىنى بۇخارا قۇدايىتى (خانى) ئىدى. ۋاراخشادىن تې

پىلغان نەرسىلەر نارشاخىنىڭ، ۋاراخشادا «ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بىر ئوردا بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە يەرگە داڭقى چىققان ئىدى»① دېگەن خاتىرىسىنى ئىسپاتلىدى. نارشاخىنىڭ باھاسى ۋە ئۇ تاپقان قالدۇق رەسىم پارچىلىرىغا ئاساسلىنىپ، بۇ ئوردىنى سوغدىيانا بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە سەنئىتىنىڭ ئەڭ ياخشى قەدىمكى ئىزى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

سەمەرقەندتىكى ئافراسىياب قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا تېپىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا زارا ئاستىرا دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ كىچىك تاۋۇتلىرى «ئاستا دوناخ» لىرىنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان زىننەت بۇيۇملىرى، يەنى سېغىز تۇپىنى قىزىتىپ ياسىغان كىچىك ئادەم ھەيكىلىمۇ ئىنتايىن نەپىس ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ئەينى چاغدىلا مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا تۇراتتى، بۇنى باشقا ھەر خىل پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. يەنە شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ تارقىلىپ يۈرگەن بىزدىكى دىنى، مانى دىنى ۋە خىرىستىئان دىنىنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى چۈشەندۈرەلەيدۇ. بۇ ھۆججەتلەر سوغدى ھەرپى بىلەن يېزىلغان. سوغدى ھەرپى ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلغان.

① مۇھەممەد نارشاخى: «بۇخارانىڭ يەر شەكلى ۋە تارىخى» 1892 - يىلى، پارىژ، تاجىكچە نەشرى 15 - بەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ساسانىلار خاندانلىقىدىكى غەربىي ئىرانلىقلارغا مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن، يىپەكچىلىك كەسپى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىرانغا تارقالدى. ئىراندىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي داستانلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىجادىيىتىنى روشەن ھالدا قوبۇل قىلدى، بولۇپمۇ خارەزىم ۋە سوغدىيانانىڭ ئەسەرلىرىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭدىن مەيلى ساسانىلار مەدەنىيىتى ياكى ئاھمانىلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت بولسۇن، كۆپ تەرەپلەردىن ھەممىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى ئىبلىس بارغان پائالىيەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## VIII باب تۈرك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى، سوغدىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

(6 — 7 - ئەسىرلەر)

### غەربىي تۈرك خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە تۈرك قەبىلىرىنىڭ شەرقىي ئىران مىللەتلىرىگە يېقىنلىشىشى

ئەفتالىتلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم ئىق-

تىسادىي بازىسى بولمىغانلىقتىن، ئىشغالىيەت رايونلىرى-
دا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىدى. شۇڭا،
ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك دۆلىتى 6 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى
يېرىمى ئاخىرلىشىش مەزگىلىدىن باشلاپ خارابىلىشىشقا
يۈزلەندى. ھىندىستاندىكى بېگىملىك جايلارنىڭ ھۆكۈمە-
رانلىرى ئالدى بىلەن ئېفتالىت خاقانى ماھىرا كۇلۇنى
پەنجابتىن قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشتى.
تەخمىنەن 540 - يىلى ئېفتالىتلار دۆلىتى كۆچمەن
تۈركلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، تۈرك تىلىدا سۆزلىشى-
دىغان قەبىلىلەر يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئوت-
تۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ
ئەزەلدىنلا شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى ۋە قەۋملىرى بى-
لەن قوشنا ياشاپ كەلگەن ئىدى. 6 - ئەسىرنىڭ ئوت-
تۇرىلىرىدا، جەنۇبىي سىبىرىيە، موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئا-
سىيادا تۈرك خاقانلىقى دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چار-
ۋىچى قەبىلىلەرنىڭ زور سىياسىي ئىتتىپاقى مەيدانغا
كەلدى. بۇ قەبىلىلەر ئىچىدىكى كۆپلىگەن قەبىلىلەر مىل-
لەت مۇناسىۋەت تەرەپلىرىدىن ئالغاندا، ئىتتىك تەركى-
بى بىر ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدىكى
بايلىق، ئىلگىرى باشقا قەبىلىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىل-
غىنىغا ئوخشاشلا، تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىنىڭمۇ دىققى-
تىنى قوزغىدى.

563 — 567 - يىللىرىدا تۈركلەر ئېفتالىتلارنى
تارمار قىلدى ھەم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسى-
رىنى تازىلىدى. دۆلەت ھاكىمىيىتى تۈرك خاقانلىرىنىڭ

قولىغا ئۆتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، 588 - يىلى تۈرك خاقانلىقى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتتى؛ بۇ بۆلۈنۈش موڭغۇلىيىنى مەركەز قىلغان شەرقىي تۈرك خاقانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەتتە سۇ- نى مەركەز قىلغان غەربىي خاقانلىقتىن ئىبارەت ئى- دى. تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرى ئىگىدارچىلىق قىلغان بارلىق رايونلار خاقاننىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى باشقۇ- رىدىغان نۇرغۇن سۇيۇرغاللىق يەرلەرگە ئايرىۋېتىلدى.

تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ سەركەر- دىلىرى بولۇپ، ئۇلار خاقان ياكى خانلار خانى دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ ئالىي بىر ھۆكۈمرانغا ئىتائەت قىلات- تى. جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، خاقان سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن، خاقاننى قەبىلە باش- لىقلىرى يىغىنى — «قۇرۇلتاي» سايلىغانلىقى مەلۇم، «قۇ- رۇلتاي» نىڭ مەمۇرىي — باشقۇرۇش تەرەپلەردە ھېچ- قانداق كۆپ رولى يوق ئىدى، كۆپلىگەن سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە خاقان مۇستەقىل ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قا- رار چىقىراتتى. خاقاننىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، شۇنداقلا ھەر قايسى قەبىلىلەر- نىڭ يولباشچىلىرى «ئەل» دەپ ئاتىلىدىغان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنى تەشكىل قىلغان. «ئەل» سۆزى دۆلەت، ئۇ- رۇقداش جەمەت ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دېگەن مەنىگە ئىگە. دەسلەپتە، بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىپ قەبىلىلەر يا- كى ئۇرۇقداشلىق جامائە تەشكىلاتىنىڭ نامىنى ئاتايتتى، بۇ تەشكىلات ئىچىدە سىنىپىي مۇناسىۋەت ئاللىقاچان

مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان؛ كېيىنچە، پەقەت شۇنىلا تولىنىپ خاقانىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە خاقانغا مەنسۇپ بولغان قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى (بەگلەر) نى كۆرسىتىدىغان بولدى. خاقانلىقنىڭ ھەربىي كۈچلىرى ئاساسلىقى كۆچمەن چارۋىچىلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار «بۇدۇن» دەپ ئاتالدى. «بۇدۇن» سۆزى تۈرك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا كۆپلەگەن مەيدانلاردىكى سۈپەتلەش سۆزلىرىدە «قارا» بىلەن قوشۇلۇپ «قارا بۇدۇن»، يەنى «قارا خەلق» (پۇقرا دېگەن مەنىدە) دەپ يېزىلاتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنى ئىپادىلەيدىغان «ئەل» سۈپەتلەش سۆزى «كۆك» ياكى «تەڭرى»، نامى بىلەن ئىشلىتىلگەن.

تۈرك خاقانلىقىغا قوشۇلغان قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن تۈركلەرنىڭ ئاللىقاچان ئۆز يېزىقى مەيدانغا كەلگەن. ئېغىز ئىجادىيىتى ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى داستانلىرى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەر ۋە دېھقانچىلىق بوستانلىقلىرى تۈرك خاقانلىقىغا بېقىناتتى، بېقىنىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى تۈركلەرگە خىراج تاپشۇرۇش ئىدى. تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى خىراج يىغىۋېلىشتىن باشقا يەنە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ سودا مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشىنىكى ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولاتتى. بۇ كۆچمەنلەرنىڭ يايلاقلىرى بىلەن مۇقىم ئولتۇراقلاشقان

ئاھالىلەر ئارىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدە مۇقىم ئولتۇ-راقلاشقان ئاھالىلەر ئاساسلىق رول ئوينىدى.

6-ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقىدىكى ئاھا-لىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى شەرقىي ئىراندىكى مىللەت-لەردىن تەشكىل تاپتى. لېكىن، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈرك مىللەتلىرى ۋە شەرقىي ئىران مىللەتلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز قوشۇلۇش جەريانى باشلاندى، كېيىنچە، مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زاماندىكى ئوتتۇرا ئا-سىيا مىللەتلىرى شەكىللەندى. بۇرۇنقى ئاشۇ ۋاقىتلاردا، كۆپلىگەن رايونلاردا ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر مەيدانغا كەلدى.

ئاشۇ مەزگىلنىڭ كەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ ئۆز ئارا يېقىن-لىشىشىدىن ئىبارەت بولدى. تۈرك خاقانلىقى ھۆكۈمران-لىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سوغدىيانا ئاقسۆڭەك-لىرى تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوغدىيانا ۋە خارە-زىمدىكى ئەگەكچىلەر بىلەن بەزى رايونلاردىكى دېھقان-چىلىق قىلىشقا يۈزلىنىشكە باشلىغان ۋە مۇقىم ئولتۇراق-لاشقان تۈرك كەمبەغەللىرى ئارىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت پەيدا بولدى. جۇڭگو خانىنىڭ كۆپ قېتىم ئوتتۇرا ئا-سىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان خام خىيالىغا قايتۇرما زەربە بې-رىش (بەزىدە ئۇلار غەلىبىگىمۇ ئېرىشكەن، بولۇپمۇ 657-يىلى تۈركلەرنى يەڭگەندىن كېيىن) ۋە ئۆز رايونىنىڭ

مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا، تۈرك ۋە سوغ-دى جەڭچىلىرى دائىم بىرلىكتە جەڭ قىلدى.

تۈكلەر قەدەمـمۇ قەدەم مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. جۇڭگو ساياھەتچىسى شۈەن جۇاڭ 630 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەندە، ھازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان چېگرىسى ئىچىدە نەچچە ئون شەھەرنى ساياھەت قىلغان، ئۇ يەردە پەقەت بەزى كۆچمەنلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەنگە ئوخشاش، چۇ دەريا قىرغىقىدا سوياب شەھىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، جايلار ۋە باشقا رايونلاردىكى سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ، مۇشۇ شەھەردە سودا قىلغان. بۇ جاي تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەركىزى ئىدى. ھازىرقى جامبۇل شەھىرىگە جايلاشقان (بۇرۇنقى ئاۋۇلئاتا) تاراز شەھىرى ئاشۇ دەۋردىكى ئەڭ زور سودا مەركىزىنىڭ بىرسى ئىدى دەپ قارالماقتا.

## 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى تۇخارىستان ۋە خارەزىم

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە بەزى ئاپتورلارنىڭ ئىسپاتلىرىدا، 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى تۇخارىستان، خارەزىم ۋە سوغدىيانىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ھالىتى ئېچىپ بېرىلدى.

تۇخارىستان توغرىسىدا شۈەن جۇاڭنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، تۇخارىستان كىچىك دائىرىدىكى

24 يېرىم مۇستەقىل فېئوداللىق بەگلىككە ئايرىلغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرك خاقانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانـ لىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ يەردە ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ چېگـرىسى ئىچىدىكى تاغلىق رايونلاردىكى بەگلىكلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىش ئالاھىدە زۆرۈر. قەدىمكى زاماندىن ساقلىنىپ قالغان قىزىقارلىق ماتېـ رىياللار بۇ يەردىكى ھەر قايسى ئورۇنلاردا ئاللىقاچان تاغلىق رايون قول ـ سانائىتى، ئالتۇن قېزىش (قوتـ تالىيەدە) ۋە تۆمۈر (شۇماندا) قېزىش راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

6 ـ ئەسىردىن تاكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن ھىندىستان تارىخي داستانى «ماھابخاراتا»دا توخارلارنى «تۆمۈرچىلەر ۋە تۆمۈر توشۇغۇچىلار» دەپ ئاتىغان.

7 ـ ئەسىردىكى جۇڭگو تارىخي ماتېرىياللىرىدا، قۇتتالىيە (خەنزۇ يېزىقىدا خۇتولۇ دەپ ئاتالغان) رايونى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ۋاخش دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسىـ نىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان؛ تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەر ئىچىدە پەھلىماھ (پارگار)، (ھازىرقى پارھار) كالاقىيان (ھازىرقى خۇلبۇك، كۇلياب ئەتراپىدا)، يەنە خـائوش دەرياسى (ۋاخش دەرياسى) تىلغا ئېلىنغان. بۇ جۇڭگو تارىخي ماتېرىياللىرىدا قوتتالىيەدىن «دولان ئېتى، قىـ زىل يىلپىز چىقىدۇ. ئۇ يەردە تۆت چوڭ تۇزلۇق تاغ بوـ لۇپ، بۇ تاغدىن قارا تۇز چىقىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان.

تېخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئەرەب تىلىدا يازىـ دىغان ئاپتورلار (مەسىلەن 9ـ ئەسىردىكى خارداد بەخ)

قۇتتالىيە رايونىدىكى ئالتۇن قېزىش ئىشلىرى ۋە سودا ئىشلىرى ھەققىدىكى قىزىقارلىق خاتىرىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ. (بۇ خاتىرىلەر بىز تەتقىق قىلىۋاتقان دەۋر ھەققىدە توختالغان):

«ئۇنىڭ (ۋاھاد كەنتى) ئاھالىلىرى ... جەيھۇن دەرياسى بويىغا كەلدى. ئۇلار قىرقىلمىغان ئۆچكە تېرىلىرىنى ئېچىپ ئەتراپىنى قوزۇققا مەھكەم باغلىدى. ئۇلار ئىچىدىن بىر ئادەم دەرياغا چۈشۈپ ھېلىقى ئۆچكە تېرىسىنىڭ ئۈستىگە سۇ قۇيدى، باشقا ئادەملەر سۇنى قوچۇشتى ۋە سۇنى تۆكۈۋەتتى. بۇ سۇ دۇغ ۋە ئېغىر ئىدى. ئۇلار قىرقىلمىغان تېرىگە سۇدىن چۈشكەن ئالتۇننىڭ زاھىر بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، تېرىنى يەرگە يېيىپ قۇرۇتتى، تېرە قۇرۇغاندىن كېيىن تېرىدىكى قۇم ۋە ئالتۇننى ئەيلەنگەن يەنە بىر تېرىنىڭ ئۈستىگە قاقتى، ئۇلار سۇدىن سۈزۈۋالغان كېپەك ئالتۇن ئەيلەنگەن تېرىگە چۈشتى، تېرىدىكى ئالتۇننى يىغىۋالدى. بەلخنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بۇ تازا ساپ ئالتۇن ئىدى.» ①.

«... ئۇلار (سودىگەرلەر) قۇتتالىيە شەھىرىدىن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا بېرىشتا...... قۇتتالىيەدىن بىر - بەرىسەخ ( 6 — 8 كىلومېتىر) يىراقلىقتىكى جايغا باردى. ئۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلەر چوڭ دەريا بويىدىكى تاغقا كەلدى. بۇ تاغقا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا ئادەتلەنگەن تۈجۈرلار (ياۋايىلار، غەيردي ئەرەبلەر – غاپورۇپىنىڭ

① «خازداد بەخ» دېگەن كىتابىنىڭ ئەرەبچە نەشرى 179 – بەتتىدىن.

ئىزاھاتى)دىن باشقا ھېچكىم بۇ تاغقا چىقالمىدى.
سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ (تۇجۇرلار ـ غاپىوروپىنىڭ ئىزاھاتى) جايلىرىدا توختاپ ھاردۇق ئالىدى ۋە ئۇلارنى يالللاپ ماللىرىنى ۋە تاۋارلىرىنى ئۇستىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار تاغقا چىققاندا، ... ھەر بىر كىشى 30 «مەن» ئېغىرلىقتىكى يۈكنى يۈدۈپ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرىغا چىقتى. ئۇلار تاغ ئۇستىدە توختىغاندا ئالدىنئا ـ لا شوغنان ئاھالىلىرى بىلەن كېلىشكەن بەلگىلىسىگە ئاساسەن، ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى كۆرەلەيدىغان بەلگە ئورۇنلاشتۇردى. شوغنانلىق ئادەملەر بۇ بەلگىنى كۆرۈپلا، سودىگەرلەرنىڭ تاغ چوققىسىغا يېتىپ بارغانلىقىنى بىلىۋالىدى. ئۇلارنىڭ ماڭىدىغان يولى پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىچىلىك كەڭلىكتە ئىدى. سودىگەرلەر ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تۇجۇرلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يۈدۈپ، ئۇلارنى تاغ چوققىسىدىن دەرىيابويىغا يېقىن جايغا باشلاپ كېلەتتى، تۇجۇرلار سودىگەرلەرنى كۆتۈۋالغاندا، دەرىيادىن ئۆتۈشكە كۆندۈرۈلگەن تۆگىلەرنى ئېلىپ ماڭىدى. مۇھاپىزەتچىلەر تۆگىگە مىنىپ دەرىيادىن ئۆتتى. دەرىيادىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ھەر ئىككى تەرەپ يازما توختام ئىمزالاشتى. سودىگەرلەر تاۋارلىرىنى ۋە ماللىرىنى تۆگىگە ئارتىپ دەرىيادىن ئۆتتى. ئۇندىن كېيىن ھەربىر سودىگەر ئۆز يوللىرىغا كەتتى. بىر سودىگەر جۇڭگو تەرەپكە كەتتى، باشقا سودىگەرلەر مولتانغا كەتتى».
بۇ دەۋردە توخارىستان يەرلىك تىلغا مەنسۇپ يېزىق داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. ھەتتا 7- ئەسىرگە

كەلگەندىمۇ، ئەرەب تىلىدا يازىلغان ئاپتور سامانى باشقىرتى تەسۋىرلىگەن (ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ فەيز ئاباد ئەتراپىدا)دە، يەنە «ئىسلام دىنى شۇ يەردە تارقىلىشقا باشلىنىشتىن بۇرۇنقى، ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان كىتابتا يېزىلغان مەشھۇر يېزىقنى تىلغا ئالغان.

خارەزىم تۈرك خاقانلىقى دەۋرىدە ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان جاي ئىدى. ئافىرىگد خانىدانلىقى يەنىلا بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. بۇ يەردە فېئوداللىق مۇناسىۋەت تەركىبى يەنىلا كۆپەيگەن ئىدى. بۇ يەردىكى مەھەللىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەنگە ئوخشاش چوڭ - كىچىك قورۇق، كەنت، قورغانلارغا ئوخشايتتى. قورۇق (كوخ) نىڭ ئەتراپىدىكى تام ئىچىگە ئادەم ئولتۇرىدىغان مۇنار (كېشك) ياسالغان ئىدى. بۇخىل مۇنارنىڭ ئۆلى قېلىن ۋە ئەگمە شەكىللىك ياسالغان ئىدى. يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورغانلىرى ئېرىقنىڭ باش تەرىپىگە سېلىناتتى، بۇخىل ئەھۋال ئاقسۆڭەكلەرگە تەئەللۇق يېزا جامائە دېھقانلىرىنى ئاقسۆڭەكلەرگە تېخمۇ بېقىنىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ چاغدا، «كادوۋار» (پومېشچىك ئاقسۆڭەكلەرگە يېرىم بېقىنىدىغان دېھقانلار)نىڭ سانى كۆپەيدى، قۇللار ئەمگىكى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلدى. شەھەرلەرنىڭ سانى جىددىي ئازايدى. چوڭ دېھقانلارغا تەئەللۇق قورۇقلار يېڭى تىپتىكى شەھەرلەرنىڭ تۈسىنى ئېلىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق دېھقانلار ئەمەلىيەتتە دەس-

لەپكى باسقۇچلاردىكى فېئوداللارغا ئايلاندى. مۇشۇ دەۋر-
گە تەئەللۇق تېشىك قاراقەلئەسىنى قازغاندا، پاختىلىق
ئۇزۇن چاپان، قوي تېرىسى، تېرە كەش، كىگىز، قوي
يۇڭى قاتارلىق كىيىم - كېچەك قالدۇقلىرى تېپىلدى
ھەمدە بۇ يەردىن يەنە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق
تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان زور مىقداردىكى
جانلىق ئورگانىزم قالدۇقلىرى تېپىلدى. ئەينى ۋاقىت-
لاردا خارەزىمدە بۇغداي، ئارپا، تېرىق، پاختا، پۇرچاق،
ئۈزۈم، ياڭاق، ئۆرۈك، قوغۇن، كاۋا، تەرخەمەك تېرىپ
ئۆستۈرۈلگەن. قوي، ئۆچكە، ئېشەك، چوشقا، كالا، ئات
ۋە تۆگە بېقىپ كۆپەيتىلگەن.

## سوغدىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى

بۇ دەۋردە ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ رول ئوي-
نىشى بىلەن سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا رەھبەرلىك ئور-
نىنى ئىگىلىدى.

سىياسىي مۇناسىۋەت جەھەتتە، سوغدىلار تۈرك
خاقانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىمۇ داۋاملىق
ھالدا بىر قانچە كىچىك خانلىقنىڭ ئالاھىدە ئىتتىپاقى-
نى ساقلاپ قالدى (بۇ خانلىقلارنىڭ مەركىزى بولسا
يەرلىكتىكى ھەر قايسى ئاتامانلارنىڭ مەھكىمىسى تۇ-
رۇشلۇق شەھەرلەر ئىدى). ئايرىم ۋاقىتلاردا بەزى را-
يونلار (خانلىق) جۇڭگو خانىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھو-
قۇقىنى ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، كۆپچىلىككە مەلۇم-

كى، 7 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى جۇڭگو خانى ۋاخـ
شۇبانىنى سوغدىيانانىڭ خانلىقىغا تەيىنلىدى. جۇڭگو خاـ
نى سوغدىيانانى ئۆزىگە تەئەللۇق «غەربىي يۇرت» تىكى
ئوبلاست قىلىشنى ئويلىغان ئىدى. بەزى سوغدىيانا
ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەشنى
ئارزۇ قىلىپ، بەزى ۋاقىتلاردا جۇڭگو خانىغا بېقىندى،
لېكىن ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنىڭ تۈرك ھۆكۈمرانـ
لىرى يۇقىرى قاتلىمى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار
ئىدى.

تۈرك ئاقسۆڭەكلىرى جۇڭگولۇقلارغا قارشى ئۈزـ
لۈكسىز ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە زور مىقدارـ
دىكى بايلىققا ئېرىشتى، ئۇلار بۇ ماللىرىنى غەرب باـ
زارلىرىغا سېتىپ چىقىرىشقا ئالدىرىدى. شۇنىڭ بىلەن،
باي سوغدى سودىگەرلىرى بۇ سودا ـ سېتىقـ
نىڭ دەلاللىرىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار ئادەتتە
يەنە چوڭ يەر ئىگىلىرى بولغانلىقىمۇ ئېھتىمال. مۇقىم
ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن يايلاقلاردىكى تۈرك
كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدىكى سودا ـ سېتىق ئىشلىـ
رىنىمۇ ئۇلار ئىگىلىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوغدى
سودىگەرلىرىنىڭ تۈرك خاقانلىقىدىكى ئورنىنى يۇقىرى
كۆتۈردى.

مەسىلەن، خاقانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تولۇق
ھوقۇقلۇق ۋەكىلى كونستانتىنوپولغا (ئىستانبول) ۋىزانـ
تىيە ئىمپېراتورى يوستىنان 11 گە دىپلوماتىك ئەلچىلەر
ئۆمىكى ئەۋەتكەنىدە، سوغدىيانالىق مانىئاخنى ئۆمەك

ياشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋە-
تىشتىكى سەۋەب: ئىراندىكى ساسانىلار خانلىقى سوغدى-
لارنىڭ يىپەك سودا - سېتىقىغا توسقۇنلۇق قىلىپ،
غەربكە سەپەر قىلغان سوغدى سودىگەرلىرىنى ئۆزىنىڭ
زېمىنىدىن ئۆتۈشكە يول قويمىغان ھەمدە ۋىزانتىيە سو-
دىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىشىنى چەكلىگەن
ئىدى. پارس سودىگەرلىرى يىپەك سودا - سېتىقىنىڭ
پايدىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى، شۇ-
ڭا ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى سودىگەر-
لەر ئۈچۈن ساسانىلار خاندانلىقى زېمىنىدىن ئۆتىدىغان،
ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرقىي روما (ۋىزانتىيە) ئىمپېرى-
يىسىگە بارىدىغان بىر يول ئېچىش ئىدى. ئىككىنچى
ۋەزىپىسى شەرقىي روما ئىمپېرىيىسى بىلەن ھەربىي ئىتتى-
پاق تۈزۈپ ئىران ساسانىلار خاندانلىقىغا قارشى تۇ-
رۇش ئىدى. بۇ قېتىملىق زىيارەتكە جاۋاب قايتۇرۇش
يۈزىسىدىن، شەرقىي روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئوت-
تۇرا ئاسىياغا بىر قانچە قېتىم كەلدى.

شەھەرلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە سودا مۇناسىۋىتىنىڭ
كېڭىيىشى سوغدىيانانىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى
رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت-
لەرنىڭ قويۇقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنداقلا
سوغدىيانا بىلەن خارەزىم، خوراسان ۋە توخارىستان
ئوتتۇرىسىدىكى ھەم باشقا رايونلار ئارىسىدىكى ئىقتى-
سادىي مۇناسىۋەتنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. سەمەرقەندنىڭ
ئۆزىلا ھىندىستان (بەلخ ئارقىلىق)، ئوتتۇرا ئاسىيادى-

كى رايونلار، ئىران (مەرۋى ئارقىلىق)، يەتتە سۇ، شەرقىي تۈركىستان ۋە جۇڭگو بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئېلىپ بارىدىغان تۈگۈنگە ئايلىنىپ، 7 - ئەسىردىلا ئورنىدا ناھايىتى زور يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولدى.

سوغدىيانادىكى يەر ئىگىسى ئاقسۆڭەكلەر (دېھقانلار) دائىم سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە يەنە يېزا جامائەسى دېھقانلىرىغا قارىتا ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يېزا جامائەسى ئىچىدە مال - مۈلۈكنى بۆلۈۋېلىش كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. كۆپلىگەن يېزا جامائە دېھقانلىرى بارغانسېرى يەر ئىگىسى دېھقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېرىم بېقىندى كادىۋارلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. سوغدى ئاھالىلەر ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى خارەزىم ئاھالىلەر ئورنى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىمۇ بۇخىل ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەينى ۋاقىتلاردىكى چوڭ يەر ئىگىلىرى مۇستەھكەم شەھەر قورغانلاردا ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

مەسىلەن، 1933 - يىلى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىكى زاخماتئاباد رايونىدىن تېپىلغان موگ تېغى ئۈستىدىكى دىۋاشتىچا قەلئەسى مانا شۇنداق. ئۇ چىسقىلى بولمايدىغان تىك يار (ھاڭ) ئۈستىگە سېلىنغان، قارىغاندا بۇ قورغان ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئىچىدە ئۇزۇنچاق ئۆيلەر بار، بۇ ئۆيلەردە ناھايىتى تار كارىدورلار ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇلغان، ئەگمە قىلىپ ياپىلغان. قورغان

ئىچىدىن تېپىلغان ھەرخىل شەكىلدىكى سايمانلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى يىللاردا رەخت توقۇلغانلىقىنى، ساپال بۇيۇملار ۋە كۆنچىلىك قاتارلىق قول سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلغانلىق ئەھۋالىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. تېپىلغان نەرسىلەر ئىچىدىكى تېرىنىڭ ئۈستىگە كۆركەم قىلىپ سىزىلغان ئاتلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتقا مىنگەندە ئىشلىتىدىغان قالقانلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇلار شۇ ۋاقىتلاردىكى سوغدىيانا تەسۋىرىي سەنئىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شەھرىستاننىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بەردى. شەھرىستان دەسلەپكى فېئوداللىق دەۋرىدىكى (فېئوداللىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىت) سوغدىيانىگە تەۋە شەھەر ئىدى. دائىرىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، شەھرىستانىنى فېئوداللىق جەمئىيەت پىشىپ يېتىلگەن شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا كىچىك ئىدى دېيىشكە بولىدۇ. شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك بىنالار يۇقىرى ئورۇندا تۇراتتى. بۇ دېھقان، يەر ئىگىسى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋە باي سودىگەرلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسىغان ياكى مۇداپىئەلەنمەيدىغان قورۇق ئولتۇراق ئۆيلىرى، شۇنداقلا زارا ئاسترا دىنىغا، بۇددا دىنىغا ۋە نىستوريان دىنىغا چوقۇنىدىغان ھەرخىل ئىبادەتخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غوجىدارلار (دىز - كوخاندىز) نىڭ مەركىزىي قەلئەلىرى شەھەر ئىچىدە بولۇپ، يەنە بەزىلىرى شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا ئىدى. شەھەرنى

سېپىل ئوراپ تۇراتتى. سېپىل ئۈستىدە مۇنار بار ئىدى، شەھەرنىڭ دەرۋازىسى بار ئىدى.

بىر قىسىم قول سانائەت ئۇستىلىرى قورۇقنىڭ ئىچىدە ياكى سېپىلنىڭ يېنىدا ۋە ياكى قورۇقنىڭ چېگرىسىدا ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئاددىيغىنە ئولتۇراق ئۆيلىرى ۋە دۇكانلىرى شۇ يەرلەرگە سېلىنغان ئىدى. ئەركىن ئاھالىلەردىن باشقا، شەھەرىستاندا يەنە قۇللار ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار پۇلى بار كىشىلەرگە مالاي بولاتتى ياكى ئىبادەتخانىلارغا مەنسۇپ ئىدى. شەھەرىستان سېپىلىنىڭ سىرتىغا موداپىئە كۆرۈش خەندىكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، يېزا جامائە دېھقانلىرىنىڭ كەنتلىرى جايلاشقان.

بۇ خىلدىكى شەھەرلەر (شەھەرىستان) ئەھۋالىنىڭ جامائەتكە بايان قىلىنىشى تاجىك سوغدىيانا تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ پەنجىكەنت قەدىمكى شەھىرىنى قېزىپ تەكشۈرۈشكە مەنسۇپ. بۇ تەكشۈرۈش ئەترىتى ئا. يو. ياقوباۋسكىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت باشلىغان. بۇ شەھەر زەرەپشان دەريا ئېقىمىدىكى جايلارنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن پالگار تاغلىق رايونلىرىغا بارىدىغان يولنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان، ھازىرقى پەنجىكەنت شەھىرىگە 15 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ شەھەرنى باشقا شەھەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تاغقا تېخىمۇ يېقىن، چۈنكى ئۇنى سودا جەھەتتە تېخىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن. بۇ شەھەردە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلاندۇرۇلغان (ساپال بۇيۇملار،

ماتا توقۇش، كۆنچىلىك، قۇيىمچىلىق ۋە مېتالنى پىش-شىقلاپ ئىشلەش). ھازىرقى تېپىلغان زور مىقداردىكى قەدىمكى پۇللار بۇ شەھەردە سودا مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شەھەر ئەتراپىدىكى سۇغىرىلىدىغان ئېتىزلارنىڭ توقسان كارىز ئۆستەڭگە سېپىلنىڭ شىمالىنى بويلاپ ئاققان. شەھەرىستاننىڭ كۆلىمى 49 گېكتار كېلەتتى. شەھەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر 3 - 4 مىڭ ئادەمدىن ئاشىدىغانلىقى مۇمكىن. 1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قېزىشتا تېپىلغان ئەڭ قىزىقارلىق نەرسە يۇكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە رەڭلىك تام رەسىملىرى، ياغاچتىن ياسالغان يۇمىلاق تۈۋرۈك ۋە ئويما زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن نەقىشلەنگەن زارا ئاسترا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ خارابىلىرى بولدى. شەھەر سىرتىدىن زارا ئاسترا دىنىي مۇرىتلىرىنىڭ زاراتگاھلىقى تېپىلدى. ھازىر تېپىلغان دىنىي مۇراسىم-لاردا ئىشلىتىلىدىغان بەزى سايمانلار ۋە تام رەسىم-لىرىگە ئاساسلانغاندا، سوغدىلارنىڭ زارا ئاسترا دىنى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىران سامانىلار خاندان-لىقىنىڭ زارا ئاسترا دىنى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. سوغدىلار ئىشىنىدىغان زارا ئاسترا دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ-كى، ئۇلار شۇ جايدىكى قەدىمكى نەزىر - چىراقنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ قالغان (ئەجدادلىرىغا ئاسمان جىسىملىرىغا كۈن ۋە ئايغا چوقۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە

ئالدۇ). بۇ يەردە تېپىلغان ياغاچ ئويما تەسۋىرىي سەنـ
ئەت، بولۇپمۇ ياغاچقا ئويۇلغان ئادەم ھەيكىلى (رېئاـ
لىزمىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئايال
ئۇسۇلچىنىڭ ھەيكىلى) كىشىلەرنىڭ ناھايىتى زور قىزىـ
قىشىنى قوزغىدى.

زارا ئاسترا دىنى سوغدىيانادا ئۇستۈن ئورۇندا
تۇراتتى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان 7 ـ
ئەسىردىكى سوغدىلارنىڭ پۇللىرىدا ئالاھىدە تۈسكە
ئىگە قويما يېزىق بار. «ئۇنىڭغا ئۇلۇغ پارس دىنىي
پېشۋاسى» دېگەن خەت ئويۇلغان بولۇپ، خان بىلەن
چوقۇنۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋاسىتىلىك ئىسپاتلىغان.

زارا ئاسترا دىنىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى
توغرىسىدىكى ئىسپاتلارنىڭ بىرى — زور تۈركۈمدىكى
كېيەنلەپ كۆمۈلگەن ئۆلۈكنىڭ ئۇستىخان سۆڭەكلىرى
سېلىنغان كىچىك تېپتىكى تاۋۇتنىڭ تېپىلغانلىقىدۇر. بۇ
كىچىك تېپتىكى تاۋۇتلار ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ خىل
(1) سېغىز توپىدا ياسالغان تاۋۇتلار، ساندۇق
شەكىللىك، ئايرىم ئېغىزى بار، بۇ سەمەرقەند
رايونىدىن تېپىلدى. بۇ تىپىك سوغدىيانا تىپىدۇر؛ (2)
گەج بىلەن قاتۇرۇلغان تاۋۇتلار، ئاستىدا پۇتى بار
(تۈۋرۈك)، بۇ خارەزىم تىپىدۇر. (3) سېغىز توپا بىلەن ياـ
سالغان تاۋۇتلار ئەللىپىس گۈمبەز شەكىللىك بولۇپ،
ئېلىشۋېتىشكە بولىدىغان ئاغزى بار، بۇ يەتتە سۇ تىپىـ
دۇر. بۇ كىچىك تېپتىكى تاۋۇتلار يەرلىك كىشىلەرنىڭ
ئۇ ئالەملىكى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى بىـ

لەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى بولسا شۇ ۋاقىتتىكى تۇرار جاي شەكىللىرىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بۇ كىچىك تېپىنكى تاۋۇتلارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتىمۇ مانا مۇشۇ يەردە. مەسىلەن، تۆت ئەگرى- ئېغىزى بار بىر قىسىم تاۋۇتلار تېپىلدى. بۇ تاۋۇتلارنىڭ ئېغىزى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئادەتتىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ خىل تۆت ئەگرى ئېغىزلىق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى ھازىر پەقەت بەزىبىر تاغلىق رايونلاردىكى تاجىك كەنتلىرىدىلا كۆرگىلى بولىدۇ. 5 - ئەسىردىكى كىچىك تېپىنكى تاۋۇتلاردا «ئۆينىڭ تاملىرى»دا تۆشۈكمۇ يوق، دېرىزىسىمۇ يوق، لېكىن 6 — 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ «ئۆينىڭ تاملىرى»دا ئىستېھكاملارنىڭكىدەك ئوق ئېتىش كۆنگۈرىلىرى بولغان. تار دېرىزە پەيدا بولغان. كىرىش ئۈچۈن ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىك ئۇزۇن تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تامنىڭ ئالدىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يۇمىلاق تۈۋرۈكلۈك پېشايۋان سېلىنغان، پېشايۋاننى ياپقان نەرسىلەر يۇمىلاق تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە بىۋاسىتە قويۇلغان بولماستىن، بەلكى يۇمىلاق تۈۋرۈك ئۈستىدىكى لەمپىگە تۇتاشتۇرۇلغان. بىز بۇ يەردىن تاجىكلارنىڭ يۇمىلاق ياغاچ تۈۋرۈكلىرى، شۇنداقلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۈۋرۈك بېشى ۋە شار شەكىللىك ئۇلى بار ئەسلى تىپلىرىنى تاپتۇق.

كىچىك تېپىنكى تاۋۇت — سوغدى سەنئىتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقتۇر. سوغدى

سەنئىتى توغرىسىدا، كۆزدىلىك ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل سايمانلارنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان نەقىشلەرگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. سوغدى قاچا - قۇمۇچىلىرىنىڭ ئۈستىگە كۆپلىگەن ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، بۇلار ناھايىتى جانلىق، ئەينەن سۈرەتلەنگەن. ئادەملەرنىڭ يۈز قىسمى شەرقىي ئىرانلىقلار ۋە تۈركلەردىن ئىبارەت ئىككى خىل تىپتىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا ئوخشۇتۇلۇپ ناھايىتى مەزمۇنلۇق سىزىلغان. خارەزىم بىلەن سوغدىيانىنىڭ سەنئىتىنى سېلىشتۇرغاندا، كىشى ئالدىنقىسىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى نىسبەتەن ئاددىي، كېيىنكىسىنىڭ نىسبەتەن كۆركەملىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

ئەپسۇسكى، 6 — 7 - ئەسىرلەردىكى مول مەزمۇنلۇق سوغدىيانا ئەدەبىياتىنىڭ پەقەت ئاز ساندىكى پارچىلىرىلا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. رۇستەم بىلەن دىۋىلەرنىڭ ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى پارچىسى (ئەنقىلابتىن بۇرۇنقى تاجىك خەلق رىۋايەتلىرىدە ناھايىتى قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن تېما) رۇستەمگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنىڭ سوغدىلار ئارىسىدا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

«رۇستەم دىۋىلەرنى شەھەرنىڭ سېپىلى ئالدىغىچە قوغلاپ بېرىپ زەربە بېرىپتۇ، نۇرغۇنلىغان دىۋىلەر ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا ئۆلۈپتۇ... دىۋىلەر شەھەرگە كىرىپ شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى مەھكەم ئېتىۋاپتۇ. رۇستەم بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ ئابرويغا ئىگە بوپتۇ. قاي-

چۈش يولدا، ئۇ مەنزىرىسى گۈزەل بىر يايلاققا كېلىپ
توختاپتۇ. ئاتنىڭ ئېگىرىنى ئېلىۋېتىپ، ئاتنى ئوتلى-
تىپتۇ، ئۇ يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئارا
تويغۇدەك تاماق يەپتۇ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يېتىپ
ئۇخلاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، دىۋىلەر توپ - توپ
كېلىپ بىر يەرگە جەم بوپتۇ - دە: «بىز
تولىمۇ رەسۋا بولدۇق! يۈزىمىزنى كۆتۈرەلمىگۈ-
دەك بالايى - ئاپەتكە دۇچ كەلدۇق! بىگانە بىر ئات-
لىق كىشى بىزنى بويسۇندۇرۇپ شەھەرنى قورشىۋال-
دى!...» دېيىشىپتۇ ۋە شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ يولغا
چىقىپتۇ؛ بەزىلىرى چوڭ ئات ھارۋىسىغا چىقىپتۇ، بەزىلىرى
پىلغا، بەزىلىرى قاۋانغا، بەزىلىرى تۆلكىگە، بەزىلىرى ئىتقا،
بەزىلىرى يىلانغا ۋە بەزىلىرى كەسلەنچۈككە مىنىپتۇ،
بەزىلىرى پىيادە مېڭىپتۇ. بەزىلىرى بۈركۈتكە ئوخشاش
ئۇچۇپتۇ، يەنە بەزى دىۋىلەر پۇتىنى ئاسمانغا، بېشى-
نى يەرگە قىلىپ مېڭىپتۇ، ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، نا-
ھايىتى ئۇزاق ۋاقىت مېڭىپتۇ، ئۇلار بوران - چاپقۇن
چىقىرىپ، چاقماق چاقتۇرۇپ، يامغۇر، مۆلدۈر، قار
ياغدۇرۇپ يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار
ھۆركىرەپ ئاغزىدىن ئوت چېچىپتۇ، يالقۇن ۋە ئىس
چىقىرىپتۇ، ھەممىلا يەردە باتۇر رۇستەمنى ئىزلەپتۇ.
ئوت چاچقۇچى راخشۇ ئالدىغا ئۆتۈپ، رۇستەمنى ئوۋ-
لاپ ئويغىتىپتۇ، رۇستەم ئويغىنىپتۇ، ناھايىتى تېزلىكتە
يىلپىز تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىمىنى كىيىپتۇ - دە،

ئوقدانىنى يېنىغا ئېسىپ، چاقچاقلىق بىلەن ئاتقا مىنىپ دۆۋىگە ئېتىلىپتۇ، ئۇ يىراقتا قاراپ تۇرغان دۆۋىلەر قوشۇنىنى كۆرۈپ، راخشىغا، «قورقما!» دەپلا، ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋاپتۇ، دۆۋىلەر رۇستەمنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، تېز قوغلاپتۇ، پىيادە كېلىۋاتقان دۆۋىلەر ئۆز - ئارا بىر - بىرىگە ئىشارەت قىلىپ «ئەمدى رۇستەمنىڭ كۈچى قالمىدى، بىز بىلەن جەڭ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولدى، ئۇنى قويۇۋەتمەيلى، ئۇنىڭغا ئۈچ ئاغرىتمايلى، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ قىيناپ ئۆلتۈرەيلى» دەپتۇ. دۆۋىلەر ئۆز ئارا بىر - بىرىگە مۇشۇنداق ئىلھام بېرىشىپ، ۋەھشىيلەرچە ھۆركىرەپ رۇستەمنى ئۇچقاندەك قوغلاپتۇ. بۇ چاغدا رۇستەم ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، گويا باتۇر شىر ئۆز ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلغاندەك دۆۋىلەرگە ئېتىلىپتۇ...» ①

ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەرلەر تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتى، سوغدىلارنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. 7 - ئەسىردە جۇڭگو تۈركىستانى (شىنجاڭ) لوپنۇر كۆلىنىڭ جەنۇبىدا سوغدىلارنىڭ تۆت شەھەر بەرپا قىلغانلىقىنى دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ.

ئورنى ھازىرقى تۇرپان رايونىغا توغرا كېلىدىغان تۈركلەر تەۋەلىكىدە (خىرىستىئان مۇرىتلىرى، زارا ئاست

① «تاجىك شېئىرلىرىدىن تاللانما» رۇسچە 1951 - يىلى نەشرى 316 - بەت.

را مۇرىتلىرى، بۇددا مۇرىتلىرى ۋە مانى مۇرىتلىرى)
قاھالىلىرىنىڭ مەھەللىلىرى مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار غەرب،
شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت جەۋھىرىنى ئالماشتۇ-
رۇشنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. يۇ-
قىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن ئەھۋاللاردىن باشقا يەنە شۇنى
كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ھەر ھەپتىنىڭ يەتتە
كۈنىنى يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشنى ئۇيغۇرلار
سوغدىلاردىن ئۆگەنگەن. كېيىنچە ئۇيغۇرلار بۇ ئاتالغۇ-
لى خەنزۇلار ئارىسىغا تارقاتقان.

جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا سۆزلەنگەن كۇ-
شان (ئاپتور بۇنى قاتار قورغاندىكى بىر شەھەر دەي-
دۇ، بۇ شەھەر ھازىرقى سەمەرقەندنىڭ شىمالىغا توغ-
را كېلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بۇ ئېھتىمال ياۋچىلار قۇر-
غان كۇشان خاقانلىقى نامىدا ئاتالغان بىر شەھەر بو-
لۇشى مۇمكىن — تەرجىمە، تەھرىرى) دىكى بىر بىنا-
نىڭ ئەھۋالىمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق. ئەينى ۋاقىتلار-
دا كۇشان بەلكى زەرەپشان دەريا ئېقىمىدىكى ئاساسلىق
مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇ
بىنانىڭ شىمالىي تەرىپىگە جۇڭگو خانىنىڭ ھەيكىلى،
شەرق تەرىپىگە تۈرك ۋە ھىندى ھۆكۈمرانىنىڭ ھەي-
كىلى ئورنىتىلغان، غەربىگە پارس ۋە روما ھۆكۈمرانى-
نىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان. بۇ پاكىتلار ئوتتۇرا ئاسىيا
ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلىن-
غانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## ئابرويى ھەرىكىتى

بۇ دەۋردە، دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. ئوتتۇرا ئەسىر يازغۇچىلىرىنىڭ بەزى خاتىرىلىرى ئامما بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر زىددىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن، نارشاخىنىڭ يازغانلىرىدا مۇنداق سۆزلىنىدۇ: بىر تەرەپتە دېھقانلار (ئاقسۆڭەكلەر) ئەيش – ئىشرەتلىك ۋە كەيپ – ساپا تۇرمۇش كەچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپلىگەن تىلەمچىلەر ۋە گادايلار مەۋجۇت ئىدى.

خەلقنىڭ غەزىپى بەزىدە ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى قوزغىلاڭ شەكلىلەندۇرەتتى. ئوبۇل ھەسەن ئابدۇراھمان مۇھەممەد نىشاپورى (11 – ئەسىردە ئۆتكەن ئادەم) يازغان «خەزىنەتۇل ئىلىم» («ئىلىم خەزىنىسى») دېگەن كىتابىتىن ئېلىنغان (ئونار شاخ يازغان «بۇخارا تارىخى» نىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نەقىلدە ئابرويى رەھبەرلىك قىلغان بۇخارا رايونىدىكى بىر قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭى بايان قىلىنغان. ئابرويىنى خەلق ئۆزىنىڭ ئەمىرى قىلىپ سايلىغان. روشەنكى، بۇ يەردە سۆزلەنگىنى ئىران مازداكچىلىرىنىڭ سوغدىيانا ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىدۇر. باي دېھقانلار بىلەن سودىگەرلەر «گادايلار بىلەن تىلەمچىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى تۇر–

كىستان ۋە تاراز تەرەپلەرگە قېچىشقا مەجبۇرلانغان. ئۇلار شەھەر قۇرغان ھەمدە قۇرغان شەھىرىنى خامۇكات دەپ ئاتىغان. بۇ كۆچكەن ئاھالىلەرنىڭ داھىيسى بولغان ئاشۇ چوڭ دېھقان خامۇك دەپ ئاتالغان، خامۇك بۇخارالىقلارنىڭ تىلىدا مەرۋايىت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كات بولسا شەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى خامۇك شەھىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە بۇخارالىقلار ئۇردا ئاقسۆڭەكلىرىنى «خامۇك» دەپ ئاتايدۇ. مۇنداقتا ئىككى شەھەر پەيدا بولغان، بۇنىڭ بىرى ئاقسۆڭەكلەر شەھىرى، يەنە بىرسى گادايلار ۋە تىلەمچىلەر شەھىرىدۇر. رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەر ۋە دېھقانلار تۈرك خاقانىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. بۇ خاقانىنىڭ ئىسمى قارا جۇرىن تۈرك بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ بولغانلىقىدىن كىشىلەر ئۇنى «بۇيۇك» دەپ ئاتاشقان. بۇيۇك ئوغلى شىرىكشىۋارنى ئەۋەتكەن. تەخمىنەن 586 - يىلى بۇخاراغا بارغان تۈرك خانىنىڭ ئوغلى تۈركلەر ۋە جۇڭگو خانىنىڭ لەشكەرلىرىدىن چوڭ قوشۇن تەشكىللەپ قوزغىلاڭنى باستۇرغان.

ئابرويى ئەسىرگە چۈشكەن ھەمدە رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن. نارشاخ مۇنداق يازىدۇ: «خاقانىنىڭ ئوغلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئابروينى قىزىل ھەرە قاپچىلانغان چوڭ تاغارغا سېلىپ ئېچىنىشلىق ھالدا قىزىل ھەرىگە چاقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن». باي دېھقانلار بۇخاراغا قايتىپ كەلگەن، ئەمما «گادايلار» قايتىپ كەلگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قۇللىرىغا ئايلانغان...». بۇ چاغدا قاي-

تىپ كەلگەنلەر ئىچىدە بىر چوڭ دېھقان بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى قەدىمكى دېھقان جەمەتىدىن بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «بۇخارا قۇداتى» دەپ ئاتىغان. يەر-لەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇپ، خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ چاكارلىرىغا ئايلىنىپ قال-غان. ئاقسۆڭەكلەر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى ھەسسىلەپ ئېغىرلاشقان.

نارشاخ ۋە باشقىلارنىڭ كۆپلىگەن ماتېرىياللىرى-دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا كەسكىن سىنىپىي كۈرەش مەيدانى بولۇپ، بۇ كۈرەش دېھقانلارنىڭ ئەركىن يېزا جامائە دېھقانلىرىنى قۇل قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى تۈپەيلى-دىن تېخىمۇ كېڭەيگەن.

## IX باب ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋە مۇغەننا قوزغىلىڭى

(7 — 9 - ئەسىرلەر)

### ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى

7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب دۆلىتى بارلىققا كەلدى. ئۇ خەلىپە رەھبەرلىكىدىكى دۆلەت ئىدى. خەلى-

قىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى دەپ قا-
رىلىدۇ. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە خەـ
لىپىلەر رەھبەرلىكىدىكى مۇسۇلمان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن
ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى قوشنا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇزچىلىق
ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشتا پايدىلاندى. ئىسلام دىنىنىڭ
غازات توغرىسىدىكى ئەقىدىسىنى ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى
ئۆزلىرىنىڭ ئىستىلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرىنى پەرداز-
لايدىغان نىقاب قىلدى.

ئەرەبلەر بىرلا ۋاقىتتا ھەربىي قوشۇنلىرىنى يۆتـ
كەپ ۋىزانتىيە ۋە ئىرانغا ھۇجۇم قىلدى. ساسانىلار
خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئېزدىگېرنىڭ ئەرەب-
لەرنى توسۇش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكىتى ھېچقانداق
ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. كادىسى ۋە نىخاۋىندىكى ئىككى
قېتىملىق چوڭ ئۇچرىشىش جېڭى (636 - يىلى ۋە
642 - يىلى)دە ئەرەب قوشۇنلىرى پارس بىرلەشمە
قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، 5 ئەسىرگىچە ھۆكۈم
سۈرگەن ساسانىلار خاندانلىقىنى يوقاتتى. ئون يىل ئىچى-
دە ئەرەبلەر ئىران زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى. ۋىزانتىيە
ئىمپېرىيىسىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىتىپ، پەلەستىن، مى-
سىر، سۈرىيە ۋە ئىراقنى بېسىۋالدى.

ئېزدىگېر III خانلىق تەختىدىن ئايرىلغاندىن كېـ
يىن، ئۇدا ئون يىل شەھەرمۇ شەھەر، بەگلىكمۇ
بەگلىك ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاھالىلەرنى قوزغىلىپ ئارب
ئىستىلاچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرغان بولسى

مۇھ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى.

ساسانىلار خاندانلىقىدىكى ئاساسىي ئاھالە — دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەر ئۇزاق مۇددەت ساسانىلار خاندانلىقى مەمۇرىي دائىرىلىرى، فېئودال لار ۋە زارائاسترادىنى مۇتىۋەرلىرىنىڭ رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى تەبىقە تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە ئازاپ تارتقان. ساسانىلار خاندانلىقى ئېفتالىتلار، تۈركلەر ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قىلىپ، ئەسلىدىلا قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى، شۇڭلاشقا خەلق ئاممىسى ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەرەبلەرگە قارشى كۈرىشىنى قوللىمىدى.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش ساسانىلار خاندانلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ھەتتا ئۇنى ئەسلىدىكى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچىدىن مەھرۇم قىلدى.

يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رولى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەنلىكتىن، سىرتقى ئۆلكىلەر مەركەزگە بويسۇنمايدىغان بولۇپ قالدى. بەزى ئۆلكە ۋە رايونلاردىكى قورۇق ئىگىلىرى ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ياردەم بەرمىدى.

ئەرەب ئىستىلاچىلىرى ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا،

مۇسۇلمانلارنى، بارابەر قىلىش ۋە كىشىلەرنى باج تۆلەشتىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش شوئارىنى تەشۋىق قىلدى. گەرچە بۇ تەشۋىقاتنىڭ ئالدامچىلىقتىن باشقا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا رول ئوينىغانلىقتىن، كىشىلەردە مازداكچىلار ھەرىكىتى ئەنئەنىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچىنى ئۈزلۈكسىز پەيدا قىلدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەرەب ئىستىلاچىلىرىنىڭ بېسىپ كېلىشىگە تاقابىل تۇرالماسلىقىغا، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى گۇمران بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

## ئەرەبلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھرى رايونىنى ئىستىلا قىلىشى

ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئىرانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن باشلاپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ماۋرا ئۇننەھرى (ئەرەبچە سۆز بولۇپ «دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى رايونلار» دېگەن مەنىگە ئىگە)نى ئىستىلا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەرەب گېئوگرافىكى ياقۇتنىڭ ئەسەرلىرى ۋە نارشاخىنىڭ (10 – ئەسىردە ئۆتكەن) «تارىخى بۇخارا»دىن ئەرەبلەرنىڭ «ماۋرائۇننەھرنى ئىستىلا قىلىش ئىسلام مۆمىنلىرىنىڭ مۇقەددەس ھەم شەرەپلىك بۇرچى» دېگەن مەزمۇندا ھەدىس بار دېگەن رىۋايىتى بارلىقىنى

كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ.

ماۋرا ئۇننەھرى رايونى شۇ چاغدا سىياسىي جەھەتتە تارقاق ھالەتتە تۇراتتى، بۇنداق تارقاقلىق 5 ـ ئەسىردىلا پەيدا بولغان بولۇپ، ئېفتالىتلار ۋە تۈرك خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىشقا ئاز قالغان چاغلاردا تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ھازىرقى تاجىكىستان رايونى دائىرىسىگە جايلاشقان ئەرەبلەر تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنقى كۆپلىگەن مۇستەقىل ۋە يېرىم مۇستەقىل بەگلىكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارقاقلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنىڭ ئاساسى بولۇشى مۇمكىن.

ئەينى ۋاقىتتا پەرغانە ئويمانلىقىدا خۇجەند بەگلىكى (ھازىرقى لېنىنئاباد رايونىغا جايلاشقان)، ئۆرە تۆپە رايونىدا ئوسروشانا بەگلىكى (ئىستراۋشان) بار ئىدى. ئۇ جىلانئۇتا ئېغىزى بىلەن خۇجەند ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، پايتەختى پەنجىكەنت (ھازىرقى شەھرىستان ئەتراپى) بولۇپ، دېزاخ (دېزاق) ۋە زائامىن قاتارلىق شەھەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى؛ زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ماسچا بەگلىكى بار ئىدى.

پەنجىكەنت رايونىدا بۇرگار (فالگار) بەگلىكى بولۇپ، ئۇ فان دەريا ساھىلىغا جايلاشقان ئىدى.

كىسا رايونى ئىچىدە: چاگانىيان بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭغا پۇتكۇل سورخان دەرياسىدىكى جايلار بىلەن كافىرنىگان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار قارايتتى. ئۇنىڭ مەركىزى چاگانىيان ئىدى. (دېناي ئەتراپىدا)؛ باشقىرت بەگلىكى كافىرنىگان دەرياسى ۋە ۋاخشى

دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان؛ باشقىرتلار فەيزى ئاباتنى پايتەخت قىلغان؛ كومست بەگلىكى كافىرنىگان (رومست دەرياسى) بىلەن ۋەخش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان.

قورغانتۆپە رايونى ئىچىدە: ۋەخشى بەگلىكى بار بولۇپ، ئۇ تۆزلەڭلىك رايونغا جايلاشقان، خالاۋېرت (هازىرقى قورغانتۆپە) نى پايتەخت قىلغان. ئۇنىڭ لەۋاكەنت (سەنتۇت كەنتى ئەتراپىدا) ۋە ئەندىژاراك (تەگرى سۇ ئېغىزى ئەتراپىدا) قاتارلىق شەھەرلىرى بار ئىدى. كوۋادىئان بەگلىكى ۋەخشى دەرياسى بىلەن كافىرنىگان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاساسلىق شەھىرى كوۋادىئان (هازىرقى مكوپانئاباد) ھەم نائودېز (يېڭى قورغان) ئىدى.

كولياب رايونىدا: قۇتتالىيە بەگلىكى بولۇپ، ئۇ ۋاشىم دەرياسى بىلەن ۋەخشى دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، هازىرقى كولىيابنىڭ (هولباغ كەنتى) جەنۇبىدىكى ھولبوكنى پايتەخت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مونكى شەھىرى (بالجۇئان) بار ئىدى. باشقا مەزگىللەردە، قوتتالىيە يەنە باشقا بەزىبىر بەگلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەسىلەن، باشقىردت ۋە كىۋادىيان قاتارلىقلار.

گارمارايونىدا راشىد بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ پايتەختى راشىد (گارىم) ئىدى، باشقىردتتىن راشىدگە بارىدىغان يول ئۈستىدە (تۆت كۆنلۈك يول) ئىراق (قالاي دەشت)، داربەند ۋە گاركەنت (بۇ يەرگە كۆچمەن چار-

ۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۈيۈقسىز ھۈجۇمىدىن مۇداپىئەلىنى-
دىغان سېپىل سېلىنغان) قاتارلىق شەھەرلەر بار ئىدى.
بۇ رايوندا يەنە بەرۋاز بەگلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ پاي-
تەختى كاررانىدى. ئۇ ھازىرقى قاراي ھومانىڭ تېخىمۇ
ئېگىز يېرىگە جايلاشقان.

ھازىرقى گورنۇ - بەدەخشان ئاپتونوم ئۆلكىسىدە
ۋاخان، شوغنان ۋە روشان قاتارلىق بەگلىكلەر بولۇپ،
ئۇلارنىڭ بەدەخشان بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن
ئىدى.

ھەرقايسى رايونلاردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى
ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي مۇستەقىل دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇلار-
نىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئاتالغۇلىرى بار ئىدى. مە-
سىلەن، مەرۋى ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى مەغۇيە، سىپ-
راخسادىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى خىرادوي، ئابىۋېرت-
تىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى بېخان، تېرمىزدىكى ھۆكۈ-
رانلار ئۆزلىرىنى تېرمىز شاخ، بۇخارادىكى ھۆكۈمرانلار
ئۆزلىرىنى بۇخارى قۇدات، ئۇسرۇشانا (ئىستراپشان) دىكى
ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى ئافشىن، قۇتتالىيە (ھازىرقى
كولياب)دىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى قۇتتالىيە شاھ،
سوغدىيانا ۋە پەرغانىدىكى ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنى ئىخ-
شىد، خارەزىم خانى ئۆزىنى خارەزىم شاھ، چاگانىيان ھۆ-
كۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى چاگان خۇدات دەپ ئاتاشتى.

ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى ھەرقايسى ھۆكۈمران-
لار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلاشمىغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا مىل-
لەتلىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا

قارشىلىق كۆرسىتىشى قىيىنغا چۈشتى.
نارشاخ مۇنداق دەيدۇ: شۇ ۋاقىتتا ئەرەب ئىس
ىلاچىلىرى كۆپ قېتىم ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋرا-
ئۇننەھرى رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇخاراخانى ئەرەب-
لەرگە ھەر قېتىم باج ياكى باشقا سوۋغىلارنى تەقدىم
قىلىپ، سۈلھى قىلىش ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلارنىڭ بېسىمى-
دىن ئۆز دۆلىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇندى.
673 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 674 - يىلىنىڭ بېشى-
غىچە ئەرەبلەرنىڭ خوراساندىكى ۋالىيسى ئەبەيدۇللاھ
ئىبنى زىياد ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا ھۇجۇم قىلىپ،
رومانىي ۋە بۇخارا ئەتراپلىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەم بۇ
جايلارنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. لېكىن تۈركلەر بۇخا-
را بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ،
سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەبەيدۇللا ئىبنى زى-
ياد بۇخارا خانى تەرىپىدىن كۆپلىگەن ئالتۇنغا ئىگە بو-
لىۋالدى، ھەمدە 4000 يەرلىك ئاھالىنى ئۆزىگە قۇل قىلىپ
ئېلىپ كەتتى. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇ ماۋرا ئۇننەھرى را-
يونىنىڭ ئەسلىدىكى چېگرىسىنى ۋاقىتلىق ساقلاپ قال-
دى. 676 - يىلى خوراساننىڭ يېڭى ۋالىيسى سەئىد
ئىبنى ئوسمان زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئامۇ دەريا-
سىدىن ئۆتۈپ بۇخاراغا باردى. بۇخاراخانى ئۇنىڭغا
بۇرۇنقىدەك 300مىڭ دەرھەم ئالتۇن ئولپان بەردى ھەم
بۇخارا ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىر تۈركۈمىنى ئەرەبلەر
تەرەپكە گۆرۈگە قويدى. سەئىد سەمەرقەند تەرەپكە يۈت-
كەلدى. سوغدىلار باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇرۇش

بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى. ئاخىرىدا سەئىد ئىلا-جىسىز سۇلھى قىلىپ چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ-لىگەن قۇل ۋە يىلقا ئولجا ئالدى.
نارشاخ، سەئىد تەرىپىدىن مەجبۇرىي قۇل قىلىن-غان ۋە گۆرۈگە قويۇلغان بۇخارالىقلارنىڭ باتۇرانە ھە-رىكىتىنى بايان قىلغان. ئۇلار (بۇخارالىق گۆرۈگە قو-يۇلغان ئادەملەر) مۇنداق دېگەن: سەئىد بىزنى كۆچۈ-لىنىڭ بارىچە خارلىدى. ئۇ بىزنى قۇل قىلىپ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىدى. بىز خارلىنىپ ئۆل-گەندىن كۆرە، بىرەر ئىش قىلىپ ئۆلگىنىمىز ياخشى».
ئۇلار سەئىدنىڭ ئوردىسىغا يوشۇرۇن كىرىپ، دەرۋازى-نى تاقىۋېلىپ، سەئىدنى ئۆلتۈردى. ئاخىردا كوللېكتىپ ھالدا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.
تەبەرى پەۋقۇلئاددە بىر ۋەقەنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدا ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى تاغ خەلقىنىڭ ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇ ۋاقىتتا، قۇتتالىيە مۇلكى (خانى)نىڭ جىيەن ئوغلى قاش ئەتراپىدىكى ئەرەب ۋالىيسى تۇرغان جايغا بېرىپ بارگاھ قۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئەرەبلەرنى قۇتتالىيىگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ۋالىي ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوغلى يەزىد ئىبنى ئەل مىۋەققەلانى جازا يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى.
تەبەرى مۇنداق يازىدۇ: «قۇتتالىيە چېگرىسى ئەت-راپىدا يەزىت ئۆز ئالدىغا بارگاھ قۇردى. قۇتتالىيە

مۇلكى (ئۇنىڭ ئىسمى سەپەر ئىدى)نىڭ جىيەن ئوغلى ئۆزىنىڭ باشقا بارگاھىنى قۇردى. ئاخشىمى سەپەر ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى تۇرۇشلۇق بارگاھقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنى ئەرەبچە تىۋۋلايتتى. مۇلكىنىڭ جىيەن ئوغلى ئەرەبلەر ماڭا ساتقىنلىق قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى، ئەرەبلەر مۇلكىنىڭ جىيەن ئوغلىنىڭ ئۇلارنىڭ بارگاھىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئاسىيلىق قىلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا سەپەر ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلىنى تۇتۇپ قورغانغا قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كېيىنچە يەزىت سەپەرنىڭ بارىگاھىنى قورشىۋېلىپ، پۇل تۆلتىۋېلىش شەرتى ئاساسىدا سۈلھى قىلغان. يەزىت پۇل تۆلتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دادىسى بار جايغا قايتقان. مۇلكىنىڭ جىيەن ئوغلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى ئادەم ئەۋەتىپ سەپەرنىڭ ئانىسىغا مۇنداق دېگەن: «سەپەر ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سەن سەپەرنىڭ ھايات قېلىشىدىن قانداق ئۈمىد كۈتىسەن، بىلىشىڭ كېرەككى، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ يەنە يەتتە قېرىندىشى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق خارلاندى. سەن پەقەت بىرلا يالغۇز ئوغۇلنىڭ ئانىسى. ئەمما سەپەرنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا: شىرنىڭ بالىسى ئاز، چوشقىنىڭ كۈچۈكلىرى كۆپ بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.»

سەئىدنىڭ شۇ قېتىملىق تۇيۇقسىز ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنلىرى ئۇدا بەش يىلغىچە ماۋرا ئۇننە

نەھرى رايونىغا چىقىلىشقا پېتىنالمىدى. خەلىپە يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە (680—683)، سەلىم ئىبنى زىياد خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. ئەرەبلەر ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا 3 ـ قېتىم تاجاۋۇز قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاكى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بۇيرۇق بويىچە خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن، ماۋرا ئۇننەھرى رايونى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇنتىزىم ئۇرۇش بولمىدى. قۇتەيبە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشتىن بۇرۇن، ئەرەبلەرنىڭ ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسى تارقاق خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت مەلۇم ئەرەب ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تالان ـ تاراج قىلىپ، رايون ئىگىلەش ئارقىلىق باي بولۇش ئىدى. ئۇلار تېز سۈرئەت بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، ئىگىلىۋالغان رايونلارنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقاندىن كېيىن مەرۋىگە قايتىپ كېلىشتى.

كېيىنچە، خەلىپە ئابدۇل مالىك ئىبنى مەرۋان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (685 — 705) خەلىپىلىك ئىچىدە ھاكىمىيەتنى تالىشىش بويىچە ئىچكى ئىختىلاپ ئاياغلىشىپ، ئىستىلا قىلىنغان دۆلەتلەردىكى قوزغىلاڭلار باستۇرۇلدى. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىلا كەلگەندىلا، ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ئاندىن ماۋرا ئۇننەھرى رايونىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كەلدى. تەخمىنەن 705 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە خوراساننىڭ ۋالىيسى قۇتەيبىدىن ئىبا-

ۋەت بۇ رەھىمسىز مەخلۇق، قارا نىيەت مەككار سىياسە‑
ئون ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا ھەربىي ھەرىكەت يۈر‑
گۈزۈشنى باشلىدى.

قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ تارقاقلىقى
ھەم جايلاردىكى دېھقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى ئىختى‑
لاپلىرىدىن پايدىلىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادى‑
كى ئورنىنى پەيدىنپەي مۇستەھكەملىدى. قۇتەيبە 705‑
يىلى بەلخ رايونىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى بويسۇندۇر‑
غاندىن كېيىن، 706 ‑ يىلى زور تۈركۈمدىكى قوشۇن‑
لىرىنى باشلاپ ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا كىردى. ئە‑
بەرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك، قۇتەيبە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتە‑
كەندىن كېيىن، ئالدامچىلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق شوغىنان،
قۇدات ھەم شىمران كىنەزلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن
سۈلھى قىلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. ئاندىن كېيىن، باي‑
كەنت (پايكەنت)كە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بايكەنت ماۋ‑
را ئۇننەھرى رايونىدا ئەڭ گۈللەنگەن شەھەرلەرنىڭ
بىرى ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ «سودىگەرلەر شەھىرى»
دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا ناھايىتى مۇستەھكەم
شەھەر سېپىلى بولغانلىقتىن «مىس ساۋۇتلۇق شەھەر»
دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردە ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئاھا‑
لىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق باتۇرانە قارشىلىق كۆرسىتى‑
شىگە دۇچ كەلدى. بايكەنتنىڭ قورشۇۋېلىنغان ۋاقتى
ھەققىدە، بەزى ماتېرىياللاردا 50 كۈن، يەنە بەزى ما‑
تېرىياللاردا ئون ئاي دەپ يېزىلغان. ئەڭ ئاخىرى قۇ‑

تەيبە مەككارلىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ شەھەرنى بېسىۋې-
لىپ، تالان ـ تاراج قىلغاندىن كېيىن، بۇخاراغا كەتتى.
قۇتەيبە بايكەنتتىن ئايرىلىپ بەش پەرسەخ يىراق-
لىققا بارماي تۇرۇپلا، بۇ شەھەردىكى ئاھالىلەر قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئەرەب مۇداپىئە قوشۇ-
نىنى يوقاتتى. قۇتەيبە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىپ كې-
لىپ، بايكەنتنى قايتا ئىگىلەپ، بۇ شەھەرنى ئۇزۇل-
كېسىل ۋەيران قىلدى. بارلىق ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتتى،
ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇل بولۇشقا زورلىدى. تاجاۋۇزچى-
لار بۇ يەردە ناھايىتى كۆپ مال ـ مۈلۈككە ئىگە بول-
دى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار باشقا ھەرقانداق جايدا
مۇشۇنچىلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە نەرسە ـ كېرەك بۇلاپ
ئالالمىغان ئىدى.

بايكەنتنىكى ئېچىنىشلىق ۋەقە ماۋرا ئۇننەھرى را-
يونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ناھايىتى ۋەھشىي دۈشمەنگە دۇچ
كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى سوغدى ھۆ-
كۈمرانلىرى تۈركلەردىن ياردەم سوراپ، كېيىنچە روم-
تان (بۇخارا ئەتراپىغا جايلاشقان) ئەتراپىدا ئەرەبلەرگە
قارشى بىرلەشمە قوشۇن تۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ كەس-
كىن جەڭ قىلىپ، ئەرەب قوشۇنلىرىنى قورشاۋغا ئالدى.
بۇ ۋاقىتتا قۇتەيبە مەخپىي ئەۋەتكەن جاسۇس ئار-
قىلىق، سوغدى خانىنى تۈركلەرگە، تۈرك خانىنى سوغ-
دىلارغا قارشى تۇرۇشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۆزئارا بۆلۈنۈش
پەيدا قىلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قۇتەيبىگە ئەۋەتىل-
گەن قوشۇن يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا،

ئۇ قورشاۋدىن قېچىپ چىقتى. ئەرەب قوشۇنلىرى غايەت زور زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، قۇتەيبىنى ۋاقتىنچە ماۋرا ئۇننەھرى رايونىنى ئىستىلا قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە، مەرۋىگە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى.

708 - يىلى قۇتەيبە يېڭىدىن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا يۈرۈش قىلدى. سوغدى ئاھالىلىرى باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قۇتەيبە يەنىلا بۇخارانى بېسىۋالدى ھەمدە رومتانىنى تاجاۋۇز قىلىپ ئىگىلىۋالدى. بۇخارا ئەتراپىدىكى جەڭدە قۇتەيبە غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى. قۇتەيبە ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، كۈز پەسلىگە كەلگەندە خوراسانغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىراق ھۆكۈمرانى ھاجى زات (ئۇ خوراساننىڭ ۋالىيسى قۇتەيبەنىڭ باشلىقى ئىدى) ئۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇتەيبەگە قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇخارا قودايىتىنى مەغلۇپ قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

709 - يىلى قۇتەيبە زور قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخارا شەھىرى ئەتراپىغا كەلدى. بۇخارا ئاھالىلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا سوغدىلار ۋە تۈركلەردىن ياردەم سوراپ كەسكىن قانلىق جەڭ قىلدى. قۇتەيبە مەيلى كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر كىمكى بىر دۈشمەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلسە 100 دەرھەم مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى جاكالىدى. ئەرەبلەرنىڭ بارگاھلىرىدا ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كاللىسى «ئەل ئىھرام مۇنارى»دەك دۆۋە

لىنىپ كەتتى، بۇ هال بۇخارانى قوغدىغۇچىلارنىڭ قار-شىلىقىنى يوقىتالىدى. قۇتەيبە پەقەت سوغدىلار ۋە تۈركلەر ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلالىغانىدىن كېيىنلا ئەرەب قوشۇنلىرى بۇخارانى بېسىۋالدى.

شۇمان بەگلىكى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى توخارىستان خەلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن، قۇتەيبە ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سوغدىيانادىكى تارخۇن بىلەن شەرتنامە ئىمزالىدى ھەمدە سوغدىيانا خانىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ كەتتى، ھەتتا ھەر يىلى قانچىلىك ئولپان تۆلەشنىمۇ بەلگىلىدى. تەبەرىنىڭ خاتىرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: سوغدىيانا ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنىڭ خانى تارخۇننىڭ ئەرەبلەرگە تېز چۆككەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تار-خۇننى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، گوراكنى خان قىلىپ تىكلىدى، تارخۇن تۈرمىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گوراك ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە خەلىقىگە بېقىندى، لېكىن يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو سەركەردىلىرى بىلەن ئالاقە باغ-لاپ ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىپ، ئەرەب تاجاۋۇزچىلى-رىنى قوغلىۋېتىشكە تەييارلىق قىلدى.

710 - يىلى قۇتەيبە يېڭىدىن قوشۇن توپلاپ، شۇمانغا بېسىپ كىردى. بۇ قېتىملىق كەسكىن جەڭدە

شۇمانىنىڭ ھاكىم بېگى ئۆلتۈرۈلدى. قۇتەيبە بۇ شە-
ھەرنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، ناسىپو (ھازىرقى
كارىش ئەتراپىدا) ۋە قىش (ھازىرقى شەھرى سەبىز) غا
بېسىپ كىرىپ، بۇ ئىككى جاينى بېسىۋالدى.

بۇ ۋاقىتتا خارەزىم خانى ھورزاتنىڭ ئىنىسى دۆ-
لەت ئىچىدە مازداكچە خەلق ھەرىكىتىنى قوزغىدى.
قۇتەيبە خارەزىمنىڭ ئىچكى ئىسىدىلى كۈرەشتىن
پايدىلىنىپ، خارەزىم خانىغا ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ
قوشۇنلىرىنى بۇ دۆلەتكە باشلاپ ماڭدى. 711—712—
يىللاردا خارەزىم خانى ۋە قۇتەيبە تىنچلىق شەرتنامى-
سى تۈزدى ھەمدە قوزغىلاڭچىلارنى قانلىق باستۇر-
غان قۇتەيبەنىڭ تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن
ئۇنىڭغا ئون مىڭ تۇياق چارۋا تەقدىم قىلدى. بۇ ئەمە-
لىيەتتە خارەزىمنىڭ ئىستىلا قىلىنىپ كەتكەنلىكىدىن
دېرەك بېرەتتى.

قۇتەيبە قەھرىمان سوغدىلارنى ئىستىلا قىلىشتا
قېيىنچىلىقنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇلاپ كەل-
گەن مال - مۈلۈكنى خارەزىمدىن مەرۋىگە يۆتكەيمىز،
دېگەن سۆز - چۆچەكنى تارقاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ خا-
رەزىم خانى ۋە بۇخارا خانىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن
بىرلىكتە سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى. سەمەرقەند توپتوغ-
را بىر ئاي قامال قىلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن
ئاھايىتى كۆپ كىشى ھالاك بولدى. قورشاۋ توپەيلىدىن
ھالاك بولغان سوغدىلار چاچ خانى، تۈرك خاقانى ۋە
پەرغانىدىكى ئىخشىتتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ يازغان

خەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر ئەرەبلەر سوغدىيانىنى بېسىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئۇلاپلا باشقا مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگىمۇ تاجاۋۇز قىلىدۇ». قۇتەيبە بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشۇن ئەۋەتىپ چاچ ۋە پەرغانىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئالدىدىن چىقىپ زەربە بەردى. ئاخشىمى قۇتەيبەنىڭ قوشۇنى سەمەرقەندكە ياردەمگە كەلگەن قوشۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەر سېپىلغا ھۇجۇم قىلىپ، سەمەرقەندكە باستۇرۇپ كىردى. جەڭ ناھايىتى كەسكىن داۋاملاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا سەمەرقەندىكى ئاھالىلەر ئىلاجسىز تەسلىم بولىدى. قۇتەيبە شەھەرگە كىرىپ، پۈتۈن شەھەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە سەمەرقەندنىڭ داڭقى چىققان كۆپلىگەن قەدىمىي بۇتخانىلىرى بار ئىدى. بۇ بۇتخانىلاردا زور مىقداردىكى بايلىق ساقلانغان ئىدى. قۇتەيبە بۇ بۇتخانىلاردىكى بارلىق بايلىقنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولغان بۇ بۇتخانىلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملار ۋە سەمەرقەند بۇتخانىسىدىكى ئەۋلىيا ھەيكىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق نەرسىلەر نابۇت بولدى. تەبەرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئومۇمىي سانى 50 مىڭ مىسقال كېلەتتى. قۇتەيبە سوغدىيانا ئاھالىلىرىنىڭ زىممىسىگە ھەر يىلى زور مىقداردا خىراج تۆلەشنى ئارتقاندىن

باشقا، 30 مىڭ ئەسكەرنى ئەرەب قوشۇنغا قاتنىششقا مەجبۇرلىدى.

713 - يىلى سەمەرقەند ۋە ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە ئىستىلاچىلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى.

گەرچە ئون يىل داۋام قىلغان ئۈزلۈكسىز قانلىق جەڭدىن كېيىن، ماۋرا ئۇننەھرى رايونى ئىلاجسىز خەلىفىلىكنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىگە بويسۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ماۋرا ئۇننەھرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرى ئۆزۈل - كېسىل ئىستىلا قىلىندۇق دەپ قارىمىدى. قۇتەيبە بۇ ھۆرىيەتپەرۋەر دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىلىرىدىن قورقۇپ، ھەر يىلى كۈزدە ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم مەرۋى ۋە خوراساندىكى باشقا شەھەرلەرگە تارقىتىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىيازغا بارغاندا، قوشۇننى قايتا توپلاپ، ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلدى. قۇتەيبە ھەرقېتىم ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا سەپەر قىلغاندا، خوراساندا يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان قوشۇننى باشلاپ كەلدى. چۈنكى بۇ يىراق سەپەردە قوشۇنىنىڭ چىقىمى ھەمىشە ناھايىتى زور بولىدى.

714 - يىلى قۇتەيبە زور تۈركۈمدىكى ياردەمچى قوشۇنغا ئېرىشكەنلىكتىن، چاچقا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي قۇتەيبە نەزەردىن چۈشـ

تى. ئۇ ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا تارقالغان ئەرەب قوشۇنلىرىنى خەلىفە سۇلايمانغا قارشى تۇرۇشقا قوزغاتتى، لېكىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ئۇ پەرغانىدا ئۆلتۈرۈلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلىش تاماملانغاندىن كېيىنلا، ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى مەرۋىنى خۇراسان بىلەن ماۋرائۇننەھرى رايونىنىڭ ۋالىيسىغا قارايدىغان رايونلارنىڭ مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. چۈنكى مەرۋى «تىنچ بولمىغان» بۇخارا ۋە سەمەرقەندلەردىن بىرقەدەر يىراق ئىدى.

## خەلىفىلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستىلا قىلالىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تارقاقلىقى، شۇنداقلا ئىستىلاچىلارنىڭ بۇ خىل تارقاقلىقنى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا بەكمۇ ئۇستا بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئەرەبلەرماۋرائۇننەھرى رايونىغا بېسىپ كىرىشنىڭ دەسلەپىدىلا، بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلار ئارىسىدا ئۆزئارا ئىناقسىزلىقنى پەيدا قىلدى ھەمدە مەقسىتىگە يەتتى. قۇتەيبە ئالدى بىلەن دۈشمەنلىشۋاتقان ئىككى كىچىك خاقانىنىڭ

ھەرىنى قوللاپ، شۇ ئارقىلىق يەنە بىر-سىنى ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بەگلىكنىڭ خانىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى. تولا ھاللاردا ماۋرائۇننەھرى رايون-لىرىدىكى بەزى خانلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى، بۇنىڭدىن تاجاۋۇزچىلار پايدىغا ئېرىشتى. قۇ-تەيبە سوغدىيانىگە تاجاۋۇز قىلغاندا، ئەرەب قوشۇنلى-رىدىن باشقا يەنە خارەزىم، بۇخارا ۋە ناسىپونىڭ ھەر-بىي كۈچلىرىدىنمۇ پايدىلاندى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، يەنى 713 - يىلى، خوجەند، چاچ ۋە پەرغانىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەنە سوغدى قوشۇنلىرىدىن پايدىلاندى.

خەلىپىلەر قوشۇنىنىڭ غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش-تىكى يەنە بىر سەۋەب ئۇلار كۆپىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن دېھقانچىلىق بوستان-لىرىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدىكى زىددىيەتتىن مۇۋەپپەق-قىيەتلىك پايدىلاندى. ئەرەبلەر ئۇلار ئارىسىدا بۆل-گۈنچىلىك پەيدا قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزئارا دۈشمەنلەش-تۈرۈپ قويدى.

ئەڭ ئاخىرقى بىر سەۋەب، خەلىپىلىك قۇدرەت-لىك ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇلار نۇرغۇن دۆلەتلەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر ئىشغال قى-لىنغان دۆلەتلەردىكى يەرلىك ئاھالىلەر ۋە ماددىي بايلىقىدىن ئۆز ئالدىغا پايدىلىنىپ، باشقا دۆلەتلەرنى داۋاملىق ئىشغال قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى گەرچە

ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خانلىرى ساتقىنلىق بىلەن شۇغۇللاندى. خارەزىم ۋە سوغدىيانادا يۈز بەرگەن ئەھۋال مانا شۇنداق بولدى. كۆپلىگەن يەرلىك خانلار جۇڭگو خانىدىن ياردەم سوراشقا رازى بولدىكى، ئەمما خەلق ئاممىسىنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلمىدى.

## خەلىپىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئەھۋالى

ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق شەھەرلەر ۋە چوڭراق مەھەللىلەردە، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزىنىڭ مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ھەمدە بۇ قوشۇنلارغا تايىنىپ يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا ۋە باج تاپشۇرۇشقا زورلىدى.

ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاھالىلەرنىڭ يۈكىنى قاتتىق ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. سىرتتىن كەلگەنلەر ئۆزلىرى ئىگىلىۋالغان دۆلەتلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى يېڭى دىنغا كىرىشكە زورلاپ، ئىستىلا قىلىنغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. تاجاۋۇزچىلار قورال كۈچى بىلەن شەھەرلەرنى بېسىۋالغاندا، بۇلىۋالغان بايلىققا قانائەت قىلمىدى. ئۇلار يەنە يەرلىك ئاھالە

لەردىن دائىم ناھايىتى كۆپ باج، ئالۋاڭ ـ ياساق يىغدى. ئاھالىلەرنى قۇل، دېدەك، چارۋا، ئاشلىق، توقۇلما بۇيۇملار، ھەرخىل باشقا بۇيۇملار بىردىشكە زورلاپ، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ بارلىق ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇردى.

ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بارلىق ئىستىلا قىلىنغان رايونلاردا ئەڭ ياخشى تېرىلغۇ يەرلىرى ۋە سۇ مەنبەلىرىنى ئىگىلىۋالدى ھەم شەھەرلەردىن باج ئالدى. بىر قىسىم ئەرەب ھەربىيلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ يەرلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ماكانلاشتى. بۇ يەرلەر سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئىدى.

ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھەر خىل باجلار بەلگىلەندى. يەر بېجى (خىراج) دېھقانلار ئالىدىغان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى. جان بېجى (جەزىيە) ئەڭ دەسلەپتە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەردىن ئېلىندى. ئۇندىن باشقا دېھقانلار ۋە قول ساناتئەتچىلەرگە قارىتا يەنە باج ـ سېلىق ۋە ئالۋاڭ ـ ياساق سالدى ھەمدە ئۇلارنى ماددىي نەرسە، ھەتتا ئۇلارنى ئۆي، كۆۋرۈك، سېپىل سېلىش، شۇنداقلا ئېرىق چېپىش قاتارلىقلارغا ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە زورلىدى. باج تاپشۇرمىغان كىشىلەر رەھىمسىز جازاغا تارتىلدى، ئۇلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىندى. باجنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرمىغان كىشىلەرنىڭ بوينىغا ئالاھىدە ياسالغان نومۇرلۇق تاختا ئېسىپ، تاكى ئۇلار باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىلا ئاندىن

ئىلىۋەتتى.

مەرۋى، سەمەرقەند ۋە بۇخارا قاتارلىق شەھەر-لەردە ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەر بىر ئېنىز ئۆيىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىۋالدى، ھەتتا بەزى ۋاقىتلاردا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلغان - قىلمىغانلىقىنى دائىم نازارەت قىلىپ تۇرۇشىنىڭ زوراۋانلىقى بۇ خىل زورلۇق بىلەن ئىگىلى-ۋېلىشىنىڭ باھانىسى قىلىندى. مەسىلەن، بۇخارانىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەر-لىك ئاھالىلەرنى تالان - تاراج قىلىشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىستىلاچىلار تۇرار جايلارنىڭ خوجايىنلىرىغا ئائىلىسىدىن كېيىن، ئەسلى-دىكى ئۆي ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىگە ھەقسىز ئەمگەك قى-لىپ بېرىشكە زورلىدى.

ئەرەب خەلىپىلىرى ئىستىلا قىلىنغان رايونلارغا قارىتا ئىسلام دىنىنى سىڭدۈرۈش سىياسىتىنى يۈرگۈز-دى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قول-لىنىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ دەسلەپىدە بۇ يەردە بىرلىككە كەلگەن دىن يوق ئىدى. بۇ يەردە زارا ئاستىرا دىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىش بىلەن بىرلىكتە، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەرەبلەر بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسىنى يالغان دىنلار دەپ جاكالىدى، بولۇپمۇ ئۇلار زارا

ئاستىرا دىنىغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ سانلىق ئاھالىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ئىدى. باشقا دىنلارنىڭ تەسىرىنى ئېزدىن تازىلاش ئۈچۈن، خەلىپىلەر بۇ يەرگە تۇرغۇزغان ۋالىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي ھۆججەتلىرىنى ھەممە يەردە كۆيدۈردى. بولۇپمۇ زارا ئاستىرا دىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى كۆپلەپ كۆيدۈردى. نەتىجىدە يالغۇز دىنىي ھۆججەتلەرنىلا كۆيدۈرۈش بىلەن قالماستىن، ھەتتا ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى مىللەتلەرنىڭ دىنىي تۈس ئالغان ھۆججەتلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ، سوغدىيانانىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرىنى تامامەن دېگۈدەك يوقىتىۋەتتى.

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يەرلىك ئاھالىلەر دەسلەپتە ناھايىتى كۆپ غەمخورلۇقتىن بەھرىمەن بولدى. كىشىلەر پەقەت يېڭى دىنىي بەلگىلىمىنىڭ رەسمىيەتىنى ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈنلا پۇلىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر يىلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەردىن جان بېجى — جەزىيە ئالدى. بۇ تەدبىرلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى دىنىغا مەخپىي ئېتىقات قىلىشنى يەنىلا ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇردى.

## خەلىفىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى

يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى كۈندىن كۈنگە ئاشتى. ئىستىلاچىلار بۇخسىل ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاچقا ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ئالدىنقى ئون يىل ئىچىدە، ئۇلار ھەتتا مۇسۇلمانلار مەسچىتلىرىگە بارغاندىمۇ دائىم قورال ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئاھالىلەرنىڭ بارلىق قوراللىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئاھالىلەرنىڭ ئاخشاملىرى ئائىلىسىدىن ئايرىلىشىنى مەنئى قىلدى.

لېكىن، ۋەھشىيانە تېررورلۇق ۋاستىلىرىمۇ ھۆررىيەتپەرۋەر خەلقنىڭ روھىنى نابۇت قىلالمىدى. ئەرەب ئىستىلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق ئىسلىغان پۈتكۈل دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۈزلۈكسىز قوزغىلاڭلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

720 — 721 - يىللىرى سوغدىيانادا كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ پارتىلىدى. سوغدىلار تۈركلەرنىڭ قوللىشى بىلەن ماۋرائۇننەھرى رايونىدا تۇرۇشلۇق ئەرەب قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى.

خەلىفىلەر زور تۈركۈمدىكى جازالاش قوشۇنىنى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن ئاھالىلەرگە

قارىتا، بولۇپمۇ سەمەرقەند ۋە پەنجىكەنت ئاھالىلىرىگە قارىتا تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللاندى. سەمەرقەندلىكلەرنىڭ قورال جەھەتتە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك ۋە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، ئەسلى زېمىندىن ئايرىلىپ، خوجەندگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. خوجەندنىڭ ھۆكۈمرانى ئەتتار ئۇلارنى ھىمايە قىلىشقا قوشۇلدى. سوغدىيانا خانى گوراك بارلىق كۈچى بىلەن بۇ قېتىمقى چېكىنىشكە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى توسۇپ قالالمىدى. خوجەندنىڭ ھۆكۈمرانى ئەتتار ئەمەلىيەتتە خائىن ئىدى. ئۇ ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ سوغدىياناغا تەۋە رايونلىرىغا كىرىشكە يول ئېچىپ بەردى. ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى سەمەرقەندلىكلەرنى ۋەھشىيانە باستۇردى. ئەرەب قوشۇنلىرى خوجەندكە چېكىنگەن بارلىق سەمەرقەندلىكلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. پەقەت 400 نەپەر سودىگەرلا ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدى. ئۇلار زور مىقداردىكى تاۋار ئارقىلىق جېنىنى ساقلاپ قالدى. بۇ تاۋارلار تېخى يېقىندىلا جۇڭگودىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىدى.

پەنجىكەنتلىكلەرمۇ سەمەرقەندلىكلەرگە ئوخشاشلا خان دېۋاشتىچنىڭ رەھبەرلىكىدە خوجەندكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارغىمۇ ئەرەبلەرنىڭ جازاچى قوشۇنلىرى يېتىشىۋالدى. دېۋاشتىچ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جەڭ قۇم كەنتىدە ئېلىپ بېرىلدى. قۇم كەنتى موگ تېخى (ھازىرقى زاخماتئابات ئەتراپىدا)

دىكى دېۋاشتىچ قورغىنىدىن بەش كىلومېتر يىراق جايـ
دا ئىدى. بۇ جەڭ سوغدىيانا دىكى بارلىق قورغىلاڭنىڭ
تەقدىرىنى بەلگىلىدى. گەرچە پەنجىكەنتلىكلەر باتۇر-
لۇق بىلەن قارشىـلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ-
لار يەنىلا يېڭىلىپ قالدى. چۈنكى ئەرەب قوشۇنـلىرى
قورال - ياراق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈكـ
نى ئىگىلەيتتى. دېۋاشتىچ تەسلىم بولۇپ ئەسىرگە چۈ-
شۈپ قالـدى. دەسلـەپتە دۈشـمەنـلـەر ئۇنـىڭـغـا
ھۆرمەت قىلغاندەك كۆرۈنـدى، لېكىن كېيىنچە ئۇنى
نائۇس (زارا ئاستـرا دىنـى قەبرىستانـلىقى) دىـكى
كـرېست جازىسىغا مىخلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

قۇتتالىيە بىلەن ئىستىرافشان (ئۇسـروشانا) دىكى
ھۆرىيەتپەرۋەر تاغ خەلقى ئىنتايىن باتۇر بولغانلىقتىن،
ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى
قوغداپ قالـدى. 725 - يىلى ئەرەبلەرنىڭ خوراسان
ۋالىيسى ئاسات ئىبنى ئابدۇللا خان قوشۇننى باشلاپ
قـۇتتالىيگە كېتىۋاتقاندا، بارلىق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ
ھەممىسى قوزغىلىپ ئۇلارغا قارشى تۇردى. ئەرەب قو-
شۇنلىرى مەغلۇپ بولۇپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلـمەي چېـ
كىنىشكە مەجبۇر بولدى. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاسا-
لانـغاندا، ئاسات ئىبنى ئابدۇللاخان قۇتتالىيە جېڭىدە
مەغلۇب بولۇپ، بەلخكە كېتىۋاتـقاندا بەلختىكى ئاھالـ
لەر ئۇنى مازاق قىلىدىـغان بىر كۇپلېت بېيىت توقۇپ
چىققان. بۇ تاجىك تىلىدىـكى ساقلىنىپ قالـغان ئەڭ
بۇرۇنقى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

قۇتتالىيەلدىن قايتتىڭىز،
تۆكۈلىدىن ئابىرويىڭىز.

ئۇسروشانادا بەلكىم 5 — 6 - ئەسىرلەردىلا شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. مۇشۇ دەۋرگە ئائىت ئاسارە - ئەتىقىلەر سوۋېتنىڭكى زور بىر تۇركۇم قورغانلار، 1947 — 1948 - يىللىرى ئا. يۇ. ياكۇباۋسكى باشچىلىقىدىكى سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى زەرەپشاننى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ماتچى ۋە زاخماتئابات رايونىدىن تېپىلدى. بۇ قورغانلار خەتەرلىك قىيالارغا قۇرۇلغان بولۇپ، تاغ ئېقىنلىرىغا ئېقىپ كىرىدىغان تاغلىق رايون دەريالىرىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىغا يېقىن جايلارغا، يېرىمىدىن كۆپرەكى دەريا ئەگىپ ئۆتىدىغان دوقمۇشلارغا ئورۇنلاشقان. مۇشۇنداق جۇغراپىيىلىك ئورۇنلار كىشىلەرنىڭ باشقا ئۈچ تەرەپتىكى قورغانغا يېقىنلىشىشقا قىينچىلىق تۇغدۇرغان. بۇ قورغانلار ناھايىتى ياخشى مۇستەھكەملەنگەن قورۇقلار بولۇپ، زېمىندارلارنىڭ ئوردىسى ئىدى. مەيلى تاغ ئېقىنلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان كەنتلەر بولسۇن، ياكى چوڭ دەريا جىلغىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەنتلەر بولسۇن، ھەممىسى دېھقانلارنىڭ قولىدا ئىدى. كەنتلەردە كەنت جامائە تۈزۈمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، دېھقانلار مەلۇم دەرىجىدىكى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولاتتى.

زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تاغـ
لىق رايونلار (ئۇسرۇشانانىڭ مەركىزى قىسمى) بىلەن
سوغدىيانا، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەركىزى سەمەرقەنتە
ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. ئۇسرۇ-
شانادىكى شەھەرلەر، كەنت بازارلىرى بىلەنمۇ يېقىن
مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. ئالدى بىلەن بۇ مۇناسـ
ۋەت سودا ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.
سودا يوللىرى، دەريا جىلغىلىرى، تاغ ئارىسىدىكى تار
چىغىر يوللار ئارقىلىق تىك قىيالارنى بويلاپ (ئۇ يەر-
لەردە لەپەكشىپ تۇرىدىغان ئاسما كۆۋرۈك ـــ ئوقلىنى
ئورۇنلاشتۇرۇلغان) ئۆتۈپ، شەھەر مەركىزىدىن يۆتكەپ
كېلىنگەن خىلمۇ خىل تاۋارلار (نېپىز چىت، تۆمۈر
قورال، ساپالدىن ياسالغان بويۇملار، ئالتۇن - كۈمۈش
بۇيۇملىرى) نى يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان گۆلە، چار-
ۋا مال ۋە قوي يۇڭى قاتارلىق ئېسىل ماللار بىلەن
ئالماشتۇراتتى.

ئۇسرۇشانالىقلار داھىيسىنىڭ ئىسمى ئافشىن (خان)
دەپ ئاتىلاتتى. ئۇسرۇشانادىكى ئافشىنلار كېيىنك
دېھقان قورۇق ئىگىلىرىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، بو-
لۇپمۇ ھەربىيەتپەرۋەر يېزا جامائە دېھقانلىرىنىڭ ھىمـ
ماشلىق قىلىشى ۋە كۈرەشتىكى ئاكتىپلىقىغا تايىنىپ، تاكى
8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنى
ئۆزىنىڭ زېمىنىغا كىرگۈزمىدى.

728 - يىلى ۋە 736 - ،737- يىللىرى توخا-
رىستان ۋە سوغدىيانا ئاھالىلىرى تۈرك خاقانلىرى قو-

ھۇنلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قوزغىلىپ، ئەرەب تاجا ـ ۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇردى. بولۇپمۇ 737 ـ يىلى ئەـ رەبلەر ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالى مۇنداق: خەلىفە ھىشام ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (724 — 743) كۆپ ساندىكى سوغدى ئاھالىلىرى ئىسلام دىنىنى كۆرۈنۈشتىلا قوبۇل قىلدى، جان بېجى (جەزىيە) تۆلىمىدى، بۇنىڭ بىلەن خەلىفىنىڭ خەزىنە ـ سىگە تاپشۇرۇلىدىغان كىرىم زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى، خەلىفە خەزىنىسىنىڭ كىرىمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئىسـ لام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق كىشىلەرگە قوشۇمـ چە باج تۆلەشنى پەرمان قىلدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنـ گەن ئاھالىلەر خەلىفىلىكنىڭ مەركىزىگە تەلەپنامە سۇـ نۇپ، قوشۇمچە بەلگىلەنگەن باجنىڭ قانۇنسىز ئىـ كەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى، چۈنكى، بۇ مۇرتەتلاردىن جان بېجى ئېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش بىلەن قارىمۇ قارـ شى ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە، ھىشام خەلىفىنىڭ قوشۇمچە باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىـ دىكى تەلىپىنى رەت قىلدى. شۇڭلاشقا سوغدىلار ئىسـ لام دىنىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنىڭ كونا دىنىي ـ ئېـ تىقادىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار تۈركلەردىن ياردەم سوراپ، خەلىفىلىكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. قوزغىلاڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ سەمەرقەند ۋە دابۇسىيادىن باشقا پۈتكۈل ماۋرائۇننەھرى رايونىنىڭ ھەممىسىنى قوزغىـ

لاگچىلار ئىگىلىدى (كونترول قىلدى).

737 - يىلى ئەرەب ۋالىيسى كەك تۈركۈمدە قوشۇن توپلاپ، خارىستان ئەتراپىدىكى جەڭدە سوغدىلار ۋە تۈركلەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى يوقىتىپ، قوزغىلاڭنى رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇردى.

خوراسان ۋە ماۋرا ئۈننەھرى رايونى ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى خەلىفىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ يەردىكى بىر نەچچە ۋالىينى ئالماشتۇرۇشقا مەجبۇر بولىغانلىقىدا ئىپادىلەندى. ئاخىرىدا 738 - يىلى ناسىر ئىبنى سەييار خوراسان ۋە ماۋرا ئۈننەھرى رايونىنىڭ ۋالىيسى بولدى.

ناسىر ئىبنى سەييارنىڭ خوراساندىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق بولدى. ئۇ 738 - يىلى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ماۋرائۈننەھرى رايونىدا ئۈچ قېتىملىق يىراققا جازا يۈرۈشى قىلىشنى ئورۇنلاپ (سەمەرقەند، چاچ ۋە فارابقا جازا يۈرۈشى قىلىپ) يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى.

ناسىر ئىبنى سەييار يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يار-دىمىگە تايىنىش، يەرلىكنى بويسۇندۇرۇش ھالىتىدە قالدۇ-رۇش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇ ماۋرا ئۈننەھرى رايونىدىكى بىر ئاقسۆڭەك بىلەن قۇدىلاشتى، بۇ ئاقسۆڭەكلەر بۇخارا قۇداتلىرىنىڭ كۆيئوغۇللىرى بولۇپ قالدى.

ناسىر ئىبنى سەييار يۇقىرىقىدەك بىر قاتار تەد-

بىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرىشى يەنىلا داۋاملىشىۋەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئەڭ ئىشەنچسىز چېگرا رايونلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالدى.

## ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئۈمەييە سۇلالىسى بىلەن ئابباسىلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتىكى رولى

خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى بىلەن دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى خەلىپە ھۆكۈمرانلىقىدىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى. خەلىپە مەمۇرىي دائىرىلىرى بەلگىلىگەن تۈزۈمگە يالغۇز ئەمگەكچى ئامما نارازى بولۇپلا قالماستىن، يەرلىكتىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ نارازى بولۇشتى. يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر سىياسىي ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇشقا ئازلا قالدى، خەلىپىلەر ۋە ئەرەب قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ دېھقانلاردىن يىغىۋالىدىغان ئالۋاڭ - ياساقلىرى ئۈلارنىڭ كىرىمىگە تەسىر يەتكۈزدى.

ئۈمەييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىك سىياسىتىگە نىسبەتەن نارازىلىق كەيپىياتى يالغۇز ئىستىلا قىلىنغان مىللەتلەردە ئومۇملىشىپلا قالماستىن، بەلكى خەلىپىلىك ئىچىدىكى ئەرەب ئاھالىلىرىدىمۇ بولغان. بۇ ھال شۇ چاغدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان سىنىپىي

بۆلۈنۈش جەريانى، قەۋملەر مۇناسىۋىتىنىڭ پارچىلىنىشى، مال - مۈلۈكنىڭ تەڭ بولماسلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنىڭ تەرەققىياتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسلىق ئىككى گۇرۇھ ئۈممەيىيە سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلدى.

بىرىنچى گۇرۇھ خارىجىت مەزھىپى ئىدى. بۇ مەزھەپ ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە نارازى بولۇۋاتقان قاتلاملارنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئۇلار خەلىپىلىكنىڭ ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىغا قارشى تۇرىدىغان: «خەلىپىلەر ئاللا ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىنچە بۇ شوئار غەيرىي ئەرەب مىللەتلىرى كەڭ ئاھالىلىرىنىڭ (دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) خارىجىت مەزھىپىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى.

ئىككىنچى گۇرۇھ بولسا ھەزرىتى ئەلى مەزھىپى ئىدى (شىئە مەزھىپى). بۇ مەزھەپ دەسلەپتە كونا مەككە ۋە مەدىنىدىكى ئۇرۇقداش يۇقىرى قاتلامنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ ئۇرۇقداشلار خەلىپىلىكنىڭ ۋارىسلىق پرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلىسۇ، لېكىن پەقەت ئەلىنىڭ جەمەتىلا (ئەلىنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادى) پەيغەمبەرنىڭ بەرھەق ۋارىسى بولالايدۇ دەپ قارايتتى. ھەزرىتى ئەلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى (پاتىمەنىڭ ئېرى)

ئىدى. ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ھۇسە-
يىن ئىچكى توقۇنۇشتا شېھىت بولدى. ئۇلار ئادالەت
ئۈچۈن قۇربان بولغان شېھىتلەر دەپ قارىلىپ، ئالىي
شان – شەرەپكە ئىگە بولدى ھەمدە ئۈمەييە سۇلالى-
سىغا قارشى تۇرۇشنىڭ بايرىقى بولۇپ قالدى. كېيىن-
چە شىئە مەزھىپى، شۇنداقلا ھەزرىتى ئەلىگە چوقۇنۇش
ئىسلام دىنىدىكى كۆپ سانلىق ئېقىۋاگەر مەزھەپلەر ۋە
مەزھەپچىلىك گۇرۇھىنىڭ بايرىقىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ
شىئە مەزھىپى پەيدا بولۇشقا باشلىغان چاغدىلا، خەلى-
پىلىك تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ يۇقىرى قات-
لىمى ئىچىدە قارشى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇ
يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادلىرى
بىلەن ئۈمەييە جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى تارىشىۋ قارشى-
لىقنى جەمەتنىڭ زۇلۇمىنى ئاچىزلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل
شەكلى دەپ قارىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تەخمىنەن
718 – يىلىدىن باشلاپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ
تاغىسى ئاببasنىڭ ئۇرۇق ئەۋلادلىرى ئۈمەييە جەمەتى-
نىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى زور كۈچ بىلەن مەخپىي
تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاببas جەمەتى خەلىپە دۆلى-
تىنىڭ ھوقۇقى پەقەت ھاشىم جەمەتىگىلا، يەنى مۇ-
ھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇشنى
تەشەببۇس قىلدى. لېكىن ئۇلار بۇ
جەمەت ئىچىدە مەلۇم بىر كىشىنىڭ خەلىپە بولىدىغان-
لىقىنى كۆرسەتمىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار شىئە مەزھىپى
ھۇرىتلىرى بىلەن بىرلەشەلىدى. شىئە مەزھىپىدىكىلەر

ئابباس جەمەتىدىن ئادەملەرنى ئۆلارغا پايدىلىق دەپ قارىدى.

8 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرىدا مەرۋان II نىڭ (744 — 750) ھۆكۈمرانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆمەييە سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىگە بولغان ئورتاق نارازىلىقى ئالاھىدە كۈچىيىپ كەتتى. بۇ خىل قاتتىق نارازىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، يەر بېجى كۆپەيتىلدى ۋە خەلىفىلەر يەرلىك ئاھالىلەردىن كەڭ پايدىلىنىپ ئۇلارنى غايەت زور قۇرۇلۇشلارغا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى.

خەلىفە مەرۋان II بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۆمەييە سۇلالىسىنىڭ بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئۇ خەلىفىلىكنىڭ مەركىزىنى سۇرىيىدىن زائارا تاقىم ئارىلىغا يۆتكىدى. ئۆمەييە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى دەمەشقتىن خەلىفىلىكنىڭ يېڭى مەركىزى خاران شەھىرىگە يۆتكىدى. ئانتيوخ (ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن مەركەز) دىن باشقا بارلىق قەلئەلەرنى بۇزۇپ، شەھەردىكى بارلىق سېپىللارنى تۈزلىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن ئۇ نارازىلىقنىڭ كۆپىيىشىنى توسۇپ قالالمىدى. ئۆمەييە سۇلالىسىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك نارازىلىقنىڭ تەرەققىياتى شۇنداق چوڭقۇرلاشقانكى، ھەتتا خەلىفىلىك تارىخىدا ئوردا ياساۋۇللىرىنىڭ 1 – قېتىملىق توپىلىڭى يۈز بەردى.

ئىمام ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئابباسلار جە-

مەتى ئىسچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ئۇ ئۇمەييە خاندانلىقىغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى ھەمدە ئالاھىدە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان كۆپلىگەن دىن تارقاتقۇچىلارنى خەلىپىلىكنىڭ بارلىق رايونلىرىغا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە شەرقىتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلدى.

ئابباسىلار جەمەتى «ئىسلام دىنى پەيدا بولغاندىن كېيىنكى 100 يىلدىن بۇيان مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇمەييە سۇلالىسى خەلىپىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەيدا قىلغان» دەپ جاكالىدى. ئۇلار، ئەگەر ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدىغانلا بولسا يەر بېجى ۋە باشقا باجلارنى يېنىكلىتىدىغانلىقى، خەلقنى ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىلىپ بېرىشقا زورلاشنى توختىتىدىغانلىقى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەرگە سىياسىي ھوقۇق بېرىپ، ئۇلارنى خەلىپىلىكنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلىششىغا يول قويىدىغانلىقى توغرىسىدا خەلققە ۋەدە بەردى.

ئاببىسلار جەمەتى ھەم ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرىگە ئوخشاشلا خەلق ئاممىسىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە ناھايىتى ئاز كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ۋەدىلىرى پەقەتلا ئۇمەييە سۇلالىسى بىلەن بولغان كۈرەشلەردە ئاممىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۇمەييە سۇلالىسىغا قارشى كۆرەشلەردە ئاbbاس جەمەتىدىكىلەر ماۋرا ئۇننەھرى رايونى ۋە خوراساندا ئاساسەن يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە تايانىدى. بۇ ئاقسۆڭەكلەر ئاbbاسىنىڭ سىياسى ئۆزگىرىشى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن دۆلەتنى باشقۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. خەلىپە ھىسام ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردىلا ئاbbاسىلار جەمەتىنىڭ ئەلچىلىرى خوراساندا پەيدا بولغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئاسات ئىبنى ئابدۇللا ۋالىي بولغان مەزگىلدە ئاbbاسىلار جەمەتىنىڭ بەزى ئالاھىدە ئەۋەتكەن خادىملىرىنىڭ پۇت - قولى خوراساندا كېسىپ تاشلانغان. خوراساننىڭ يەنە بىر ۋالىيسى ناسىر ئىبنى سەييارمۇ شىئە مەزھىپىنى ۋە ئاbbاسىلار جەمەتىگە قارشى كۆپ قېتىم قەتئىي كۆرەش قىلغان.

8 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەبۇ مۇسلىم ئۇمەييە سۇلالىسىغا قارشى كۆرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ كېيىنچە ئاbbاسىلار سىياسى ئۆزگىرىشىنى قوزغىغۇچى دېگەن ئاتاققا ئېرىشتى.

ئەبۇ مۇسلىم دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇ ئەسلىدە قۇل ئىدى دېيىلگەن. ئەبۇ مۇسلىم خوراساندىكى ئەڭ چوڭ شەھەر مەرۋىگە يېقىن جايدا «پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ ئادىمى» دېگەن نام بىلەن مەخپىي ھالدا شىئە مەزھىپى مۇرىتلىرى ۋە باشقا نارازى بولغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. ئاbbاس جەمەتى ئۇنى ئۆزلىـ

رىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا «پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ ۋەكالىتەن باش قوغۇچىسى» دېگەن نامنى بەردى. 747 - يىلى ئۇنىڭ تەييارلىقى ئاساسى جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ، ئەبۇ مۇسلىم قارا بايراق چىقىرىپ (بۇ ئابباس جەمەتى تاللىغان رەڭ) خەلقنى ئاشكارا قوزغىلىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىق قىلدى.

ئەبۇ مۇسلىمنىڭ چاقىرىقى مەيلى ئەرەبلەر ئارىسىدا بولسۇن ياكى خەلىپىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا بولسۇن ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

ئەرەب يازغۇچىسى ئەبۇ خەلىفە ئاددىنا ۋېرى ئەبۇ مۇسلىم قوشۇنلىرىنىڭ زورىيىشىنى ئالاھىدە ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر ئارقا - ئارقىدىن ھىرات، بوشىنگا، مارۋارود، تالاكان، مەرۋى، نىسى، ئابىۋېرىت، توسىل، نىشاپور، سىراخىس، بەلخ چاگانىئان، توخارىستان، قۇتتالىيە، قېش، نەسەپ قاتارلىق جايلاردا جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ ئەبۇ مۇسلىم تەرەپكە ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىنى قارا رەڭدە بوياۋالدى. ئۇلار تۇتقان كالتەك - توقماقلار (قوراللىرى) نىڭ بىر قىسمى قارا بويالدى. بۇ كىشىلەر ئات - قېچىرغا مىنىپ ياكى پىيادە ماڭدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قېچىرلىرىنى ھەيدىگەندە ئۈزلۈكسىز ھالدا «خاررا»، «مەرۋان» دەپ تووۋلىشىپ، قېچىرلىرىنى مەرۋان دەپ ئاتىشاتتى. بۇ خەلىفە مەرۋان ئىبنى

مەھمۇدنى مەسخىرە قىلىش ئىدى. ئۇلار جەمئىي 100 مىڭ ئادەم ئىدى. يەمەندىكى ئەرەبلەرنىڭ قوشۇنىمۇ قارا بايراقلىقلارنىڭ تۇرار جايىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ قوزغىلىڭى مۇشۇنىڭدىن سەل ئىلگىرىلا باستۇرۇشقا ئۇچرىغان ئىدى. قۇللارمۇ ئۆزىنىڭ قىيىن شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى.

خوراساننىڭ ۋالىيسى ناسىر ئىبنى سەييار ئەبۇ مۇسلىمغا قارشى كۈرەش قىلىش ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەرەبلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئەبۇ مۇسلىمغا قارشى تۇرۇشقا ئۇرۇنۇش خىيالى تامامەن بىكارغا كەتتى. بەزىبىر ئەرەب قەبىلىلىرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ئالاھىدە كۈچ قوشۇلغانلىقتىن، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ كەسكىن سىنىپىي بۆلۈنۈش جەريانى يۈز بېرىپ، كۆپلىگەن ئەرەبلەر، بولۇپمۇ ئەڭ نامرات كىشىلەر ئەبۇ مۇسلىمنىڭ تۇغى ئاستىغا توپلاندى.

748 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ناسىر ئىبنى سەييار خوراساننىڭ پايتەختىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىشغال قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئۆزى نىشاپورغا چېكىندى. ئەبۇ مۇسلىم بىر نەپەر سەركەردىنى قوشۇنى باشلاپ نىشاپورغىچە قوغلاشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ناسىر قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى.

بۇنى شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىدى. گەرچە خەلىفە مەرۋان II ئۆزى ئىگىلەپ تۇرغان بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى ھەرىكەتكە سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى تارمار قىلىپ، ھەتتا ئاببباس جەمەتى ئىچىدىكى ئىمام ئىبراھىمغا ئوچۇق- ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇمەييە سۇلالىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. قوزغىلاڭچىلار يالغۇز ئىراقتا ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەجەللىك زەربە بېرىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ سۇلالىنىڭ ئەڭ زور مەركىزى دەمەشقنى ئىگىلىۋالدى.

شۇڭا، ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خەلىپىلىكنىڭ شەرقىتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن توپلىغان قوشۇنلىرى 705 - يىلى ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلىنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى تارمار قىلدى. ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قوشۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ۋە ئۇمەييە سۇلالىسىنىڭ سىياسىتىدىن نارازى ئەرەبلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى.

ئاببباسلار جەمەتى ھاكىمىيەتكە ئىگە بولدى.

لېكىن، كىشىلەر ئۈمىد قىلغاننىڭ ئەكسىچە، ئاببباسلار جەمەتى ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئاساسىي ئاممىغا ھېچقانداق پايدا بەرمىدى. ئۇلار خەلققە بەرگەن ۋەدىسىنى باشتىن ئاخىر ئادا قىلمىدى. خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن ئەبۇ مۇسلىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى.

ئابباسىلار سۇلالىسى ۋە ئەبۇ مۇسلىملىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغانلىقى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن سوغدىلار قوزغىلاڭ كۆتۈردى، قوزغىلاڭ شىئە مەزھىپىنىڭ شوئارى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. قوزغىلاڭغا شارىق ئىبنى شەيخ رەھبەرلىك قىلدى، ئەبۇ مۇسلىم مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننى قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە شەكىللەنگەن بۇ قوزغىلاڭ پەقەت بۇخارا قۇدايتى قوتەيبە ئىبنى تاخشودىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ئەبۇمۇسلىمغا ياردەم قىلىشى ئاستىدىلا باستۇرۇلدى. بۇخارا خانىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىقارغان قوشۇنى سان جەھەتتە ئەبۇمۇسلىم ئەۋەتكەن قوشۇن بىلەن باراۋەر ئىدى.

ئەبۇ مۇسلىم جۇڭگو خانى بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئاببا سىلار سۇلالىسى خەلىپىلىكىنىڭ قىزغىن قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. جۇڭگو خانى خەلىپىلىك ئىچىدىكى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەشنى قارار قىلدى. 748 – يىلى جۇڭگو خانىنىڭ قوشۇنلىرى تۈرك خاقانلىقىنىڭ مەركىزى يەتتە سۇدىن جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يولى ئۈستىگە جايلاشقان سۈيياب شەھىرىنى ئىگىلىۋالدى. 749 – يىلى چاچقا بېسىپ كىردى. 751 – يىلى تالاس دەرياسى (ھازىرقى جامبۇل شەھىرى ئەتراپى) بويىدىكى كەسكىن جەڭدە جۇڭگو خانىنىڭ قوشۇنلىرى ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە قوماندانلىق قىلغان قوشۇن تە-

رىپىدىن تارمار قىلىندى.

گەرچە ئەبۇ مۇسلىم مەيلى سىرتتىن كەلگەن دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەشتە بولسۇن ياكى دۆلەت ئىچىدىكى ئابباسىلار سۇلالىسىغا قارشى كۈرەشتە بولسۇن، باشتىن ئاخىر ئابباسىلار سۇلالىسىنى سەمىمىي نىيەت بىلەن ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئابباسىلار سۇلالىسى ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭ خەلىپىنىڭ خانلىق تەختىگە چاڭ سېلىشىدىن گۇمان قىلاتتى. 755 - يىلى خەلىپە ئەبۇ جاپپار ئال مەنسۇر (754 — 775) ئەبۇمۇسلىمنى ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا چاقىرىپ ۋاپاسىزلارچە ئۆلتۈرۋەتتى.

## سۇدىبات ماگ قوزغىلىڭى ۋە مۇقەننا ھەرىكىتى

ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەھۋالى ئۆمەييە خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكىدىنمۇ قىيىن بولدى. يەر ئىجارىسى تۆلەش، ئاساسلىقى ئەمەلىي نەرسە تۆلەش شەكلىدە ئېلىپ بېرىلدى. سۇغىرىلمايدىغان يەرلەردىكى ھوسۇلنىڭ يېرىمى يەر ئىجارىسى قىلىپ يىغىۋېلىندى؛ سۇغىرىلىدىغان يەرلەردىكى ھوسۇلنىڭ $\frac{1}{4}$ دىن $\frac{1}{3}$ گىچە بولغان قىسمى يەر ئىجارىسى قىلىندى. بەزىدە ھۆكۈمەت ھىجرىيە بىلەن دېھقانلار كالېندارى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشماسلىقتىن پايدىلىنىپ بىر يىلدا ئىككى

قېتىم باج ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە باج يىغىشۇېلىش ۋاقتىدا تۇتۇپ قېلىش ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىش يۈز بەردى.

فېئوداللىق مۇناسىۋەت تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئۆزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يەر گەرچە نامدا خەلىفىلەرنىڭ مۈلكى دەپ قارالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم يەرلەر يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى. يەرلەر بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى شەكلىدىكى ئىجارىگە بېرىش ئاساسىدا ئۇششاق ئىشتىزلارغا بۆلۈنۈپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلدى. بۇرۇنقى ئەركىن يېزا جامائەسى دېھقانلىرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، يەر بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىدىكى دېھقانلارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئۇلارنى كادىۋارلار بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى ئاستىدىكى دېھقانلار، ئازاد بولغان قۇللار ياكى يەرگە چۈشەپ قويۇلغان قۇللار بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

ئاببا سىلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرى سامانىلار سۇلالىسىنىڭ ئەنئەنىسىنى، ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىرىنى قوبۇل قىلدى. بۇ جەھەتلەردە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشقا تىرىشتى.

ئەينى ۋاقىتتا كۆپلىگەن بىنالار — ئوردا مەدرىسى، سېپىل ۋە باشقا بىنالار ياسالدى. دېھقانلار بۇ بىنالارنىڭ بارلىق سېلىقىنى زىممىسىگە ئالدى، شەھەرلەردىكى قول سانائەتچىلەرنىڭ ئەھۋالى دېھقانلارغا ئوخشاشلا يامانلاشتى. ئۇلار يېرىم فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ

ئېرىشكە، ھەتتا ئېغىر ئالۋاڭ - سېلىق ۋە ئەمەلدار-
لارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىغا ئۇچراپ پۈتۈنلەي
ۋەيران بولدى. تۈرك كۆچمەن چارۋىچىلىرىمۇ
نەق نەرسىنى باجغا تۆلەشتىن ئىبارەت ئېغىر سېلىق
زىممىسىگە يۈكلەندى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى
يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. سومبات ماگ بىر قېتىملىق
ئەڭ زور قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلدى. سومبات ئۆزىنى
ئەبۇ مۇسلىمنىڭ يېقىن ئەگەشكۈچىسى دەپ قارايتتى،
شۇڭلاشقا 755 - يىلىدىكى قوزغىلاڭدا «ئەبۇ مۇسلىم
ئۈچۈن قىساس ئالىمىز» دېگەن شوئار بىلەن ھەرقايسى
قاتلام ئاھالىلەر ئىچىدىن زور مىقداردىكى ھىمايە قىل-
غۇچىلارنى ئۆز يېنىغا تارتتى. زارا ئاستىرا مۇرىتلىرى
ۋە مازداكچىلىق مۇرىتلىرى (خورراميت مەزھىپى) قاتار-
لىق گۇرۇھلارمۇ ئۇنىڭ قوشۇنىغا قاتناشتى. خورراميت
مەزھىپى «سورخاراملار» دەپمۇ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئۇلار-
نىڭ بايرىقى قىزىل رەڭدە بويالغان ئىدى. قوزغىلاڭ
ناھايىتى كەڭ زېمىنلارنى قاپلىغان بولۇپ، خوراسان
ۋە تابارىستانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئابباسىلار سۇلا-
لىسى بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى ناھايىتى زور كۈچ بى-
لەن باستۇردى. سومبات مەغلۇپ بولۇپ، رەيدە ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە پەرزەنتلىرى قۇل
بولۇپ سېتىلدى. سومبات مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى،
ئۇلار ئەبۇ مۇسلىمنىڭ مەزھىپى بولغاچقا، ئەبۇ مۇسلىم

قايتىپ كېلىپ «دۇنيانى ئادىللىق بىلەن باشقۇردۇم» دەپ تەشۋىق قىلدى.

ئەرەب قوشۇنلىرى تېخى سومبات قوزغىلىڭىنى باستۇرالماي تۇرغاندا، ھىرات شەھىرى ئەتراپىدا يېڭىدىن قوزغىلاڭ پارتىلىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا ئۇستاد سىس ئىسىملىك بىر كىشى رەھبەرلىك قىلدى، نەچچە مىڭ كىشى بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشتى.

خەلىفە ئال مەھرى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە (775 — 785) ئەمگەكچى خەلق كۆزىدىن كۆزگە خانىۋەيران بولغانلىقتىن غەزەپكە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن 8 — ئەسىرنىڭ 70 — يىللىرىدىكى پۈتكۈل ماۋرا ئۈننەھرى رايونىنى قاپلىغان ئاببىاسىلار سۇلالىسىغا قارشى كەڭ خەلق ھەرىكىتى قوزغالدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسى مۇغەننا بولۇپ، ئۇ مەرۋى رايونىدىكى بىر كاسىپ ئىدى. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ ئەسلىدە ئەبۇ مۇسلىمنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سەركەردە بولۇپ، ئۆمەييە سۇلالىسىنىڭ خەلىپىلىرىگە قارشى ھەرىكەتكە قاتناشقان ئىدى. قىياس قىلىشقا بولىدىغان ئاساس بويىچە، ئۇنى مازداكچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان، شۇڭلاشقا بۇ خىل ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مۇغەننا ئېلىپ بارغان تەشۋىقاتتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ۋالىي ئۇنى قولغا ئالدى، ھەم ئۇنى دۆلەتتىكى ئاساسىي جىنايەتچى دەپ قاراپ، خەلىفىلىك-

نىڭ مەركىزى باغداتقا ئاپىرىپ سوراق قىلدى. لېكىن
مۇغەننا باغدات تۈرمىسىدىن قېچىپ چىقىپ،
ئامال تېپىپ مەرۋىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ مەرۋىدە
ئۆزىنىڭ ھىمايىچىلىرىنى يىغىپ 776 - يىلى ئۇلارنى
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ئەۋەتىپ، چەتتىن كەلگەن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.
بۇنىڭ چاقىرىقى ناساپە (ھازىرقى كارىش ئەتراپىدا)
ۋە قېش (شەھرى سەبز) ھەممە ئاشۇ ۋاقىتتىكى سوغدىلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە ئەڭ كەڭ
ئاۋاز قوشۇشقا ئېرىشتى.

خەلىفە قوشۇنلىرى مۇغەننانى تۇتۇشنى جىددىيلەشتۈردى، ئۇلار كۆپلىگەن قوراللىق ئاتلىق قوشۇننى
ئامۇ دەريا قىرغىقىغا ئەۋەتىپ، كېچە - كۈندۈز كۆزەت
قىلىپ مۇغەننانىڭ مەرۋىدىن سوغدىيانىغا
بېرىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. چۈنكى مۇغەننانىڭ ھىمايە قىلغۇچىلىرى سوغدىيانادا كۈندىن كۈنگە كۆپەيگەن ئىدى. يەرلىك ھۆكۈمرانلار مۇغەننانىڭ ماۋرا
ئۇننەھرى رايونىغا كىرىشكە يول قويۇلسا، ئەھۋالنىڭ
ئۆزگىرىپ ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىدىغانلىقىنى ناھايىتى
ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇغەننا يەنىلا نەچچە ئون ھىمايىچىلىرى بىلەن بىرگە مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا ئامۇ دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سوغدىيانىغا يوشۇرۇنۇۋالدى.

بۇ چاغدا، خۇددى نارشاخ بايان قىلغاندەك:
«سوغدىيانادىكى زور كۆپسانلىق كەنتلەر مۇغەنناغا ئېتى-

قاد قىلىشقا يۈزلەندى. بۇخارا يېزىلىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر دىنسىزلارغا ئايلاندى. ئۇلاردىن (ئىسلام) غا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكالىدى. توپىلاڭنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى زور كۆلەمدە بولدى. ئىسلام دىنىي مۇرىتلىرى ئېغىر بالايى ئاپەتكە ئۇچرىدى.»①

نارشاخ مۇقەننا ھەرىكىتىگە باھا بەرگەندە قوزغىلاڭچىلارنىڭ داھىيسىغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى ئاشكارا ئىپادىلىدى. مۇقەنناغا تۇتقان بۇخىل پوزىتسىيە بارلىق فېئودال تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. نارشاخ ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئاشۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىدى. بۇ يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر خەلقنىڭ تەرەپكە ئۆتۈپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەرەب ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى.

مۇقەننا تەلىماتىنىڭ مال - مۈلۈك جەھەتلەردىكى باراۋەرسىزلىكنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەم ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئاممىنىڭ مۇقەننا تەلىماتىنى قوبۇل قىلىشقا نىسبەتەن ئاساسىي سەۋەب بولغان ئىدى.

مۇقەننا ھەرىكىتى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ ھەم ئاشكارا قوزغىلاڭغا ئايلىنىپ، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتكۈل ماۋرا ئۇننەھرى رايونىنى قاپلىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ چوڭ بارىگاھى بۇخارا ئەترا-

① «نارشاخ» دېگەن كىتابنىڭ رۇسچە نەشرى 65 - بەتتىن ئېلىندى

پىدىكى نارشاخ كەنتىگە قورۇلدى. بۇخارانىڭ ھاكىم بېگى ھۇسەيىن ئىبنى مۇئاز ئاساسەن ئەرەبلەردىن تەشكىللەنگەن قوشۇننى توپلاپ، بۇخارا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ئاتلاندى. 776 ــ يىلى 4 ــ ئايدا نارشاخ كەنتىدە ئەرەب قوشۇنلىرى مۇغەننانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ 700 ئادىمى ھالاك بولغاندىن كېيىن تارمار بولدى. لېكىن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ غەلىبىسى تۈپكى جەھەتتىن ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئۇزاق ئۆتمەي، قوزغىلاڭچىلار بۇخارا ئەتراپىنى قايتىدىن ئىگىلىۋالدى.

خەلىفە ئال ماھدى قوزغىلاڭنىڭ يېڭىدىن كېڭىيىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىراشلىق بىلەن باغداتتىن نىشاپورغا كېلىپ، مۇغەننا ھەرىكىتىگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللاندى. ئۇ خوراسان ئەمىرىنىڭ بۇخارا ھاكىم بېگىگە ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتىشنى بۇيرۇق قىلدى.

خوراساندىن ئەۋەتىلگەن ئەرەب ياردەمچى قوشۇنىنى جەبرائىل ئىبنى ئەشھا باشلاپ كەلدى. ئۇلار نارشاخنى ئۇزاق مۇددەت قورشىدى. لېكىن زادى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، جەبرائىلنىڭ قوشۇنلىرىنى قاتتىق ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئەگەر يېڭىدىن ئەسكىرىي كۈچ قوشۇلمىغان بولسا ئىدى، بۇ قوشۇننىڭ داۋاملىق ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى،

بۇ ۋاقىتتا بەلختىن 7000 نەپەر خەلىفە ئەسكىرى كەلدى. لېكىن بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىرى قوزغىلاڭ-چىلارنىڭ غەلىبە قىلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا خوراسانىدىكى ئەمىرنىڭ زاپاس قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭسانى خەلىفە ماۋرا ئۇننەھرى رايونىغا ئەۋەتكەن جەمئىي قوشۇندىن بىر ھەسسە ئېشىپ كەتتى. لېكىن بۇمۇ كار قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرەب قوشۇنلىرى ماۋ-را ئۇننەھرى رايونىغا كېلىۋاتقاندا، قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. جەبرائىل ئىبنى ئەشها قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بەلخ بىلەن مەرۋى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش يولى ئۈزۈۋېتىلدى. جەبرائىل ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق قوشۇن ۋە قورال - ياراغلارنى نارشاخ تەرەپ-كە قاراتتى. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى نارشاخقا توپلانغان ئىدى. ئەرەب قو-شۇنلىرى نارشاخنى تۆت ئاي قورشاپ ھېچقانداق نە-تىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئارقا - ئارقىدىن بولغان ئۈز-لۈكسىز توقۇنۇش ھەر ئىككى تەرەپنى قاتتىق ھالسىز-لاندۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى باشلاندى.

سۈلھى تۈزۈش ۋاقتىدا، ئەرەب سەركەردىلىرى ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر نەپەر رەھبىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ھەرىكىتىنى رەھبەرسىز قالدۇرۇشنى خام خىيال قىلدى. لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن

چىقماي، بۇ زىيانكەشلىك ۋەقەسى قوزغىلاڭچى قوشۇن-نىڭ قارشىلىق كۆچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئېيتىلىشىچە: ئاخىرىدا قوزغىلاڭ-چىلار نارشاختا مەغلۇپ بولدى، لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى قوزغىلاڭ كۆپلىگەن يېڭى رايونلاردا كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى. كۈرەشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

ئەگەر كۈرەشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مۇقەننا ھەر-رىكىتى بىر قىسىم سوغدى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئىككىنچى باسقۇچتا بۇ ئاق-سۆڭەكلەر ھەرىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدىن قورقۇپ، ھەممىسى خەلىپىلىككە تەسلىم بولدى دېيىشكە بولىدۇ. كەڭ سوغ-دى دېھقانلىرى قاتلىمى يەنىلا ناھايىتى كەڭ كۆ-لەمدە ھەرىكەتلەرگە داۋاملىق قاتناشتى. «ئاق كىيىم-لىكلەر» (مۇقەننانىڭ ھىمايىچىلىرى) ماۋرائۇننەھرى رايونىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى، لېكىن «ئەنسەنۋى ئېتىقادچىلارنىڭ چارىبېغى» (بۇ ماۋرا ئۇننەھرى ۋە خو-راساننىڭ چىرايلىق ئاتىلىشى ئىدى) مۇ ئەرەب خەلى-پىلىكىدىن مۇستەقىل ئايرىلىپ چىققان چېگرا رايونىغا ئايلاندى.

خەلىپە ئەلياھىت خوراساننىڭ ۋالىيسىنى قوزغى-لاڭنى باستۇرۇشتا ئىقتىدارسىزلىق قىلدى دەپ ئەيىب-لەپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، مۇئاز ئىبنى مۇس-لىمنى خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. 777 - يىلى مۇئاز بۇخارا ۋە مەرۋى ئوتتۇرىسىدىكى رايونلاردا زور

تۆركۈمدە قوشۇن توپلاپ، ئەرەب قوشۇنلىرىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن قوزغىلاڭچىلار ئىگىلىۋالغان سەمەرقەند ئەتراپىدا ناھايىتى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇئازنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشى گەرچە يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شەرمەندىلەرچە پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. قوزغىلاڭچىلار بايكەنت ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكتە مۇئازنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇلارغا ئارقا - ئارقىدىن ئەجەللىك زەربە بەردى. شۇڭلاشقا مۇئاز سەمەرقەندكە داۋاملىق يۈرۈش قىلالماي بۇخارا تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر بولدى.

پەقەت ياندۇرۇقى يىلىلا، خەلىپىنىڭ قوشۇنلىرى سەمەرقەندنى ئىگىلەپ ئالالىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇچىنچى باسقۇچ باشلاندى، يەنى ئاخىرقى باسقۇچلۇق كۈرەش باشلاندى.

بۇ ۋاقىتتا، قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئاساسىي كۈچى چاچ ئەتراپىدىكى سانام تاغلىق رايوندىكى قورغانغا توپلاندى. مۇئاز بۇ قورغاننى قورشىدى، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي قورشاۋنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەرەب تارىخشۇناسلىرى بۇ چېكىنىشنىڭ سەۋەبىنى قىش كېلىپ قالغانلىقتىن بولغان دەپ ھۆكۈم قىلغان. لېكىن ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇئازنىڭ قوشۇنلىرى مۇغەننىنا تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەنلىكى راست بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قىياسنى ئىسپاتلاشنىڭ ئاساسى شۇكى؛ خەلىفە مۇئازنى خوراساننىڭ ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇپ

يېڭىدىن ۋالىي تەيىنلىگەن.

خۇددى نارشاخ ئېيتقاندەك: مۇئاز ئىبنى مۇسلىم مۇغەننىغا قارشى توپتوغرا ئىككى يىل جەڭ قىلدى. خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇسەييەب ئىبنى زوھايىرمۇ كۆپ يىل سەرپ قىلىپ مۇغەننىنا بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى. مۇسەييەب ئۆزىنىڭ ھەربىي قورال - ياراق ۋە قوشۇن سانى جەھەتتىكى زور ئۈستۈنلۈكىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك جاپالىق كۈرەش ئارقىلىقلا مۇغەننىنا رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ قارشىلىقىنى تارمار قىلدى. 783 - يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى مۇغەننىنا تۇرۇشلۇق قورغاننى ئالدى. قورغاننى قوغداۋاتقان بارلىق كىشىلەر ئۆلتۈرۈلدى. مۇغەننىنا كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان قۇللاردارلارغا باش ئېگىشنى خالىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. لېكىن ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا «ئاق كىيىملىكلەر» نىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرى ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇردى.

ماۋرا ئۇننەھرى رايونىدىكى ئاھالىلەر بىلەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى جەڭ قىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئەرەب خەلىپىلىكى شۇ چاغدىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. خەلق ئاممىسى مۇغەننانىڭ بايرىقى ئاستىدا جەڭنى بىر قانچە يىل داۋاملاشتۇردى. بۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ باتۇر ۋە ھۆرىيەتپەرۋەرلىكىنىڭ بىر روشەن دەلىلىدۇر.

ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ كۈرەشلەر مۇغەننانىڭ ئىق-تىدارلىق سەركەردە ۋە داھىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ خەلقنى چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە يەرلىك زالىم-لارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

ئاخىردا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: ئاب-باسىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى بىلەن ئۈمەييە سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوزغىلاڭلارنىڭ پەرقى بار. ئالدىنقى باسقۇچتا قوزغىلاڭنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولسا چەتتىن كەلگەن ئەرەب ئىستىلاچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئىدى، ھەم بۇ قوزغىلاڭغا ئادەتتە يەرلىك ئاق-سۆڭەكلەر رەھبەرلىك قىلدى. كېيىنكى باسقۇچتا خەلق قوزغىلاڭلىرى يالغۇز ئاببىاسىلار سۇلالىسىغا قارشى تۇ-رۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاببىاسىلار سۇلالىسىنى قوللىغان يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ قارشى تۇردى.

مۇغەننا ھەرىكىتى ئاھالىلەر ئىچىدىكى ئەمگەكچى قاتلامنىڭ ھەرىكىتى، ئالدى بىلەن دېھقانلار نىڭ ھە-رىكىتى بولۇپ، بۇلارنىڭ مەقسىتى كېيىندىن كۆڭگە راۋاج-لىنىۋاتقان فېئوداللارنىڭ قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا مۇغەننا قوزغىلىڭى ئوتتۇرا ئاسىيا مىل-لەتلىرى تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. قوزغىلاڭ مەغ-لۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇپ، ھۆرىيەتپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇردى ھەمدە فېئودالارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىسىنى كۆچەيتىش غەرىزىنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلىدى.

بۇكىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1985 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1985 - يىلى 8 - ئاي 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据中国社会科学出版社1985年8月第1版，第1次印刷版本翻译出版。